مەملىكەت بويىچە 100 نوقتىلىق ژۇرنال
مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار تىزىمىگە كىرگەن ژۇرنال
شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال

HERITAGE UIGHUR FOLK LITERATURE



美拉斯

# مىراس

3
2003

ISSN 1004-3829
06>
9 771004 382027

ئارمان شان- شەرپى

Arman 阿尔曼

# ئارمان

## ISO-9001

## خەلقئارالىق سۈپەت تەكشۈرۈش ئۆتكىلىدىن ئۆتتى



ئارمان شىركىتى ۋە ئارمان يۈرۈشلۈك مەھسۇلاتلىرى

- ISO-9001 خەلقئارالىق سۈپەت تەكشۈرۈش ئۆتكىلىدىن ئۆتكەن شىركەت
- جۇڭگو يېشىل يېمەكلىك تەرەققىيات مەركىزى تەكشۈرۈپ بېكىتكەن مەھسۇلات
- شىنجاڭنىڭ داڭلىق تاۋار ماركىسى
- ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈشتىكى باشلامچى كارخانا
- ئاپتونوم رايونلۇق سۈپەت تەكشۈرۈش ئىدارىسى سۈپىتىنى بېكىتكەن مەھسۇلات
- ئاپتونوم رايونلۇق ئىستېمالچىلار جەمئىيىتى تەۋسىيە قىلغان مەھسۇلات

# مىراس

قوش ئايلىق ژۇرنال 2003 ـ يىل 3 ـ سان

## گۈزەللىك ئوندۇر، توققۇزى توندۇر


ھازىرقى زامان كىيىنىش ئادەتلىرىمىزدىكى بەزى نۇقسانلار ............

............ **ئابدۇشۈكۈر كېرەم كۆك 1**


## ھەر گۈلنىڭ پۇرىقى باشقا


بۇرۇنقى زامانىنىڭ ئاجايىپ ئادەملىرى ...... **مەمتىمىن ھوشۇر** تەرجىمىسى **5**

ئاجايىپ سىناق ............ **داۋۇت ئادىل 11**

توشقانىنىڭ كۆزى نېمىشقا قىزىل ............ **12**

ئاقىل پۇلدارنىڭ ۋەسىيىتى ............ **26**

ئەجدىھا ئېتىقادچىلىقى ............ **29**

ۋەسىيەتنامە ............ **44**

تۈلكە بىلەن قاغىنىڭ دەتالىشى ............ **46**

كېنىيىلىكلەرنىڭ «ۋۇجۇدىنى پاكلاش» مۇراسىمى ............ **56**

يەنە شۇ قانۇن ئۈچۈن ھەق گەپ قىلايلى ............

............ **توختى باقى ئارتىشى** تەرجىمىسى **70**

خىزمەتچى تالالاش ............ **53**


## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى


قىيادىكى ئۇۋۇچىنىڭ نالە ـ زارى ............ **چ. ئايتماتوف، م.چاقانوۋق 13**






**(ئومۇمىي 77 ـ سان)**

باش مۇھەررىر:

**يۈسۈپ ئىسھاق**

تەھرىرات باشلىقى:

**بەختىيار باھاۋۇدۇن**

جاۋابكار مۇھەررىرى:

**نۇرنىسا باقى**

«مىراس» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى. ش ئۇ ئا ر خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى نەشر قىلدى.

«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ.

جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65 – 1130 / 1

خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004 – 3829

ۋاكالەت نومۇرى: 60 ـ 58

باھاسى: 4.00 يۈەن

ئون ئىككى مۇقامنىڭ مىللىي خاسلىقى ............. ئىمىن تۇرسۇن 34

نۇتۇقنىڭ كۈچ قۇدرىتى ............................ ئاينۇر سابىت 75

تىللا دەرىخى ............................ بەختىيار باھاۋۇدۇن 73

ئايدىڭ كېچىلەر

يارىم قارا كۆز ............................ روزى سايىت 27

مەنىۋىيەت يۇلتۇزى

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىناس دوستى - گۈننار ياررىڭ... مۇناجىدىن مۇنۇر 30

كۆلكە جان ئوزۇقى

يۇمۇرلار ............................................ 42

ئەبۇنۇۋەس لەتىپىلىرى ............................ 47

يۇرۇنىڭ يۇرۇنىسىدا

ئاجايىبۇل مەخلۇقات ۋە غارايىبۇل مەۋجۇدات ............ 59

كەچمىش - كەچۈرمىشلەر

ھېكايەت تەييارلىغۇچى: ھاكىم مۇسا ............................ 55

ھېكايەت تەييارلىغۇچى: نىياز كېرىمى ............................ 77

ساقلىنىڭ - شاھلىنىڭ

ساغلاملىق بىباھا ............................................ 68

تەبىئەت ئانا

ئۇ ھەممىمىزنىڭ گۈزەل ئانىسى ............ سەلىمە . ئا. كامال 60

شەيتان بەت ............................ تۇرسۇن مۇھەممەد ساۋۇت 78


## مۇشتەرى بولۇڭ

ژۇرنىلىمىزغا ھەر قايسى جايلاردىكى پوچتىخانىلار ۋە تەھرىر بۆلۈمىمىز ئارقىلىق ھەرقانداق چاغدا مۇشتەرى بولغىلى بولىدۇ.

## ئەسەر ئەۋەتىڭ

ئادرېسىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 22- نومۇر. بۆلۈمىمىزگە ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەر قايتۇرۇلمايدۇ. ئادرېسىڭىزنى، كىملىك نومۇرىڭىزنى ئەسەر كەينىگە قوشۇپ يېزىشنى ئۇنۇتماڭ.

## قەدەم تەشرىپ قىلىڭ

ئورنىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 22 - نومۇر (ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 14 - قەۋىتىدە)


تېلېفون: 4554017 — 0991
پوچتا نومۇرى: 830001



编辑: « 美拉斯 » 编辑部 出版: 新疆维吾尔自治区民间文艺家协会 (乌市友好南路 22 号文联 14 层) 电话: 4554017 印刷: 新疆日报社印务中心 发行: 乌鲁木齐邮局 订阅: 全国各地邮局 国内统一刊号: CN65－1130/I 国外统一刊号: ISSN1004－3829 邮编: 830001 代号: 58－60 定价: 4.00元


«مىراس» ژۇرنىلىدىكى مۇھەررىرلەر ئوقۇرمەنلەرگە قىزغىن سالام يوللايدۇ!



# ھازىرقى زامان كىيىنىش ئادەتلىرىمىزدىكى بەزى نۇقسانلار

ئابدۇشۈكۈر كېرەم كۆك



گۈزەللىكنى سۆيۈش، گۈزەللىككە تەلپۈنۈش ئىنسان-
نىڭ تۇغما خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، گۈزەللىكنى
سۆيمەيدىغان ئىنسان بولمىسا كېرەك. تەبىئەت دۇنياسى-
دىكى بارلىق شەيئىلەردىن تارتىپ، تەبىئەتنىڭ ئالىي مې-
ۋىسى بولمىش ئىنسانىنىڭ يارىلىشىغىچە تولىمۇ يېتۈك
بولغان گۈزەللىك قانۇنىيىتى بويىچە يارىتىلغان. تەبىئەت
ئىنسانلارنىڭ تۇنجى ئۇستازى. ئىنسانلارنىڭ بارلىق بى-
لىملىرىنىڭ ئاساسى تەبىئەتتىن كېلىدۇ. شۇڭا ئىنسانلار
تەبىئەت بىلەن ئىنسانلارنىڭ مۇنا-
سىۋىتىنى ياخشى بىلىشى، چۈشىنى-
شى زۆرۈردۇر.

ئەگەر بىز تەبىئەت دۇنياسىغا
نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇنىڭ
گۈزەللىكنىڭ مەلۇم قانۇنىيەتكە
ئىگە ئىكەنلىكىنى، تەبىئەت دۇنيا-
سىدا پۈتۈنلەي ئوخشاش ئاۋاز،
ئوخشاش چىراي، ئوخشاش شە-
كىل، ئوخشاش رەڭ تۈسى، تەكرار
سىزىق ۋە چەكسىز ئۇزۇن سىزىق-
لارنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى
ھېس قىلالايمىز.

مۇبادا بىز گۈزەل سەنئەت
پېشۋالىرىنىڭ شەكىل گۈزەللىكى
ھەققىدىكى تارىخىي خاتىرىلىرىنى
ۋاراقلاپ كۆرسەك، رەسساملىق،
بىناكارلىق، ھۈنەرۋەنچىلىك، ھەي-
كەلتىراشلىق قاتارلىق سەنئەت
تۈرلىرىدە قىممەتلىك تارىخىي خا-
تىرىلىرىنى قالدۇرغانلىقىنى، ھەرقايسى دەۋرلەردە ئوخ-
شاشمىغان دىنلارنىڭ تەسىرىدە گۈزەللىك ئۇقۇمىدا ئۆز-
گىرىش بولغان بولسىمۇ، ئەمما، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ
گۈزەللىك قانۇنىيىتىدىن چەتنەپ كېتەلمىگەنلىكىنى بايقى-
يالايمىز ھەم ئۇلارنىڭ دەۋرگە، مىللەتكە خاس گۈزەللىك
ئۇقۇملىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ شەكىل جەھەتتە دەلىللەپ
بەرگەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرى بۇددا دىنى دەۋرىدە ئادەم
بەدەن گۈزەللىكىنى ئاناتومىيىلىك
سىزىقلار ئارقىلىق ئىپادە قىلىشنى
گۈزەللىك دەپ قارىغان بولسا،
ئىسلام دىنى قوبۇل قىلىنغاندىن
كېيىن، بارا ـ بارا بۇخىل ئىپادى-
لەشنى ئەخلاقسىزلىق دەپ قاراي-
دىغان بولدى. ئەمما، بەدەن گۈ-
زەللىكىنى ئىپادە قىلىشتىن پۈتۈن-
لەي ۋاز كېچىپمۇ كېتەلمىدى.



ئىسلام دىنى قوبۇل قىلىنغان-
دىن كېيىن ئادەم رەسىمىنى سى-
زىش چەكلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما،
ئادەم بەدەن گۈزەللىكىنى ئىپادە
قىلىش كىيىم ـ كېچەك سەنئىتىدە
ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. ئۇيغۇرلار-
نىڭ گۈزەللىك قاراشلىرى بەزىدە
دىنلارنىڭ، بەزىدە سىرتقى مەدە-
نىيەتنىڭ، بەزىدە يات مىللەتلەر-
نىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تۇردى.
بولۇپمۇ 1966 ـ يىلى چىققان ئا-

تالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن ئىبارەت تەتۈر
قۇيۇننىڭ تەسىرىدە دۆلىتىمىزدىكى باشقا مىللەتلەرگە
ئوخشاشلا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ گۈزەللىك كۆز قارىشىدىمۇ
خېلى زور ئۆزگىرىش بولدى. يەنى كىشىلەردە كىيىم ـ
كېچەك سەنئىتىگە نىسبەتەن بىر قىسىم خاتا ئۇقۇملار
پەيدا بولۇپ، ھەممە كىشى ھەربىيچە كىيىم كىيىشنى، سۇر
جۇڭسەنفۇ كىيىشنى، يېڭى كىيىملەرنىڭ جەينەك ـ تىزلى-
رىغا ياماق سېلىپ كىيىشنى گۈزەللىك دەپ تونۇدى.
ئۇيغۇرلار كۆزنى چاقنىتىدىغان گۈزەل رەڭدار كىيىملە-
رنى سېلىۋېتىپ، رەڭسىز سىدام رەختلەردىن قىسقا، تۈز
كىيىم كىيىدىغان بولدى. يارىشىملىق دوپپىلىرىنى تاشلى-
دى، ئۈزۈن سۇمبۇل چاچلىرىنى كەستى، زىبۇ زىننەتلى-
رىنى فېئودالىزمنىڭ كونا نەرسىلىرى، دەپ يىراق تاشلى-
دى.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ خاسىيىتىدىن ئۆز ئېسىنى
تاپقان ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ مىللىي كىيىملىرىنىڭ ناھا-
يىتى يارىشىملىق گۈزەل كىيىملەر ئىكەنلىكىنى ھېس قىل-
غان بولسىمۇ، بىر مەزگىل ئايرىلىپ ياتلىشىپ قالغان كى-
يىم ـ كېچەكلىرىنى قايتىدىن كىيىشكە خىجىل بولىدىغان،
كىيسىمۇ قانداقتۇر بىر جايلىرى قولاشمايۋاتقاندەك تۇ-
يۇلىدىغان بولۇپ قالدى. بۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىسى
دوپپا كىيىشتە كۆرۈلمەكتە.

## دوپپا كىيىشتىكى نۇقسانلار

دوپپىنىڭ ئىجاد قىلىنىشىدىن تارتىپ، دوپپىنى قانداق
تىكىش، نەقىشلەرنى قانداق قوندۇرۇش، دوپپىنى قانداق
كىيىشكىچە ئۆزگىچە بىر گۈزەل مىللىي سەنئەت.

بۇ سەنئەتتە ئۇيغۇرلارغىلا خاس بىر قەدىمىي ئە-
قىل ـ پاراسەت پارلاپ تۇرىدۇ.

بادام دوپپا. بادام — ئۇيغۇر شىپالىق دورىلىرى ئى-
چىدە 40 نەچچە
خىل كېسەلگە شىپا
بولىدۇ، دەپ ئې-
تىلغان. شۇڭا ئۇي-
غۇرلار بادامنى ئە-
تىۋارلاپ دوپپىسىغا
نەقىش قىلىپ چې-
كىۋالىدۇ. بادام
دوپپىنىڭ جىيەك



(خاتاسى)

قىسمىغا تەكرار يې-
رىم يۇملاق نە-
قىش، تۆت تەرەپكە
تۆت تال بادام، با-
دامنىڭ قورساق
تەرىپىگە چاپلاشقان
ئىككى تال كىچىك
يېرىم يۇملاق نە-
قىش چىقىرىلىدۇ.



(توغرىسى)

ئاقساقاللارنىڭ ئېيتىشىچە، جىيەك نەقشى قەبرىنى، با-
دامنىڭ قورساق تەرىپىدىكى نەقىش ھامىلىنى كۆرسىتىدۇ.
بۇ ئادەم تۇغۇلىدۇ، ئۆلىدۇ، دېگەن مەنىنى بېرىدۇ.

چىمەن دوپپا. چىمەن دوپپىنىڭ كۆپىنچە ھالدا تېگى
رەڭگى يېشىل، نەقشى سۇس كۆكۈچ رەڭلىك مايسا
شەكلىدە بولىدۇ. بۇ كۆكلەش مەنىسىدە بولۇپ، ھاياتنىڭ
كۆكلىشىگە سىمۋول قىلىنغان. بۇنىڭدىن باشقا نۇسخى-
لاردىكى دوپپىلارنىڭمۇ ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىس-
مى، مەنىسى ھەم ئۇنى قانداق كىيىش قائىدىسى بار. بىر
مەزگىل يىتتۈرۈپ قويغان دوپپىمىزنى ئەمدى تاپقىنى-
مىزدا، نۇرغۇن كىشىلىرىمىزدە دوپپا كىيىشكە نىسبەتەن
خاتا ئۇقۇم پەيدا بولدى. بولۇپمۇ زىيالىيلىرىمىزدا بۇ
ئەھۋال كۆرۈنەرلىك، قانداقتۇر دوپپىنىڭ ئىككى قىرىنى
ئىككى چېكىگە توغرا كەلتۈرۈپ كىيسە، دېھقان چىراي
بولۇپ قالىدىغاندەك ھېس قىلىشىپ، دوپپىنىڭ بىر قىرىنى
قاڭشىرىغا ئۇدۇللاپ كىيدى ۋە ئۇنى زىيالىي دوپپىسى
دەۋالدى. بىراق، بۇنداق كىيىلگەن دوپپا ئۇدۇلدىن، ياندى-
دىن، ئارقىدىن كۆرسىمۇ ئوخشاش نىسبەتتە كۆرۈنگەچكە،
دوپپا ياپىلاق كۆرۈنۈپ، ئۆز ئوبرازىغا تەسىر كۆرسىتى-
دىغانلىقىنى ھېس قىلالمىدى. دوپپا كىيىشنىڭ توغرا ئۇ-
سۇلى: ئالدى تەرەپتىن قارىغاندا بىر بەت تولۇق، ئىككى
يان بەتنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى كۆرۈنۈشى كېرەك، ئېگىز
بۇرۇنغا قارشى تۈز سىزىق بېرىلسە توغرا بولىدۇ. دوپ-
پىنى شۇنداق كىيگەندە ئۇيغۇر ئوبرازىدىكى ئالاھىدى-
لىكنى ئېنىق، روشەن كۆرگىلى بولىدۇ. ئەگەر بۇ ئۇقۇمغا
گۇمانىڭىز بولسا، قەشقەر بادام دوپپىسىنى كۆزىتىڭ، بۇ
دوپپىنىڭ بىر قىرىغا پۆپۈك چىقىرىلغان بولۇپ، بۇ پۆ-
پۈكنى چېكىگە كەلتۈرۈپ كىيىش بېكىتىلگەن.

ئۇيغۇر دوپپىسى، ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەكلىرى پەقەت

ئۇيغۇرلارغىلا خاس. ھازىر بىزنىڭ سەھنە ئەسەرلىرىمىز-
دە، كىنو ئەسەرلىرىمىزدە، رەسىملىرىمىزدە ئۇيغۇرلارنىڭ
باش كىيىمى يوقتەك تارىخىي شەخسلەرنىڭ ھەممىسىگىلا
سەللە چىگىپ قويىدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت. سەللە ـــ
ئۇيغۇرلارنىڭ خاس باش كىيىمى ئەمەس، ئۇ ئۇيغۇرلار
ئۇچۇن دىنىي بەلگىدىن ئىبارەت، خالاس. سەللە چىگىش
توغرا كەلسە، پەقەت دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىدىلا
سەللە چىگىش مۇۋاپىق بولسا كېرەك.

## ئاياللارنىڭ دوپپا كىيىش، ياغلىق سېلىشتىكى نۇقسانلار

ئاياللارنىڭ دوپپىسى ياشقا قاراپ ئۆزگىرىپ ماڭىدۇ.





تويى قىلمىغان
قىزلار چاچلىرىنى
ئۇششاق ئۆرۈپ
چىمەن دوپپا كىيە-
سە، ئۇيغۇر قىزلى-
رىغا خاس زىلۋا،
ئۇماق، جۇشقۇن
كۆرۈنىدۇ. تويى
قىلغاندىن كېيىن
دوپپىنىڭ ئالدىغا
ئالتۇن قاداق ياكى
باشقا زىننەت بۇ-
يۇمى قادايدۇ.
دوپپىنىڭ ئۈستىگە
زىننەت بۇيۇمنى
سىرتىغا چىقىرىپ،
ياغلىق سالىدۇ،
يۆگەيدۇ ياكى ئۇ-
زۇن سالىدۇ. دوپ-
پا، قاش (زىننەت)
بۇيۇمى، ياغلىق قوشۇلۇپ، ئۇ ئايال تېخىمۇ گۈزەللىشىپ
كېتىدۇ.

ئۇيغۇر ئاياللىرىدىمۇ بىر مەزگىل ياۋروپا ئاياللىرى-
نىڭ ياغلىق چىگىشى مودا بولدى. دوپپا كىيىپ ياغلىق
سالغان بىلەن دوپپا كىيمەي ياغلىق سالغاننىڭ پەرقىنى
ھېس قىلالمىدى. بىزنىڭ قىزلىرىمىز غەرب ئەللىرىنىڭ
چاچنى قىسقا ياساش مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىپ، سۇمبۇل
چاچلىرىنى كەستى، ھەتتا چاچلىرىنى ئوغۇل بالىلاردەك
ياسايدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇششاق ئۆرۈم
چاچلىرى، يارىشىملىق دوپپىلىرى بىلەن خوشلاشتى. بە-
زى قىزلار بولسا، بىلىپ ـ بىلمەي كەسمە چاچ ئۈستىگە
دوپپا كىيىۋالىدۇ. بىراق، بۇنداق دوپپا كىيىش ئۇيغۇر
قىزلىرىغا خاس ئەمەس.

## ئەر ـ ئاياللارنىڭ كىيىم كىيىشىدىكى نۇقسانلار

ئۇيغۇر ئاياللىرىدا كەشتىچىلىك ئومۇملاشقان بولۇپ،
ئۇلار چېۋەر قوللىرى بىلەن دوپپا، ياغلىق، چاپان، كۆڭ-
لەك، ئۆتۈك، ئاياغ، پايپاقلىرىغا كەشتە ئىشلەشكە باشى
ئىدى. ئۇلار ئۇزۇن مېھمانلىق كۆڭلەكلىرىنىڭ كۆپ قىسىم
جايلىرىغا ئانار، بادام ۋە گۈل ـ چېچەكلەرنىڭ رەسىمنى
چېكەتتى. ئۆي بېزەكلىرىدىن يوتقان ـ كۆرپە، ياستۇق،
ئويۇق پەردىلىرى، چاي خالتىسى، قول ياغلىق قاتارلىق-
لارغا كەشتىلەيتتى. ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، ئۇيغۇر ئا-
ياللىرى رەڭ تاللاشتا رەسساملاردىنمۇ يۇقىرى قابىلى-
يەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇلار ھەرقاچان، ھەر زامان ئۆزىگە
مۇناسىپ رەڭ ۋە كىيىم تاللاشقا ئۇستا. بەدەن گۈزەللى-
كىنى ئىپادە قىلىشتا، ئادەملەر بەدەن جەھەتتىن ئوخشى-
ماسلىق سەۋەبىدىن ئۇلار ئۆزىدىكى ئەيىبنى قانداق يې-
پىشنى بىلەتتى. مەسىلەن، چىراي تۈزۈلۈشگە قاراپ ياغ-
لىق چىگىش، بويىنى ئۇزۇن ياكى قىسقا بولسا، كۆڭلەك
ياكى چاپاننىڭ ياقىسى ئارقىلىق تەڭشەش، پۇتى قىسقا،
ئۈستى بەدەن ئۇزۇن بولسا، كۆكرەك پۈرمە، بەدەن مۇ-
ۋاپىق بولسا، بەل پۈرمە كۆڭلەك كىيىش، پاكار بولسا،
ئۇزۇن كىيىم كىيىش ئارقىلىق ئۆزىدىكى ئەيىبلەرنى يې-
پىپ، سەنتى گۈزەل كۆرستىشكە ماھىر ئىدى. ھازىر
ئۇيغۇرلاردىكى بۇ خاس گۈزەللىك ئۇقۇملىرى سۇسلى-
شىشقا يۈزلەندى. رەڭدار، جۇلالىق كىيىملەر يوقالدى،
رەڭلەر سۇسلاشتى، كىيىملەر ئارىلىشىپ قالايمىقان بولۇپ
كەتتى. ئۇزۇن مېھمانلىق كىيىملەر يوقىدى. ئەر ـ ئاياللار
تىز بىلەن تەڭ، تىز ئۈستىگىچە، بەزى قىزلار ئۆزىنىڭ
بەدىنى بىلەن ھېسابلاشماي زىيادە قىسقا يوپكىلارنى كى-
يىدىغان، ھېيت ـ بايراملىق كىيىملەر ئورنىغا قىسقا ئۆي
كىيىملىرىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىدىغان ئەھۋاللار كېلىپ چىق-
تى. ئەمەلىيەتتە ھەرقانداق ئەر ئېگىز بەستلىك كۆرۈنۈش-
نى، ئاياللار ئېگىز، زىلۋا كۆرۈنۈشنى خالايدۇ. ئەمما
كىيگەن كىيىملىرى ئۇلارنىڭ گۈزەللىك ئارزۇسىنى قان-
دۇرالمايدۇ. ئۇيغۇرلاردا ئەرلەر ئىچىگە كەشتىلەنگەن

كۆڭلەك، كۆڭلەك تېشىغا كەشتىلەنگەن يەكتەك، قىزىل، يېشىل، كۆك رەڭلىك پوتا بىلەن بەلنى باغلاپ، تېشىغا ئۇشۇق بىلەن تەڭ تون، كەڭرەك ئىشتان بىلەن ئۆتۈك كىيەتتى. ئاياللارمۇ ئۇشۇق بىلەن تەڭ ئۇزۇن كۆڭلەك كىيەتتى. بۇ خىل كىيىم كىيىش ئادەمنى ئېگىز كۆرسىتىپ، تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرەتتى. ھازىر ئادەتتە كىيىم كىيىشتىمۇ، سەھنە ئەسەرلىرىدىمۇ بەزى نۇقسانلار كۆرۈلۈۋاتىدۇ، بۇ ئەھۋال كىيىم كىيىشتە ياش پەرقى بولماسلىق، كوپتا، ئىشتان ئۇستىگە ئۇزۇن چاپان كىيگۈزۈپ قويۇش، قىزلارغا مومايلارنىڭ دوپپىلىرىنى كىيگۈزۈپ قويۇش قاتارلىقلاردا كۆرۈلۈۋاتىدۇ. بىراق، يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللار ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم كىيىش قائىدىسىگە خىلاپ.

زامانغا بېقىپ كىشىلەرنىڭ گۈزەللىك قارىشىدا ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولۇشى تەبىئىي. كونىدىن يېڭىنى يارىتىش، مىللىيلىك ئاساسىدا گۈزەللىك يارىتىش زاماننىڭ، دەۋرنىڭ تەققەزاسى. ئەمما يېڭىلىق يارىتىشتا گۈزەللىك قارىشىڭىز توغرا ۋە مەلۇم ئاساسقا ئىگە بولمىسا، مىللىيلىك بىلەن زامانىۋىلىق ياخشى بىرلەشتۈرۈلمىسە، ياراتقان «يېڭىلىق»ىڭىز پۇچەك نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

## ئاياللارنىڭ زىبۇزىننەت سېلىشىدىكى نۇقسانلار

ئاياللار زىبۇزىننەت بۇيۇملىرىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ مېدالىئون، زەنجىر ئېسىش، ھالقا، بۇلاپكا تاقاش، بىلەزۈك ۋە ئۈزۈك سېلىشلىرى قانداقتۇر بايلىق ساقلاش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى گۈزەللىك ئۈچۈندۇر.

ھازىر بەزى خانىم ـ قىزلىرىمىز ئۆزىنىڭ ياش قۇرامىغا باقماي زىننەت بۇيۇملىرى سېلىشنى ئارىلاشتۇرۇپ قويىدىغان ئەھۋاللار بار. مەسىلەن، بەزى ياش قىزلار ئۆزىنىڭ بايلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن گىرام سانى ئادەتتىن تاشقىرى كۆپ ھەم توم مېدالىئون، چوڭ ئاياللارنىڭكىدىن ئېشىپ، ئەرلەرنىڭ ئۈزۈكى بىلەن باراۋەر كېلىدىغان ئۈزۈك، چوڭ ئاياللار سالىدىغان بىلەزۈكلەرنى سېلىۋالىدۇ. بۇ ئۆزىنىڭ ياش قۇرامىغا توغرا كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلار چاكىنا كۆرۈنۈپ قالىدۇ. شۇڭا قىز ـ ئاياللار زىبۇزىننەت سالغاندا ئۆزىنىڭ يېشىغا ماسلاشتۇرۇشى لازىم.

بىزنىڭ بەزى قىزلىرىمىز ئۈزۈكنى كۆرسەتكۈچ بارماق، ئوتتۇرا بارماققا سالىدۇ، بۇ ئۈزۈك سېلىش قائىدىسىگە ئۇيغۇن ئەمەس. ئەگەر كۆرسەتكۈچ بارماققا ئۈزۈك سالسا غەلىتە، ئوتتۇرا بارماققا ئۈزۈك سالسا، ياغاچقا ئۈزۈك سالغاندەك كۆرۈنىدۇ. ئوتتۇرا سىزىق، ئوتتۇرا نۇقتىلارغا توغرا كېلىپ قالغان نەرسىلەر كىشىلەرگە گۈزەللىك تۇيغۇسى بېرەلمەيدۇ. شۇڭا ئۈزۈكنى نامسىز بارماقتىن ئاشسا، ئوتتۇرا بارماققا سېلىشقا بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ئىككى ئۈزۈك بىرلىشىپ قولنىڭ ئوتتۇرا سىزىقىدىن قاچىدۇ. شۇڭا مۇنداق سېلىنغان ئۈزۈك كىشىلەرگە گۈزەللىك تۇيغۇسى بېرەلەيدۇ. يەنە نامسىز بارماق بىلەن چەپ بارماققا ئۈزۈك سېلىشمۇ مۇۋاپىق ئەمەس. چۈنكى بۇ ئىككى بارماققا ئۈزۈك سالسا، قولنىڭ تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلۇپ، بىر تەرەپكە ئېغىپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۈزۈك سالغاندا جايىنى تېپىپ سېلىش، ياش قۇرامىغا قاراپ زىبۇزىننەت بۇيۇملىرى سېلىش لازىم. ياش بولسىڭىز ئىنچىكە باغلىق، چوڭ بولسىڭىز تومراقىنى سېلىڭ، سالغاندا جايىنى تېپىپ سېلىڭ، بولمىسا ئوبرازىڭىزغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.



بىلەزۈك (بىلەك ئۈزۈك)نىڭ ئۆز نامى بويىچە ئېيتقاندا، بىلەزۈكنى بېغىشقا ئەمەس، بىلەككە سېلىش لازىم. بىلەزۈك بىلەككە سېلىنسا، جەينەكتىن بېغىشقىچە بولغان ئۇزۇن سىزىق كېسىلىپ نازۇكلۇق پەيدا بولىدۇ. ئەگەر بېغىشقا سېلىنسا، بىلەزۈك سالغاننىڭ ھېچ ئەھمىيىتى بولمايدۇ.

دېمەك، ئۇيغۇرلار ئەنئەنىۋى كىيىم ـ كېچەك ۋە زىبۇزىننەتلىرىنى ھازىرقى زامان ئېھتىياجى بويىچە تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىزدا، ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى، قائىدىسى ۋە بەدەن ئالاھىدىلىكىمىزگە بەكمۇ دىققەت قىلىشىمىز، مىللىي خاسلىقىمىزنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈشىمىز زۆرۈردۇر.

(ئاپتور: شىنجاڭ رەسساملار ئاكادېمىيىسىدىن)

مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن



# پۇرۇنقى زاماننىڭ ئاجايىپ ئادەملىرى

فېلىڭ جىسەي

## ھاراقكەش خوتۇن

قاۋاقخانىلارمۇ ئەھۋالىغا قاراپ، ھەر خىل دەرىجىگە بۆلۈنىدۇ، شۇشيەنجې كوچىسىدىكى قاۋاقنى ئارقىدىن سانىغاندا بىرىنچى دېسە بولىدۇ. بۇ قاۋاقنىڭ يا تارتىپ قويغان چىملىدىقى، يا ئاسقان ۋىۋىسكىسى يوق، قاۋاقنىڭ ئىچىدە ئولتۇرغىدەك ئورۇندۇقمۇ يوق. زاكۇسكا قىلىدىغانغا سەيمۇ ساتمايدۇ. پەقەت پەشتاختىغا تىكلەپ قويغان بىر ئىدىش ھاراقنىلا كۆرىسىز. بۇ يەرگە كىرىپ ھاراق ئىچىدىغانلارنىڭ ھەممىسى باشقىلارغا يالىنىپ ئىشلەش، ھارۋا سۆرەش دېگەندەك ئېغىر ئىشلارنى قىلىدىغان تۆۋەن قاتلامدىكى كىشىلەر ئىدى. بەزىلىرى، قولىدا بىرەر پارچە تۇزلانغان يېمەكلىكنى كۆتۈرۈپ، بەزىلىرى، يانچۇقىغا بىرەر سىقىم خاسىڭ دېگەندەك نەرسىلەرنى سېلىپ، ئىشىكتىن كىرىپلا، ئۈچ ـ تۆت سەر ھاراق بۇيرۇتىدۇ. ھاراقنى ئېلىپ، دېرىزە تەكچىسى ياكى تامغا يۆلىنىپ تۇرۇپ ئۆزى يالغۇز ئىچىشەتتى. قاۋاقتا ئادەم قىستا ـ قىستاڭ بولۇپ كەتكەن بولسا، ھاراق قۇيغان قاچىڭىزنى كۆتۈرۈپ تالاغا چىقىپ، ئىشىك ئالدىدىكى دەرەخكە يۆلىنىپ تۇرۇپ ئىچسىڭىزمۇ بولاتتى. ھارىقىڭىزنى دەرەخكە يۆلىنىپ تۇرۇپ، ئالدىرىماي، ئاز ـ ئازدىن يۇتسىڭىز، ۋاھ، بۇنىڭ پەيزىنى بىر دېمەڭ!

بۇ قاۋاقتا تاغ تارۇ (ياڭيۇغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل كۆكتات) سىنىڭ غولىدىن چىقارغان باھاسى ئەرزان، پۇرىقى قاڭسىق بىر خىللا ھاراق سېتىلاتتى. شۇشيەنجې كوچىسىنىڭ مۇشۇكلىرى بىرەر يەردە ئېزىپ قالغىدەك بولسىمۇ، ئاشۇ ھاراقنىڭ پۇرىقىنى پۇراپلا بۇ كوچىنى جەزمەن تېپىپ كېلەلەيتتى. بۇ ھاراقنى ئىشلىگەنلەر ئۇنىڭ پۇرىقى بىلەن كارى بولماي، كۈچلۈك بولۇشىغىلا ئېتىبار بەرسە كېرەك، ھاراقنى ئېغىزغا ئېلىپ غاچچىدە يۇتۇۋەتمىسىڭىز تىلىڭىزنى قورۇپ، ئۈچەي ـ باغرىڭىزنى كۆيدۈرۈۋېتەتتى. قورساققا كىرىشى بىلەنلا ۋاششىدە تۇتۇپ، كۆزىڭىزنى تورلاشتۇرۇپ، شۇ ھامان كەيىپ قىلاتتى. خۇددى چاغان كېچىسى ئاتقان پوجاڭزا شۇنداقلا ئوت يېقىپ قويسىڭىز ۋاڭڭىدە ئېتىلىپ، ھەممە يەرنى يورۇتىۋەتكەندەك پۈتۈن بەدىنىڭىزگە ئوت تۇتاشتۇرۇۋېتەتتى. شۇڭا بۇ ھاراقنى بەزىلەر «پوجاڭزا» دەپمۇ قوياتتى. ياخشى ھاراقنىڭ كەيپى شېرىن بولىدۇ، ئۇزاققىچە كەتمەيدۇ، باشقىمۇ چىقمايدۇ. بىراق، بىر كۈن تىرىكچىلىكنىڭ كويىدا ھەر تەرەپكە پالاقلاپ يۈرۈپ ھېرىپ ـ چارچاپ كەتكەن كەمبەغەل بىچارىلەر ئۈچۈن بۇ ھاراقمۇ بولاتتى. مەقسەت، پۇلنى ئاز خەجلەپ مەست بولۇۋېلىپ، ئازراق بولسىمۇ ئىچ پۇشۇقىدىن يېنىكلەپ، ئۆزىنى خۇش قىلىشقۇ!

مانا، ھاراقكەش خوتۇننى ئۆزىنى خۇش قىلىشقا ئەڭ ئامراق ئادەم دېسىڭىز بولىدۇ. ئۇ ھەركۈنى چۈشتىن



كېيىن، دەل ۋاقتىدا بۇ كىچىك قاۋاققا كىرىپ كېلەتتى. كىيىملىرى تىلەمچىنىڭكىدەك جۇل ـ جۇل، چاچلىرى پاخپىيىپ كەتكەن، چىرايىنىڭ خۇنى يوق بۇ خوتۇننىڭ ئەپت ـ بەشىرىسىنىڭ نېمىشقا شۇنداقلىقىنى، ئۇنىڭ ئىسىم فامىلىسىنىڭ نېمىلىكىنى ھېچكىم ئېيتىپ بېرەلمەيتتى. ئەمما، ئۇنىڭ بۇ قاۋاقتىكى بىرىنچى نومۇرلۇق ھاراقكەشلىكىنى ھەممەيلەن بىلەتتى، ئۇنى ھۆرمەتلەپ، ھاراقكەش خوتۇنلا دېيىشەتتى. ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا قويندىن تۆت چاسا قاتلانغان لاتا تۈگۈنچەكنى چىقىراتتى. تۈگۈنچەكنىڭ تېشىدىكى بىر قەۋەت لاتىنى ئاچسا، ئۇنىڭ ئىچىدىن يەنە بىر قەۋەت گېزىت قەغىزى چىقاتتى، گېزىت قەغىزى بەزىدە يېڭى، بەزىدە كونا بولاتتى. گېزىت قەغىزنى ئاچقاندا يەنە بىر قەۋەت يۇمشاق، نېپىز قەغەز تۈگۈنچەك چىقاتتى. بۇنىمۇ ئاچقاندا ئارىسىدىن ئىككى موچەن پۇل چىقاتتى. ھاراقكەش خوتۇن پۇلنى ئېلىپ پەشتاختا ئۈستىگە تاشلايتتى، خوجايىن ئۇنىڭغا يېرىم قاچىدىن جىقاراق ھاراق قۇيۇپ سۇنۇپ بېرەتتى. ئۇ قاچىنى قولىغا ئالاتتى ـ دە، بېشىنى ئارقىسىغا قىلىپ بىرلا كۆتۈرۈپ ئىچىۋېتەتتى. ھاراق ئۇنىڭ قورسىقىغا خۇددى ھاراقنى ھاراق تۇڭىغا تۆككەندەك بولدۇقلاپ كىرىپ كېتەتتى. ئاندىن ئۇ بوسۇغىدىن ئاتلاپ چىقىپلا، يەرگە ئەگرى ـ بۈگرى ئىز قالدۇرۇپ مېڭىپ كېتەتتى.

ھاراقكەش خوتۇن ئىككى تەرەپكە دەلدەڭشىپ، شىمالغا قاراپ يۈز قەدەمچە ماڭغاندا، تۆت كوچىنىڭ ئاغزىغا يېتىپ باراتتى. بۇ يەر، ئات ـ ھارۋىلار ئۇياق ـ بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان، تولا ھادىسە چىقىدىغان بىر جاي ئىدى. لېكىن سىز ھاراقكەش خوتۇندىن ئەنسىرىمىسەڭىزمۇ بولىدۇ. ئۇ، ھەر قېتىم بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەندە، ھەر قانچە مەست بولسىمۇ، دەرھاللا ھوشىغا كېلەتتى ـ دە، خۇددى ئادەتتىكى يولۇچىلارغا ئوخشاش تۈپتۈز مېڭىپ ئۆتۈپ كېتەتتى. ئۇ ھەر كۈنى بۇ يەردىن ئۆتسىمۇ، بىرەر كۆڭۈلسىزلىككە يولۇقۇپ باققان ئەمەس. شۇشىيەنجى كوچىسىدىكىلەر ھاراقكەش خوتۇننىڭ شىركېيىپ بولۇپ، مايماق دەسسەپ، شامال ئۇرغان نىلۇپەر شاخلىرىدەك ئىرغاڭلاپ مېڭىشىنى تاماشا قىلىشنى بەك ياخشى كۆرەتتى. يامغۇر ياغقان كۈنلىرى ئۇنىڭ ئۈستىۋېشى چىلىق ـ چىلىق ھۆل بولۇپ، خۇددى ئاستا ـ ئاستا مىدىرلاپ كېتىپ بارغان چوڭ كۈنلۈككىلا ئوخشاپ قالاتتى... كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان ئىش، نېمىشقا ھاراقكەش خوتۇن تۆت كوچىنىڭ ئاغزىغا يېتىپ بېرىشى بىلەنلا مەستلىكىدىن يېشىلىپ كېتىدۇ؟ «پوجاگزا»نىڭ كۈچى شۇنچىلىكمۇ، ياكى ھاراقكەش خوتۇننىڭ مەست بولىمەن دېسە مەست بولۇپ، يېشىلىمەن دېسە شۇ ھامان يېشىلىپ كېتەلەيدىغان بىرەر كارامىتى بارمۇ؟

بۇنىڭ سىرى ھاراق ئىدىشىدا ئىدى. خوجايىن مەككار ئادەم بولغاچقا ھاراققا دائىم سۇ ئارىلاشتۇرۇپ قوياتتى. ھاراقكەشلەرنىڭ كۆزىگە جاھان غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرغاچقا بۇ ئىشقىمۇ دىققەت قىلماي، ھاراقنى پاك ـ پاكىز ئىچىۋېتىپ، ئالغان شۇ ئازراق پەيزىگىمۇ رازى بولۇپ كېتىپ قېلىشاتتى. خوجايىن بۇ ئىنساپسىزلىقىنىڭ جازاسىنىمۇ تارتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ يېشى ئاتمىشقا بېرىپ قالغان بولسىمۇ، تېخىچە پەرزەنت يۈزى كۆرمەي، نەسلى قۇرۇپ كەتكىلى تۇرغانىدى. بىر كۈنى، ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ ئاچچىق ـ چۇچۇك نەرسىلەرگە سىزىك بولۇپ، ھامىلدار بولغانلىقى مەلۇم بولدى. خوجايىن شۇ خۇشاللىقىدا بۇتقا باش ئۇرۇۋاتقاندا كۆڭلى يۇمشاپ، بۇنىڭدىن كېيىن ياخشى ئادەم بولىمەن، ئوقەتتە ساختىلىق قىلمايمەن، ھاراققا ھەرگىز سۇ ئارىلاشتۇرمايمەن، دەپ قەسەم قىلدى.

دەل شۇ كۈنى ھاراقكەش خوتۇن يەنە قاۋاققا كەلدى. قويندىن يەنە ھېلىقى تۈگۈنچەكنى چىقىرىپ، قەۋەت ـ قەۋەت بولاقنى ئېچىپ، پۇلنى تۆلەپ ھاراقنى ئالدى ـ دە، سۇ قاتمىغان «پوجاگزا»نى بىرلا كۆتۈرۈپ ئىچىۋەتتى... جىلڭ نەرسە دېگەن جىلڭ نەرسىدە! بۇ قېتىم ھاراقكەش خوتۇن تېخى ئىشىكتىن چىقماي تۇرۇپلا دەلدەڭشىگىلى تۇردى. بۈگۈن ئۇنىڭ يولدىكى مېڭىشىمۇ ئاجايىپ قىزىق بولدى. بېشى بىر ياققا، پۇتى بىر ياققا بولۇپ، بارغانسېرى قاتتىق سەنتۈرۈلۈپ، قارا قۇيۇننىڭ ئىچىدە قالغان سۇمۇرغقا ئوخشاپ قالدى. شۇشىيەنجى كوچىسىدىكىلەر بۇنى كۆرۈپ ھەيران بولۇشتى، ئازراق ئەندىشىمۇ قىلىشىپ قالدى. ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە ھاراقكەش خوتۇن تۆت كوچىنىڭ ئاغزىغىمۇ بېرىپ قالدى. ئۇنىڭ مەستلىكى بۇ قېتىم تېخى يېشىلمىگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئىلگىرى پەقەت كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىش يۈز بەردى، ھاراقكەش خوتۇن شۇ پىرقىرىغىنىچە چوڭ يولغا كىرىپلا كەتتى... ئۇنىڭدىن كېيىن يۈز بەرگەن ئېچىنىشلىق ۋەقەنى يازمىساقمۇ بولار.

شۇنىڭدىن كېيىن، ھاراقكەش خوتۇن بۇ كوچىدىن غايىب بولدى. كىچىك قاۋاقتىكىلەر ئېغىزدىن چۈشۈرمەي

ئۇنىڭ گېپىنى قىلىشاتتى. «مانا، هاراقكەش دېسە شۇ خوتۇننى دېسە بولىدۇ» دېيىشەتتى ئۇلار «هاراق ئىچكەندە زاكۇسكىمۇ يېمەيتتى، گۇپپىدە قىلىپ بىراقلا كۆتۈرۈۋېتەتتى. قاۋاقتا كىرگەندە ئۇشۇق ـ تۆشۈك گېپىمۇ يوقتى. پۇلىنى تۆلەپ هارىقىنى ئىچەتتى ـ دە، ئىچىپ بولۇپلا كېتەتتى. ئەزەلدىن نېسى قىلىپ باققان ئەمەس. هاراقكەش دېگەن شۇنداق بولىدۇ! پەيزىنى ئۆزى سۈرىدۇ، باشقىلارغا مالاللىق يەتكۈزمەيدۇ»

خوجايىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ: «هوي راست، بۇ خوتۇن هادىسىگە ئۇچرىغان كۈن مەن هاراققا سۇ قوشمىغان ھېلىقى كۈن ئەمەسمىدى؟ ئەسلىدە بۇ ۋەقەنىڭ سەۋەبچىسى مەنكەنمەندە!» دەپ ئويلاپ قالدى ۋە «تووۋا! بۇ پەلەكنىڭ قىسمىتىنى چۈشىنىپ يەتمەك تەسكەندە! زادى خەقنى ئالدىغان ياخشىمۇ، سەممىي بولغان ياخشىمۇ؟ نەچچە ئون يىلدىن بېرى سۇ قوشقان هاراق بىلەن خەقنى ئالدىسام ھېچگەپ يوق، دۇرۇس راق بولاي دېسەم بۇ پالاكەتنىڭ يۈز بەرگىنى نېمىسى» دەپ بىئارام بولدى.

## جاڭ پالۋان

جاڭ پالۋاننىڭ ئەسلىي ئىسمى—جاڭ جىنبى. تيەنجىن قوۋۇقىنىڭ لەشكەرلىرىدىن بولۇپ، ناهايىتى كۈچلۈك ئادەم ئىدى. بۇنداقلارنى ئۆز زامانىسىدا «كۈچتۈڭگۈرلەر» دېيىشەتتى. جاڭ پالۋاننى تيەنجىن قوۋۇقىنىڭ ئەتراپىدىكى چوڭ ـ كىچىكنىڭ ھەممىسى ياخشى كۆرەتتى، ئۇنىڭ بارتۇرلۇقىغا قايىل بولۇپ، ئۇنى ماختىمايدىغىنى يوق ئىدى. لېكىن، تيەنجىنلىكلەرنىڭ ئادەم ماختايدىغان ئۆزگىچە خاس ئۇسۇلى بار. جاڭ پالۋان توغرىسىدىمۇ شۇنداق بىر ئىش بولغان. ئۆز ۋاقتىدا بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپمىغان ئادەم يوقتى، هازىر بۇ ئىشنى بىلىدىغان ئادەمنىڭ تايىنى قالمىدى. شۇڭا بۇنىمۇ يېزىپ قوياي دېدىم.

خۇجياخۇدا تاش ماتېرىياللىرىنى ساتىدىغان «جۇخەچىڭ» دەيدىغان بىر دۇكان بار ئىدى. ئىشىكنىڭ ئالدىدا تاشتىن ياسالغان يوغان بىر قۇلۇپ قويۇقلۇق تۇراتتى. قۇلۇپنىڭ ئۈستىگە «بۇ قۇلۇپنى كىم كۆتۈرۈپ ئالالىسا يۈز سەر كۈمۈش تارتۇق بېرىلىدۇ» دېگەن سۆزلەر ئويۇپ قويۇلغانىدى. بۇ دۇكان بۇ تاش قۇلۇپ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تاش ماتېرىياللىرىنىڭ ناهايىتى پۇختا، ياخشى ئىكەنلىكىنى ئىسپات قىلاتتى.

بىراق، تاش قۇلۇپنى ئىشىك ئالدىغا قويۇپ قويغان بىلەن، ئۇنى كۆتۈرەلەيدىغان كىم بار دەيسىز. ھەتتا ئۇنى



مىدىرلىتالايدىغانمۇ ئادەم چىقمىدى. سىز ئۇنى: زادى قانچىلىك ئېغىردۇر؟ دەپ سورارسىز، ئىشقىلىپ ئۇ ئېغىرلىقىدىن يەرگە پېتىپ كەتكەنىدى. ئۇنى كۆتۈرسە، يەرنى قوشۇپ كۆتۈرۈپ باشقا ئالغاندەكلا ئىش بولاتتى.

بىر كۈنى، جاڭ پالۋان خۇجياخۇغا كېلىپ قالدى. بۇ تاش قۇلۇپقا كۆزى چۈشۈپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئويۇلغان خەتلەرنىمۇ كۆردى. ئېڭىشىپ تۇرۇپ، قوللىرىنى كېرىپ، تاش قۇلۇپنى ئاستا ـ ئاستا لىڭشىتىۋېدى، تاش قۇلۇپ خۇددى بىر بامبۇك سېۋەتتەك يېنىك ئىرغاڭشىغىلى تۇردى. بۇنى كۆرۈپ ئەتراپقا بىر مۇنچە ئادەم ئولاشتى. جاڭ پالۋان قۇلۇپنى هالقىسىدىن مەهكەم تۇتۇپ، بېلىنى رۇسلاپ، كۈچىمەيلا بوشلۇققا كۆتۈرۈپ ئالدى، بىلەكلىرى ئېگىلىپمۇ قويمىدى، چىرايىدا كۈلكە جىلۋە قىلىپ تۇرغان بولۇپ، خۇددى ئۇ بىر باغلام خەشەكنى كۆتۈرۈپ تۇرغاندەكلا قىلاتتى.

ئولاشقانلار قىقاس سېلىشىپ كەتتى. جاڭ پالۋان تاش قۇلۇپنى يەرگە قويماي، جۇخەچىڭنىڭ خوجايىنلىرى چىقىپ، ئوبدان كۆرۈۋالغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇنى جايىغا ئاپىرىپ قويدى. خوجايىن پىخىلداپ كۈلگىنىچە كېلىپ:

—پاھ، جاڭ ئۇستام كەپقاپتىكەندە! قېنى مەرھەمەت، دۇكانغا كىرىپ ئولتۇرۇپ بىرەر پىيالە چاي ئىچسىلە،—دېدى. جاڭ پالۋان بۇ گەپنى ئاڭلاپ:

—خوجايىن، ماڭا مۇنداق هىيلە ـ مىكىرلىرىنى ئىشلەتمىسىلىمۇ بولىدۇ. قۇلۇپنىڭ ئۈستىگە «كىم بۇنى كۆتۈرەلىسە، يۈز سەر كۈمۈش تارتۇق بېرىمەن» دەپ يېزىپتىكەنلىغۇ، پۇلنى چاققانراق ئېلىپ چىقسىلا، مەن

ئالدىرايمەن ــ دېدى.

كىمنىڭ خىيالىغا كەپتۇ، جۇخىچىڭنىڭ خوجايىنى جالڭ پالۋاننىڭ گېپىگە پەرۋامۇ قىلمىدى. جالڭ پالۋان سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئالدىرىماي تۇرۇپ:

ــ جالڭ ئۇستام، سىلى تاشنىڭ ئۈستىدىكىلا خەتنى ئوقۇپ، تاشنىڭ ئاستىدىكى خەتنى كۆرمىگەن ئوخشىمامدىلا؟ ــ دېدى.

جالڭ پالۋان بۇ گەپنى ئاڭلاپ گاڭگىراپ قالدى. بايا ئۇ تاش قۇلۇپنى كۆتۈرگىنىگە خۇش بولۇپ كېتىپ، تاشنىڭ ئاستى تەرىپىدە خەت بار ـ يوقلۇقىغا سەپسالمىغانىدى. ئۇلا ئەمەس، ئەتراپتا تۇرغانلارمۇ بۇنىڭغا زەن سالمىغانىدى. جالڭ پالۋان ئىچىدە: ھەقاچان خوجايىن ھارامزادىلىك قىلىپ، «تاش قۇلۇپنى بىر كۆتۈردى، ئىككىنچى كۆتۈرۈپ ئالالمايدۇ» دەپ، پۇلنى بەرمەسلىكنىڭ قازىنىنى ئېسىۋاتىدىغۇ دەيمەن، دەپ ئويلىدى ـ دە، تاش قۇلۇپنى يەنە يەردىن يۇلۇپ ئېلىپ بېشىدىن ئېگىز قىلىپ كۆتۈردى. كۆپچىلىك قارىسا، تاشنىڭ ئاستى تەرىپىدە راستتىنلا «جالڭ پالۋان كۆتۈرسە ھېساب ئەمەس» دېگەن خەتلەر ئويۇقلۇق ئىكەن. تاش قۇلۇپنىڭ ئاستى ـ ئۈستىدىكى خەتلەرنى قوشۇپ ئوقۇغاندا: بۇ تاش قۇلۇپنى كىم كۆتۈرۈپ ئالالىسىلا يۈز سەر كۈمۈش تارتۇق بېرىلىدۇ، جالڭ پالۋان كۆتۈرسە ھېساب ئەمەس، دېگەن گەپ بولاتتى.

بۇنى كۆرۈپ ھەممەيلەن كۈلۈپ كېتىشتى. دېمەك، بۇ خوجايىنمۇ بۇ تاش قۇلۇپنى بىردىنبىر جالڭ پالۋاننىڭ كۆتۈرەلەيدىغانلىقىنى بىلىدىكەندە! بۇ بىر قۇر خەتمۇ خوجايىننىڭ جالڭ پالۋانغا قايىللىقىنىڭ بەلگىسىدە! جالڭ پالۋان بۇنى چۈشەندى. تاش قۇلۇپنى ئىرغىتىپ تاشلاپ، قاقاقلاپ كۈلگىنىچە مەيداننى كېزىپ كېتىپ قالدى.

## مەرتىۋىلىكلەر سارىيىنىڭ خوجايىنى

مەرتىۋىلىكلەر سارىيىنىڭ خوجايىنى خەيخى تەرەپتىكى بىر كىچىك زىيالىيچاق. نېمىشقا زىيالىيچاق دەيمىز دېسەڭلار، ئۇنىڭ نامىنىڭ تىلغا ئالغۇچىلىك يېرىمۇ يوق، لېكىن، ئۇ توغرىسىدا گەپ بولسا، ئۇنىڭ زىيالىي ئىكەنلىكىدىن خەۋىرى يوق ئادەممۇ يوق.

بۇ جانابنىڭ يۈزى سوزۇنچاق، ئۆزى قاتاڭغۇر كەلگەن، چىرايى تاتىراڭغۇ، بىلەك ـ پاقالچاقلىرى ھەم ئۇزۇن، ھەم ئىنچىكە ئىدى. يىراقتىن قارىغان ئادەمگە بىر نەچچە تال بامبۇك ياغىچىغا دۇغۇ قېقىنى يېپىپ قويغاندەكلا كۆرۈنەتتى. ئەمما، ئادەم دېگەنگە ئۇنىڭ چىراي ـ شەكلى، ئورۇق ـ سېمىزلىكىگە قاراپ باھا بەرگەن بىلەن بولمايدۇ ـ دە! ئۇ ھۆسنخەت يازالايتتى، رەسىم سىزاتتى، تامغا ئوياتتى، بېزەش ئىشلىرىنى تاپشۇرسىڭىزمۇ ھۆددىسىدىن چىقالايتتى. كەسىپ ئەھلىلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، ئىشنى سەل قوپاللىراق قىلىدىكەن. شۇ سەۋەبتىن، تيەنجىن ئەتراپىدىكى ئېلىپ ـ ساتارلارنىڭ دۇكانلىرىنىڭ بېشىدا ئۇ يازغان ۋىۋىسكىلارنى كۆرگىلى بولمايتتى؛ ئاشپۇزۇل، دورىخانىلارنىڭ تاملىرىغىمۇ ئۇ سىزغان رەسىملەر ئېسىلمىغانىدى. يېزىش ـ سىزىش ئىشلىرىدا ئۇنى كەسىپ ئەھلى دېيىشمۇ بولاتتى، دېمىسىمۇ بولاتتى. زىيالىي بولغان ئادەم تالانتىنى ئىشلىتىدىغان يەر تاپالماي بۇ ھالغا چۈشۈپ قالسا دەردىنى ئۆزى بىلىدۇ ـ دە!

«مەرتىۋىلىكلەر سارىيى» دېگەن بۇ نامىنىمۇ ئۇ ئۆزى ئويلاپ تاپقانىدى. ئۇ ئۆزىنى «مەرتىۋىلىكلەر سارىيىنىڭ خوجايىنى» دەپ ئاتاپ، «ئارىلاپ يۈرسەڭ يېشىل ئورماندا، كۆڭلۈڭ يايرار بۇلۇتلار ئارا» دېگەن مەزمۇندا بىر جۈپ لەۋھە يېزىپ، سارايىنىڭ قارشى تەرەپتىكى تېمىغا چاپلاپمۇ قويغانىدى. ئۇ دائىم لەۋھەدىكى بۇ شېئىرنى ئىچىدە ئوقۇپ قوياتتى، ھەر بىر ئوقۇغاندا كۆزلىرىنى يۇمۇپ، مۈرىلىرىنى سىلكىپ پەيزى ئالاتتى.

تيەنجىننىڭ ئەتراپى ئادەتتىكى پۇقرالارنىڭ كۆڭۈل ئاچىدىغان ماكانى. مەرتىۋىلىكلەر سارىيى چوڭ كوچىنىڭ شەرقىي ئېغىزىدىكى ئېلىپ ـ ساتارلار تازا غۇژمەكلىشىپ كەتكەن يەردە ئىدى. «تۆت پەسىلدە باھار» رېستورانى ئۇنىڭغا تام قوشنا بولۇپ، كۈن بويى ئۇ يەردىن بېلىق گۆشى، ھەر خىل قورۇما، سىركە ـ لازىلارنىڭ پۇرىقى گۈپۈلدەپ كېلىپ تۇراتتى. دېرىزىلەرنى ئېتىۋالسىلا بولمىدىمۇ؟ دەرسىز، دېرىزىنى ئەتكەن بىلەنمۇ ئەينەكلەر ئۇ يەردىن كېلىۋاتقان خۇش پۇراق، ئەيش ـ ئىشرەت، كەيپ ـ ساپالارنىڭ ساداسىنى توسۇپ قالالمايتتى. شۇڭا، بىر قوشنىسى بۇ خوجايىنغا: «مەرتىۋىلىكلەر سارىيى» دېگەن بۇ نام ئاڭلىماققىمۇ چىرايلىق ئاڭلىنىدۇ، ئېغىزغا ئالسىمۇ جاراڭلاپ چىقىدۇ. سىلى بۇ سارايىنى ئاشپۇزۇللا قىلىۋەتسىلىمۇ بوپتىكەن، دەپتىكەن، بۇ گەپنى ئاڭلاپ مەرتىۋىلىكلەر سارىيىنىڭ خوجايىنىنىڭ جېنى چىقىپ كەتكىلى تاسلا قالدى.

پەلەكنىڭ چاقى چۆرگىلەپ، ئادەمنىڭ تەلىيىدىمۇ ئۆزگىرىش بولىدىغان چاغلار بولىدىكەن. ھەممە ئىشقا چېپىلىپ يۈرۈيدىغان چىن با دېگەن بىر نېمە بولىدىغان، بىر كۈنى ئۇ بىر ئامېرىكىلىقنى باشلاپ، مەرتىۋىلىكلەر

ساريىنىڭ خوجايىنىنى زىيارەت قىلغىلى كەپتۇ. ھېلىقى ئامېرىكىلىق 50 ياشلاردىن ھالقىغان، پايىنەكۋاش، پالكۆز، ساقاللىق ئادەم ئىكەن. ساقىلىنىڭ قويۇقلۇقىدىن ئاغزىنىڭ لەدىلىكىنىمۇ بىلگىلى بولمايدىكەن. چېن بانىڭ ئېيتىشىچە: بۇ ئامېرىكىلىق جۇڭگونىڭ قەدىمكى نەرسىلىرىنى بولۇپمۇ ھۆسنخەت، رەسىم دېگەنلەرنى بەك ياخشى كۆرىدىكەن. مەرتىۋىلىكلەر سارىيى خوجايىنىنىڭ چەت ئەللىكلەر بىلەن يۈز كۆرۈشۈشى تۇنجى نۆۋەت بولغاچقا، نېمە قىلىشنى بىلمەي تېنگلى تۇرۇپتۇ. ئورۇنىدۇقتا چىقىپ، بىر رەسىمنى ئاسمەن دەپ ئوڭدىسىغا چۈشكىلى تاسلا قاپتۇ. ھېلىقى ئامېرىكىلىق ئۇنىڭغا ئانچە دىققەت قىلماي، ھەدەپ تامدىكى رەسىملەرگە قارىغىلى تۇرۇپتۇ. ھەر بىر رەسىمنى كۆرگەندە «ۋاي، ۋاي، ۋاي!» دەپ، خۇددى قوغىنى قايناق سۇدا يۇيۇۋالغاندەك قىلىپ كېتىدىكەن؛ ئاندىن تامىقىنى چاكىلدىتىپ بىر ھازا ماختايدىكەن. ئاخىرىدا بۇ ئامېرىكىلىق خەنزۇ تىلىدا: «مە-مەن، بە-بە بەك، خۇ-خۇ خۇشال، رە-رە رەھمەت!» دېگەن گەپلەرنى قىلىپتۇ. بەلكىم ئۇ خەنزۇچە شۇنچىلىكلا سۆزنى بىلسە كېرەك، شۇ گەپلەرنى ئارقا-ئارقىدىن تەكرارلىغىنىچە خوشلىشىپ كېتىپ قاپتۇ.

مەرتىۋىلىكلەر ساريىنىڭ خوجايىنى بۇ ئىشتىن خۇشال بولۇپ، ئېلىشىپ قالايلا دېدى. بۇ، ئۇنى باشقىلارنىڭ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم زىيارەت قىلىشى ئىدى. ئىككى ئايدىن كېيىن، ئۇ چەت ئەل يېزىقىدا يېزىلغان بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدى. خەتنى كۆتۈرۈپ «داگۇڭباۋ» گېزىتخانىسىغا بېرىپ، چەت ئەل يېزىقىنى ئوقۇيالايدىغان جۇ ئەپەندىمنى ئىزدەپ تاپتى. جۇ ئەپەندىم خەتنى ئوقۇپ كۈلۈپ كەتتى-دە:

— بۇ ئامېرىكىلىقنى نېمە قىلدىڭلار، سارالڭ بولايلا دەپتىغۇ؟ — دېدى. جۇ ئەپەندىمنىڭ ئېيتىشىچە، ھېلىقى ئامېرىكىلىق دۆلىتىگە قايتقاندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن مەرتىۋىلىكلەر سارىيى خوجايىنىنىڭ يازغان خەتلىرى كەتمەپتۇدەك، ئۇ كېچىسى چۈشىدىمۇ شۇ خەتلەرنىلا كۆرىدىكەن. ئۇ يەنە: «جۇڭگونىڭ سەنئەتكارلىرىنىڭ ھەممىسى تالانت ئىگىلىرى ئىكەن»، دەپتۇدەك.

مەرتىۋىلىكلەر ساريىنىڭ خوجايىنى راستتىنلا مەرتىۋىلىكلەر قاتارىغا ئۆتۈپ قالغاندەك بولۇپ، ئۆزىنى ئاسماندا ئۇچۇۋاتقاندەك ھېس قىلىپ، كېچىچە ئۇخلىيالمىدى. تاڭغا يېقىن قولىغا قەلەم ئېلىپ، ھېلىقى ئامېرىكىلىققا ئاتاپ «خاتىرجەملىك سىزگە يار بولسۇن» دېگەن ھۆسنخەتنى يېزىپ، ئۆز قولى بىلەن توغرىسىغا قاتلاپ پوچتىخانىغا ئېلىپ باردى. ئۇنىڭ ئىچىگە يەنە بىر پارچە سالام خەتمۇ يېزىپ سېلىپ قويدى. خەتكە «ئۇشبۇ ھۆسنخەتنى تامغا ئاسقاندىن كېيىن، قانداقلا بولمىسۇن ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ بىر سۈرەتكە چۈشۈپ ماڭا ئەۋەتىپ بەرگەيلا» دېگەن ئۆتۈنۈشنى يېزىپ قويدى. ئۇنىڭ مەقسىتى: سۈرەت يېتىپ كەلسە ئۇرۇق-تۇغقان، ئەل-ئاغىنە، قوشنا-قولۇم، ھەتتا بۇ كوچىدىكى ئۇنى كۆزگە ئىلمايدىغان بىر نەچچە سودىگەر، خوجايىنلارغا، گېزىتخانىدىكى مۇھەررىرلەرگىچە بىر كۆرسىتىپ، ئاخىرىدا ئۇنى گېزىتكىمۇ باستۇرۇپ چىقىرىپ، «ھەرقايسىڭ كۆزۈڭنى يوغان ئېچىپ قاراپ بېقىش، سەنلەر ماڭا قايىل بولمىغان بىلەن ئامېرىكىلىقلار ماڭا قايىل» دېمەكچى ئىدى.

ئۇ مەرتىۋىلىكلەر سارىيىدا ئۈچ ئاي كۈتتى. كۈتەر-كۈتەر ئۈمىدنى ئۈزەي دېگەندە، ئۈستىگە چەت ئەل يېزىقىدا خەتلەر يېزىلغان بىر پارچە خەت ئاخىر يېتىپ كەلدى. ئۇ كونۋېرتنى دەرھال يىرتىپ، ئىچىدىن بىر پارچە خەتنى سۇغۇرۇۋالدى. ھەممىسىلا چەت ئەلچە خەتلەر بولغاچقا، زادى نېمىلەر يېزىلغانلىقىنى بىلەلمىدى. خەتنىڭ ئارىسىدا ئۇ تەلەپ قىلغان ھېلىقى سۈرەت يوق ئىدى. ئۇ كونۋېرتنىڭ ئىچىگە قارىسا، سۈرەت كونۋېرتنىڭ ئىچىدە ئىكەن. ئۇ سۈرەتنى چىمدىپ ئېلىپ، بىر قاراپلا غەلىتە بولۇپ قالدى. بۇ سۈرەتنىڭ بىر نېمىسى تازا جايىدا ئەمەستەك قىلاتتى. ئۇ تازا سەپسېلىپ يەنە بىر قاراپ لاسسىدە بولۇپ قالدى. ھېلىقى ئامېرىكىلىق ھۆسنخەتلەرنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ سۈرەتكە چۈشۈشنىمۇ چۈشۈپتۇ، بىراق، خەتلەرنىڭ ھەممىسىنى بېشىنى تۆۋەن قىلىپ تەتۈر ئېسىپ قويغانىكەن.

## چىشىدىن تونۇش

چىش داۋالايدىغان خۇا دوختۇر ھۈنىرى كامالەتكە يەتكەن ئادەم. سىز ئۇنىڭغا ئاغزىڭىزنى ئېچىپلا بەرسىڭىز، ئۇ بىر قاراپلا قايسى چىشىڭىزنىڭ ئاغرىيدىغانلىقىنى، قايسى چىشىڭىزنىڭ قاماپ قالغانلىقىنى، قايسى چىشىڭىزنىڭ لىڭشىيدىغانلىقىنى بىلىۋالىدۇ. كونا چىشىڭىزنى يېڭى سالغان چىشتەك پارقىرىتىۋېتەلەيدۇ، يېڭى چىشنىمۇ ئۆزىڭىزنىڭ چىشلىرىدەك پۇختا قىلىپ سالالايدۇ، پاھ، بۇ قەيەردىن كەلگەن پاراسەت-ھە! دەپ قالىسىز.

خۇا دوختۇر ئاق كۆڭۈل، قائىدىلىك، دۇرۇس ئادەم. ئۇنىڭ بىرلا ئەيىبى — ئېسى ياخشى ئەمەس. ئادەملەرنى ئېسىدە ساقلىيالمايدۇ، بىر كۆرگەن ئادەمنى ھېلىلا ئۇن-

تۇپ قالىدۇ. سىز بۇگۈن ئۇنىڭغا قۇرت يېگەن چىشىڭىزنى داۋالىتىپ، ئەتىلا كوچىدا ئۇچرىسا سالام بەرسىڭىز سىزنى تونۇمايدۇ. بۇنداق بولسا ئاچچىقىڭىز كېلەمدۇ ـ كەلمەمدۇ؟ كۆزى ياخشى كۆرمەمدىكىن دېسىڭىز، ئەزەلدىن كۆزەينەك تاقىمايدۇ. ئۇنداقتا ئۇنىڭ ئەستە ساقلاش قابىلىيىتى نېمانچە ناچاردۇر، دېسىڭىز ئەقلىڭىز يەتمەيدۇ. كېيىن، خۇا دوختۇر بىر ۋەقەگە چېتىلىپ قالدى.

بىر كۈنى، كۈن پېشىندىن قايرىلغان مەزگىلدە، ساقچىخانىدىن پۇقراچە كىيىنگەن ئىككى ساقچى كېلىپ، ئىشىكتىن كىرەر ـ كىرمەيلا خۇا دوختۇردىن:

—بۈگۈن چۈشتىن ئىلگىرى بۇ يەرگە چىرايى قارامتۇل كەلگەن بىر ئەر كەلدىمۇ؟ تەقى ـ تۇرقى بومباساقال، پالكۆز، ئوڭ جاۋغىيىنىڭ يېنىدا يوغان قارا مېڭى بار...، ـ دەپ سوراپ كەتتى. خۇا دوختۇر بېشىنى چايقاپ:

—ئېسىمدە يوق،—دېدى. ساقچىلار:

—سىلى ھەر كۈنى چۈشتىن بۇرۇن قانچە كېسەل كۆرىلا،—دەپ سورىدى. خۇا دوختۇر:

—يېرىم كۈندە ئالتە كېسەل كۆرىمەن،—دېدى. ساقچىلار:

—ئەجەبمۇ، چۈشتىن ئىلگىرى بارى ـ يوقى ئالتىلا كېسەل كۆرگەن بولسىلا نېمىشقا ئەسلىيەلمەيدىلا؟ تەقى ـ تۇرقى مۇنداق ئادەمنى كوچىدا بىر كۆرگەن ئادەممۇ بىرەر يىلغىچە ئېسىدە تۇتالايدىغۇ. سىلىگە ئوچۇقىنى ئېيتىپ قويايلى، بۇ ئادەم ئۆتكەن ئايدا گۇيجۇ كوچىسىدا قورال كۆتۈرۈپ كىرىپ، زىبۇزىننەت دۇكىنىنى بۇلىغان، تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغان جىنايەتچى. سىلىنىڭ ئېيتالمايۋاتقانلىرىغا قارىغاندا ئۇنىڭ بىلەن چېتىشلىقلىرى بارمۇ قانداق؟—دېدى.

خۇا دوختۇرنىڭ ئادەتتە مىجەزى ئىتتىك بولمىغان بىلەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ غۇژژىدە ئاچچىقى كەلدى ـ دە، ياققىدە قىلىپ جوزىنى بىر مۇشتلىۋىدى، جوزىنىڭ ئۈستىدىكى چىش تارتىدىغان ئامبۇرمۇ سەكرەپ كەتتى. ئۇ:

—بىز خۇا فامىلىلىكلەر ئۈچ ئەۋلاد دوختۇرلۇق قىلىپ، كېسەل داۋالاپ، خەقلەرنىڭ ئازابىنى يېنىكلىتىپ كەلگەن. ئەزەلدىن ۋىجدانىمىزغا خىلاپ بىرەر ئىشنى قىلىپ باققان ئەمەسمىز. ئېسىمدە يوق دېگەندىن كېيىن ئېسىمدە يوق! مەنمۇ سىلەرگە ئوچۇق ئېيتىپ قوياي، باشقىلارغا زىيان سالغان ئۇ بىر نېمىنى كۆرۈپ قالدىغان بولسام، سىلەر مېنى ئىزدىمىسەڭلارمۇ، مەن سىلەرنى ئىزدەپ بېرىپ خەۋەرنى بېرىمەن!—دېدى.

ئىككى ساقچى چىش دوختۇرىنىڭ بەك خاپا بولۇپ كەتكىنىنى كۆرۈپ، ئاپئاق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ ھىجىيىشىپ، دوختۇرنىڭ گەپلىرىنىڭ راست ـ يالغىنىنى بىلەلمەي ئارىسالدى بولۇپ، ئاستا كەينىگە يېنىپ چىقىپ كېتىشتى.

سوغۇق چۈشۈپ قالغان بىر كۈنى، خۇا دوختۇر راستلا ئالدىراپ ـ تېنەپ ساقچىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ يول بويى پالاقلاپ يۈگۈرۈپ كەلگەچكە، ئۈستىدىكى ئۇزۇن كەمزۇلمۇ يىرتىلىپ كەتكەنىدى. ئۇ ساقچىلارغا:

—ھېلىقى زىبۇزىننەت دۇكىنىنى بۇلىغان ئوغرى كەيفېڭ يولىدىكى «يىخۇچۇن» مەيخانىسىدا شۇ تاپتا ھاراق ئىچىپ ئولتۇرىدۇ، دەپ مەلۇم قىلدى. ساقچىلار دەرھال يېتىپ بېرىپ ئۇنى قولغا ئالدى.

ئىشتىن كېيىن، ساقچىلار خۇا دوختۇردىن:

—خۇا دوختۇر، سىلى بۇ قېتىم ئۇنى قانداق تونۇۋالدىلا؟—دەپ سورىدى، خۇا دوختۇر:

—شۇ چاغدا مەنمۇ «يىخۇچۇن» دە تاماق يەپ ئولتۇراتتىم. تۇيۇقسىز ئۇ ئوغرىنىڭ باشقىلار بىلەن ھاراق ئىچىپ ئولتۇرغىنىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. باشتا مەن ئۇنى ئوڭ جاۋغىيىدىكى قارا مەڭدىن تونۇغاندەك بولدۇم، بۇنى سىلەر ماڭا ئېيتىپ بەرگەن ئەمەسمىدىڭلار. ئەمما، يەنە مەن ئۇنى شۇ بولاڭچى، دەپ جەزىم قىلالمىدىم. دۇنيادا جاۋغىيىنىڭ يېنىدا قارا مېڭى بار ئادەم پەقەت بىرلا بولمايدۇ ـ دە! ھەرگىز خاتا مەلۇم قىلىپ قويماي دېدىم. شۇ ئارىلىقتا ئۇ ئاغزىنى ئېچىپ كۈلۈۋېدى، قوزۇق چىشى كۆرۈنۈپ قالدى. ئۇنىڭ شۇ چىشىنى داۋالىغىنىم دەرھال ئېسىمگە كەلدى. «ھە، شۇكەندە!» دېدىم ـ دە، سىلەرگە خەۋەر قىلدىم،—دېدى. ساقچىلار:

—بىز يەنە تازا ئاڭقىرالمىدۇق، سىلى قانداق قىلىپ چىشىغا قاراپ تونۇۋالدىلا؟—دەپ سورىۋېدى، خۇا دوختۇر كۈلۈپ كەتتى:

—مەن دېگەن چىش دوختۇرى، ئادەمنى تونۇمايمەن، چىشنى تونۇيمەن، — دېدى.

ساقچىلار بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەيرانلا قالدى.

(فېڭ جىسەي ئىمزالىق يۇقىرىقى ئەسەرلەر خەنزۇچە «كىتابلاردىن تەرمىلەر» ژۇرنىلى 2000 ـ يىل 10 ـ ساندىن ئېلىندى)

مەمتىمىن ھوشۇر تەرجىمىسى

مۇھەررىرى: ئەسقەر مەخسۇت



# ئاجايىپ سىناق

قاتمۇقات شاللاشلاردىن ئۆتكەن 20 نەپەر تاللانغان خادىم 40 ـ قەۋەتكە چىقىپ باش دىرېكتور ئىشخانىسىدا يۈزتۇرا سىناق بېرىش ئۇقتۇرۇشى تاپشۇرۇۋالدى. ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە خاس خىزمەت نەتىجىسى بار ئىدى. پەقەت ئاردىكى بىرەيلەنىلا ئۇنى ۋېرىستىبىتنى ئەمدىلا پۈتتۈرگەن، نە خىزمەت نەتىجىسى، نە ئىجتىمائىي تەجرىبىسى يوق ئىدى. ئۇ پەقەت ئەقىل ـ پاراستىگىلا تايىناتتى.

سىناق باشلىنىشقا ئون مىنۇت قالغاندا قېرىشقاندەك لىفتتىن كاشىلا چىقتى. بەزىلەر پەلەمپەيدىن يۈگۈرۈپ چىقايلى دېسە، بەزىلەر سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈشنى تەۋسىيە قىلدى. بەزىلىرى ئۈنچىقماي تۇردى. 40 ـ قەۋەتكە چىقىش ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەستە. بىراق، بۇ ئەڭ ئاخىرقى پۇرسەت بولۇپ، بۇ داڭلىق شىركەتنىڭ كىچىككىنە يېتەرسىزلىكنى ئەپۇ قىلىشىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولمايتتى. كاتىپ لىفتنىڭ ناھايىتى تېز ئەسلىگە كېلىدىغانلىقىنى، خادىملارنىڭ تاقەت قىلىشى كېرەكلىكىنى، ئەگەر سىناق ۋاقتى توشقاندىمۇ يەنىلا ئەسلىگە كەلمىسە، سىناقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ قايتا ئۇقتۇرۇش قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ سۆزى خادىملارنىڭ بىسەرەمجانلىقىنى تېزلا بېسىقتۇردى.

«بۇ بىر سىناقمىدۇ؟» دېگەن خىيال تەجرىبىگە مول تاللانغانلار قەلبىدىن «يالت» قىلىپ ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن يۈگۈرۈپ چىققاندىن كېيىن قارا تەرگە چۆمگەن، كىيىملىرى رەتسىز ھالەتتە دىرېكتور بىلەن كۆرۈشۈشنى ئويلىغاندا ئىككىلىنىش ۋە گۇمان ئۇلارنىڭ قەلبىنى تۇمانغا تولدۇردى. ۋاقىت ئون ـ تىنىسىز ئۆتمەكتە. نەچچە مىنۇت ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لىفت تېخىچىلا ئەسلىگە كېلىدىغاندەك ئەمەس. ئۇنىۋېرسىتېتنى يېڭى پۈتتۈرگەن ھېلىقى ياش كۈتۈشتىن ۋاز كېچىپ يۈگۈرۈپ چىقماقچى بولدى. بەلكىم ئۇ يۈگۈرۈپ چىققۇچە لىفتمۇ ئوڭشىلىپ باشقىلار ئۇنىڭدىن بالدۇر چىقىپ بولار. مۇبادا ئەسلىگە كەلمىسچۇ؟ ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە ئۇنىڭ ئىرادىسى تېخىمۇ كۈچەيدى ـ دە، ئۇچەيدەك ئەگرى ـ بۈگرى سوزۇلغان پەلەمپەيگە قاراپ يامىشىشقا باشلىدى. لىفت تېخىچە ئوڭشالمىدى. كاتىپ كۆپچىلىككە ئۆزرىخاھلىق ئېيتىۋاتقان پەيتتە ئۇ ئاللىقاچان 5 ـ قەۋەتكە چىقىپ بولدى. 10 ـ قەۋەتكە چىققاندا يىگىتنىڭ نەپىسى قالايمىقانلىششقا باشلىدى. 15 ـ قەۋەتكە چىققاندا قەدەملىرى ئېغىرلىشىپ قارا تەرگە چۆمۈپ كەتتى. «40 ـ قەۋەتكە چىققاندا سۇغا چۈشكەن مۈشۈكتەك بولۇپ كەتكۈدەكمەن» دەپ ئويلىدى ئۇ.

20 ـ قەۋەت دېگەن بەلگىنى كۆرۈپ توختىشىغىلا:

ـــ سىناققا كەلگەنمىدىڭىز؟ ـ دەپ سورىدى بىر خىزمەتچى خادىم ئۇنىڭغا ئەدەب بىلەن سالام بېرىپ.

ـــ ھەئە، ـــ دېدى يىگىت.

ـــ باش دىرېكتور سىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ، يەتتىنچى ئۆيگە كىرىڭ، ـــ دېدى خىزمەتچى.

ـــ سىناق 40 ـ قەۋەتتە ئەمەسمىدى ـــ دېدى يىگىت.

ـــ كىرسىڭىز بىلىپ قالىسىز ـــ دېدى خىزمەتچى مەنىلىك كۈلۈپ.

ئۇ ئۇستىۋېشىنى تۈزەشتۈرۈپ، نەپىسىنى توختىتىۋالدى. ئارقىدىن قورۇنۇپراق ئىشىكنى چەكتى. ئىجازەت ئالغاندىن كېيىن ئىشخانىغا كىرىپ ئۆزىنى تونۇشتۇرماقچى بولۇۋېدى:

ـــ سىز قوبۇل قىلىندىڭىز ـــ دېدى دىرېكتور.

ـــ تېخى ئىمتىھان بەرمىدىمغۇ؟ ـــ داڭ قېتىپ قالغان يىگىت چۈشىنىكسىز ھالەتتە سورىدى.

ـــ سىناق دېگەن مانا شۇ، لىفتنىڭ بۇزۇلۇشى سىناق سوئالى. سىزنىڭ پاسسىپلارچە كۈتمەستىن دەرھال ھەرىكەتلىنىشىڭىز بىز ئېرىشمەكچى بولغان ئەڭ ياخشى جاۋابتۇر، ـــ دېدى دىرېكتور.

يىگىتنىڭ كۆڭلىدىكى تۇمانلار تارقاپ خۇشاللىققا چۆمدى.



# توشقاننىڭ كۆزى ئېمىشقا قىزىل

توشقانجان يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدە تاشپاقىغا ئۇتتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن خەلقئالەم ۋە جەددى ـ جەمەتىنىڭ چۈشەندۈرۈشى بىلەن، ئۆزىنىڭ يېڭىلىشىدىكى سەۋەبىنىڭ مەغرۇرلۇق ئىكەنلىكىنى ئاخىر چۈشىنىپ يېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ غەيرەتكە كېلىپ، قولدىن كەتكەن شان ـ شەرەپنى قايتۇرۇۋالماقچى بوپتۇ.

غالىب كەلگەن تاشپاقا چولپانغا ئايلانغان بولۇپ «مىللىي قەھرىمان»، «خاسىيەتلىك تاشپاقا»، «ئەمگەك نەمۇنىچىسى» دېگەندەك ساناقسىز شان ـ شەرەپلەر ئۇنىڭغا سەلدەك ئېقىپتۇ. ئۇ يەنە ھايۋانلار ئولىمپىك جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپلىقىغا تەكلىپ قىلىنىپتۇ. ئۇنىڭ بەش يۈرۈش ھەشەمەتلىك تۇرالغۇسى، ئالىي دەرىجىلىك پىكاپى، 50 نەپەر قوغدىغۇچىسى بولۇپ، چېگرا سىرتىدىكى بانكىلاردا قويغان ئامانىتى نەچچە يۈز مىليونغا يېتىدىكەن، پۈتكۈل يەر شارىدىكى ساھىبجاماللار ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە ئىكەن.

بىر كۈنى توشقانجان تاشپاقىغا مۇسابىقىنامە ئەۋەتىپ، بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن كونا جايدا يەنە بىر قېتىم مۇسابىقىلەشكۈسى بارلىقىنى يېزىپتۇ.

بەسلەشمەي دېسە، ئاللىقاچان خەلقئالەمگە پۇر كەتكەن، بەسلىشەي دېسە، توشقان بۇ قېتىم ئىلگىرىكىگە ئوخشاش سەۋەنلىك سادىر قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر تاشپاقا يېڭىلىپ قالسا ھۇزۇر ـ ھالاۋەت، شان ـ شەرەپ، ساھىبجامال پەرىلەر ئۇياقتا تۇرسۇن، نوپۇزىنى ساقلاش مۇمكىن بولمايدۇ ـ دە، يەنىلا بېشىنى ئىچىگە تىقىپ تاشپاقا بولماقتىن باشقا چارە يوق ئىكەن. «بولمايدۇ! كاللا كېسىلسە مەيلىكى، يېڭىلىشكە رۇخسەت يوق!» دەپ ئويلاپتۇ تاشپاقا ھەمدە شۇ كېچىسى بىر مەخپىي پىلاننى تۈزۈپ چىقىپتۇ.

مۇسابىقە ھارپىسىدا توشقانجان تاغدىن چۈشۈپ مۇسابىقە مەيدانىغا يېتىپ كەپتۇ، بۇ چاغدا مۇسابىقە مەيدانى تاشپاقىنىڭ تۇنجى مۇۋەپپەقىيىتىدىن ئىبارەت تارىخىي ۋەقە تۈپەيلىدىن ئاللىقاچان سەيلىگاھقا ئايلىنىپ كەتكەن بولۇپ، مەيخانا، مېھمانخانىلار سېلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن يۈگۈرۈش يولى ناھايىتى مۇكەممەل ساقلانغانىكەن. تۇنجى مۇسابىقىدە توشقان يۆلىنىپ ئۇخلاپ قالغان ھېلىقى دەرەخ تېخىمۇ باراقسانلىشىپ سەيلىگاھنىڭ مەركىزىگە ئايلىنىپتۇ. «نومۇسنى ئاقلايدىغان چاغ كەلدى» دەپ ئويلاپتۇ توشقان ۋە شۇ كۈنى لايىقىدىكى بىر مېھمانخانىغا ئورۇنلىشىپتۇ.

توشقان مەيخانىنىڭ تاماقخانىسىدا كەچلىك غىزالىنىۋاتقان چاغدا ناز ـ كەرەشمىلىك ساھىبجامال توشقان خانقىز ئۇنىڭ ئۇدۇلىدىن ئورۇن ئاپتۇ. نەچچە مەرتەملىك بېقىشىشتىن كېيىن ئۇزاق مۇددەت تاغدا يۈرۈپ ئېچىرقىغان توشقانجان توشقان خانقىزغا دەرھال ئېتىلىپتۇ.

ئەتىسى مۇسابىقىدىن ئىلگىرى توشقان خانقىز ناھايىتى مۇلايىملىق بىلەن توشقانجانغا بىر رۇمكا سەپەر شارابى تەقدىم قىپتۇ. مۇسابىقە باشلانغان چاغدا توشقانجان ناھايىتى روھلۇق ھالدا تاشپاقىنى يىراق تاشلاپ كېتىپ قاپتۇ. ئۇ يۈگۈرە ـ يۈگۈرە بارغانسېرى پۇتلىرى ماغدۇرسىزلىنىشقا باشلاپتۇ. دەل ھېلىقى دەرەخ تۈۋىگە كەلگەندە توشقانجان قەدىمىنى زادىلا يۆتكىيەلمەي قاپتۇ ـ دە، بىر ئاز ئارام ئېلىۋېلىش ئۈچۈن دەرەخكە يۆلىنىپ ئۇخلاپ قاپتۇ.

مۇسابىقىنىڭ نەتىجىسى تارىخنىڭ ئاددىي تەكرارلىنىشىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، توشقان خانقىز تاشپاقىدىن 500 مىڭ سوم تاپان ھەققى ئالغانمىش ۋە تاشپاقىغا بىھوش دورا سېتىۋالغان تالوننى ئاتىچوت قىلغاندىن كېيىن غايىب بوپتۇمىش.

سەيلىگاھتىكى ھېلىقى دەرەخ تېخىمۇ باراقسان بولۇپ، تاشپاقىنىڭ خورىكىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈپتۇ. توشقانجان غەزىپىدىن كۆزىگە قان تولۇپ زادىلا ئەسلىگە كېلەلمەپتۇ. مانا بۇ توشقانجاننىڭ كۆزىنىڭ قىزىللىقىنىڭ سەۋەبىمىش.

داۋۇت ئادىل تەرجىمىسى (خوتەن يېزا ئىگىلىك مەكتىپى)

مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى



# قىيادىكى ئوۋچىنىڭ نالە - زارى

چىڭغىز ئايتماتوف، مۇختار چاقانوف

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

**ئايتماتوف:** تەقدىر - ئىرادە بىلەن قايسىبىر يىلى ساياقباي بىلەن چۈي ئۆلكىسىدىكى ئىگىلىكلەرنىڭ بىرىگە بارغىنىم ئېسىمدە. «قارالايېف كەپتۇ» دېگەن خەۋەر ھەش - پەش دېگۈچە تەرەپ - تەرەپكە تارقىلىپ كەتتى. يىراق يايلاقلاردىن، تاغ ئېتەكلىرىدىكى فېرمىلاردىن ئۈلگۈرەلىگەنلىرى ماشىنا بىلەن، بەزىلىرى تراكتورغا يامىشىپ، ھەتتا پىياق ماڭغان خالايىق تۇشمۇتۇشتىن چۇۋۇرلىشىپ كەلدى. قارالايېفنىڭ سەنئىتىگە ئىنتىزار بولغانلار شۇنچىلىك كۆپكى، ئۇلار كولخوزنىڭ كۇلۇبىغا پاتماي تەڭ يېرىمى سىرتتا تۇرۇشتى. بۇنى كۆرگەن قارالايېف «ماناس»نى ئوچۇق مەيداندا، خالايىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ ئېيتماقچى بولدى. ساياقباي كۇلۇبنىڭ ئالدىدىكى پەلەمپەيگە ئولتۇردى، ئورۇنبېلىشقان خالايىقنىڭ كۆپچىلىكى يەردە چازا قۇرۇپ ئولتۇرۇشتى، بەزىلىرى بولسا ماشىنىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، بەزىلىرى ئات ئۈستىدە تۇرۇپ، ئۇلۇغ نەزمىگە قۇلاق سېلىشتى. بىر چاغدا ئۇيۇقتىن كۆتۈرۈلگەن قارا بۇلۇت ئۇلارنىڭ ئۈستىگە كەلدى - دە، خۇددى تۈۋى تېشىلگەندەك قۇيۇۋەتتى. بىراق، قارالايېف يامغۇر بىلەن بەسلىشىپ نەزمە توكتى. ئۇچامدىكى قىرى بۇزۇلمىغان يېڭى شىم - كاستۇم بۇزۇلدى، دەپ خەۋپسىرىدىممىكىن، يالغۇز مەنلا كۇلۇبنىڭ بۇلۇڭىغا بېرىپ دالدىلىنىپتىمەن، قارىسام مەندىن باشقىسى مىدىر - سىدىر قىلمايدۇ، ئۇيالغىنىمدىن ئورنۇمغا يېنىپ كەلدىم. بېشىدىن چۈشكەن يامغۇر سۈيى پالچىققا يەتسىمۇ، تاكى ماناسچى نەزمىسىنى توختاتقۇچە ھېچكىم ئورنىدىن قوزغالمىدى.

بۇ ۋەقەدىن ئىلگىرى ئۆتكەن بىر قىزىق ۋەقە يادىمدا قاپتۇ:

1959 - يىلى، موسكۋادىن ئوقۇش تۈگىتىپ، يۇرتۇمغا يېڭىدىن قايتىپ كەلگەن ۋاقتىم. پارتىيە مەكتىپىنىڭ تىڭشارمەنلىرى ساياقباي قارالايېف، قاراموللا ئورازوفقا ئوخشاش قىرغىز خەلقىنىڭ نامى مەشھۇر ئەللامىلىرىنى چاقىرىپ، مەخسۇس ئۇچرىشىش ئۆتكۈزدى. تىڭشارمەنلەر يالغۇز قىرغىزلارلا ئەمەس، رۇس، گېرمانلار دېگەندەك خىلمۇخىل مىللەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى ئىدى. ئاقىنلارنىڭ يېرىمى دېگۈدەك رۇسچە بىلمەيتتى. ئارىسىدا تەرجىمانلىق قىلدىم. نۆۋەت ساياقبايغا كەلدى.

— «ماناس»نى قانچە يېشىڭىزدىن باشلاپ ئېيتتىڭىز؟ دەسلەپكى ئۇستازىڭىز كىم؟ بىر ئادەمنىڭ بېشىغا

مۇنچىۋالا زور نەزمە قانداق سىغدۇ؟ — دېيىشىپ، كەشلەر سوئالنى ئۇستىمۇستىلەپ ياغدۇرماقتا ئىدى.

—بالا ۋاقتىمدا قوي بېقىپ يۈرۈپ، بىر تېرەكنىڭ تۈۋىدە ئۇخلاپ قاپتىمەن،— دەپ ھېكايىسىنى باشلىدى قارالايېف، — پېشىن مەزگىلىدە ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈپۈرلىشىدىن ئويغىنىپ كەتتىم. قارىسام، ئارغىماق مىنگەن، گەۋدىلىك بىر كىشى توپتوغرا ماڭا قاراپ قويۇندەك ئۇچۇپ كېلىۋاتىدۇ. قولىدىكى نەيزىسى كۆن نۇرىدا ۋال – ۋۇل قىلىپ تۇرىدۇ. تۇلپارنىڭ ئىككى كۆزى چوغدەك يېنىپ، ئېغىزدۇرۇقىنى غاچۇر – غۇچۇر چايناپدۇ. ئۇ ئىلدام كېلىپ تىزگىنىنى تارتتى – دە، ئاتتىن ئالدىرىماي چۈشتى.

—ھەي بالا، بۇ نېمە يېتىش؟ — دېدى.

—ئۇخلاپ قاپتىمەن.

—سېنىڭ ئاغزىڭغا چوڭ قۇت قونىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن سەن «ماناس» داستانىنى ئېيتىسەن، قېنى ئاغزىڭنى ئاچ!

ئاغزىمنى ئېچىشىم بىلەنلا، ھېلىقى ئادەم ئاغزىمغا سىيىۋەتتى. ئاق مارجاندەك سوزۇلغان كۆپۈك شۇنچىلىك پۇرۇلداپ ئۇچتىكى، تۇنجۇقۇپ قالغىلى تاسلا قالدىم. كەينىدىنلا ھېلىقى ئاتلىق كىشى كۆزدىن غايىب بولدى. ماڭا ئۇچرىغان ئەرۋاھ بەلكىم خىزىردۇر، شۇنىڭدىن باشلاپ «ماناس»نى ئېيتىپ كەتتىم.

قارالايېف ھېكايىسىنى توختىتىدىغاندەك ئەمەس، مەن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ تەرجىمە قىلىۋاتىمەن. ۋەقەنىڭ دەل مۇشۇ يېرىگە كەلگەندە تەرلەپ قىينىلىمەن. دەلمۇدەل تەرجىمە قىلسام كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىدا ئاياللارمۇ بار، باشقا مىللەت ۋەكىللىرى «ئەرۋاھ»، «خىزىر» دېگەننى ئانچە چۈشىنەلمەسلىكى مۇمكىن. ئىلاج قىلالماي، ھېلىقى ۋەقەنىڭ ئەۋجىنى «ئاغزىمغا تۈكۈردى» دەپ تەرجىمە قىلدىم. بۇنىڭ ئۆزىمۇ تىڭشارمەنلەرگە بوش تەسىر قىلغىنى يوق. شۇنىڭدىن بېرى ئارىدىن نۇرغۇن يىللار ئۆتتى. بۇ ھەقتە ھېچكىمگە چىش يېرىپ بىر نېمە دېمىدىم. پەقەت يېقىندا بېلگىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن بىر ئۇچرىشىشتا قارالايېفقا مۇناسىۋەتلىك شۇ ۋەقەنى ئەينەن بايان قىلىپ بەردىم. بىر فرانسىيە يازغۇچىسى «بۇنى نېمىشقا يوشۇرۇپ يۈرگەنسىز؟ ئەڭ كارامەتلىك يېرى مۇشۇ ئەمەسمۇ؟» دەپ ھەيران قالدى.

**چاقانوف:** دۇنيادىكى خەلقلەرنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىدا نى – نى داستانلار بىلەن لىروئېپوسلۇق شېئىرلار، قىسسىلەر بىلەن ھېكايەتلەر بار. شۇلارنىڭ ھەرقاندىقى ئۆزىنىڭ كۆلىمى جەھەتتىن بىپايان «ماناس» قىسسىسىگە يېقىنمۇ كەلگەن ئەمەس. ئۇلۇغ گومېرنىڭ يۈكسەك ئىلھاملىق قەلىمىدىن تامغان «ئىلىيادا» بىلەن «ئودېسسا»نىڭ ئىككىسىنى قوشقاندا ھەجىم جەھەتتىن تەخمىنەن ماناستىن يىگىرمە ھەسسە ئاز، ھىندى خەلقىنىڭ ئېپتىخارىغا ئايلانغان «ماخابخاراتا»نىڭ ئۆزى قىرغىز قىسسىسىدىن ئىككى يېرىم ھەسسىگە يېقىن كەم. بۇ بۈيۈك قىسسىنى قىرغىزلارنىڭ خەت تونۇمايدىغان ئۇلۇغ داستانچىلىرى ئۇدا ئالتە ئاي ئېيتىپمۇ تۈگىتەلمىگەنىمۇ. ئادەمنىڭ بېشىغىمۇ مۇشۇنچىلىك نەرسە سىغىپ كېتىدىكەن – ھە! ھەر بىر دەۋرنىڭ ئاقىن – داستانچىلىرى «ماناس»نى ئېسىدە تۇتۇۋېلىپ كەلگۈسى ئەۋلادقا مىراس سۈپىتىدە قالدۇرغانىدى. دەل مۇشۇ مۆجىزە قىرغىز مىللىتىنى دۇنيادىكى يۈكسەك پاراسەتلىك خەلقلەرنىڭ ئالدىنقى قاتارىغا قوشتى. بۇرۇنقى ئەسىرلەردە «ماناس»نى ئېيتقان ئۇلۇغ داستانچىلارنىڭ نامىنى تارىخ ساقلاپ قالالمىدى. بەلكىم بۇ «ماناس»نى ئېيتىش ئەنئەنىگە ئايلىنىپ كەتكەچكە، ھەتتا بۇ بۈيۈك قىسسىنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئامانەت قىلىپ يەتكۈزۈپ تۇرۇشنى ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى، دەپ ھېسابلىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. پەقەت ئاخىرقى ئەسىرنىڭ چەمبىرىدىن ئالساق، ئۆزگىچە قۇدرەتلىك ماناسچىلارنىڭ سانى 40 تىن ئېشىپ كېتىدىكەن. شۇلارنىڭ ئىچىدە ساغىمباي ئورازباقوف ئەڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. 1930 – يىلى 63 يېشىدا يەنى پەيغەمبەر يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن بۇ كىشىدىن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ جان كۆيەرلىرى، 180 مىڭ مىسرالىق بىر نەچچە توملۇق قىسسىنى قەغەز يۈزىگە چۈشۈرۈۋالغان. ئۇ يىللاردا هازىرقىدەك ئۈنئالغۇ يوق، دۆڭگە چاپقان ئارغىماقتەك ئۇچقۇر ئىلھام ئىگىسىنى ئەمدى قىزىۋاتقان ۋاقتىتا توختىتىپ، ئېيتقانلىرىنى يېزىۋالغۇچە، قاڭتۇرۇپ قويۇش ئۇنىڭغا نېمىدېگەن ئازاب – ھە! بۇنداق چاغدا ساغىمباي شۇنچىلىك ئاچچىقلىنىدىكەنكى، يېرىلىپ كېتەيلا دەپ قالىدىكەن. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلۇغ قىسسىنى تۇنۇگۈندىن بۈگۈنگە ئۇلىغان قىرغىز خەلقىنىڭ خىسلەتلىك پەرزەنتلىرى – بالىق بىلەن كەلدىبەگكە، توغۇلۇق موللا بىلەن موللا باسانغا، يۈسۈپ ماماي بىلەن سەيدەنە ۋە باشقىلارغا تارىخ نامىدىن ئالقىش ئېيتىش پەرىز. قىرغىز ئەدەبىياتىنىڭ كلاسسىكى توغۇلۇق موللا (1860 – 1942) «ماناس»نى ئېيتىپلا قال-

ماستىن، يەنە ئۇنى خاتىرىلىگەن. ئەزان چاقىرىپ قويغان ئىسمى بايىمبەت بولسىمۇ، ئاۋۇلداشلىرى بالدۇر خەت تونۇغانلىقى ئۈچۈن موللا، ۋىجىككىنە، يۇملاق تۇرقىغا قاراپ توغۇلۇق (يۇملاق) دەپ ئات قويۇشۇۋالغاندى. ئۇ ئەنە شۇ توغۇلۇق موللا نامى بىلەن پۈتۈن ئالەمگە تونۇلغان ئەمەسمۇ؟

قىسسىچىنىڭ تۇغۇلغان يېرى نارىن ئوبلاستى ئاقتالا ناھىيىسى قۇرۇتقا ئاۋۇلىدىن ئىدى. بەرمەت يۇسۇپجانوۋا دېگەن كېلىنچەك ئىشخانامغا ئاتايىن ئىزدەپ كېلىپ، توغۇلۇق موللىنىڭ ئەرەب يېزىقى بىلەن مارجاندەك يېزىلغان قول يازمىسىنى ماڭا تەقدىم قىلدى. كلاسسىكنىڭ بىباھا مىراسىنى ھېيىقىپراق قولۇمغا ئېلىپ، زەن سېلىپ قارىسام، «ماناس» قىسسىسىنىڭ ئۆزى ئېيتقان نۇسخىسى ئىكەن.

— بۇنى مىللىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە تاپشۇرمىدىڭىزمۇ؟ — دېگىنىمدە، ئۇ ئايال:

— ئۆز ۋاقتىدا چوقان ۋەلىخانوف بىلەن مۇختار ئاۋىزوف باشلىغان قازاقنىڭ ئۇلۇغ پەرزەنتلىرى «ماناس»قا ئۆلچىگۈسىز ھەسسىلەرنى قوشتى. بۇ مىراسنى شۇ مۆھتەرەمگە ۋە سىزگە بولغان ھۆرمىتىمنىڭ نىشانى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىڭ، نەگە تاپشۇرۇپ، كىمگە ئۆتكۈزسىز، بۇ ئۆزىڭىزنىڭ ئىشى، مەن بۇ مىراسنى ئىشەنچىلىك قولغا بېرىپ، ۋەزىپەمدىن قۇتۇلدۇم، — دېدى.

ئەمدى مۇشۇ مىراسنى قىرغىز مىللىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە ھۆرمەت بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتىمەن.

ئايتماتوف: مۇختار، بۇ قىرغىز خەلقىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنچىسى ھەم ئۇنىڭ تايانچلىق پەرزەنتىگە ئايلانغانلىقىنىڭ دەلىلى. ئومۇمەن ئالغاندا، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ نى - نى جەۋھەر نۇسخىلىرى تېخىچە تولۇق توپلانمايۋاتىدۇ.

چاقانوف: مۇشۇ قىسسىچىلەرنىڭ پېشۋاسى ساياقباي قارالايېف ئىكەنلىكىنى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتتۇق. تۇرغۇنباي سادىقوف — ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە يېقىن - يىراق ئەللەردە زور ئابرۇيغا ئىگە، تېخى يېقىندىلا مەن ئۇ زاتقا قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ پرېزىدېنتى - نۇرسۇلتان نازارباييېفنىڭ نامىدىن «پاراسەت» ئوردېنىنى تاپشۇردۇم. تۇرغۇن ئاكا بىر قېتىم ساياقباينىڭ ھەيكىلىنى تاش بېتىگە قانداق چۈشۈرگەنلىكىنى ماڭا مۇنداق سۆزلەپ بەرگەنىدى:

«ماناس»نىڭ بۈيۈك ئابىدىسىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئۇنى ئېيتقان ئۇلۇغ سەنئەتكارلارنىڭ قىياپىتىنى ئىپادىلەي دېگەن خىيالدا، 70 - يىللارنىڭ ئىچىدە ئۇلۇغلارنىڭ ئاخىرقى ئەۋلادى، دەپ ئاتالغان ساياقباينىڭ قەددى - قامىتىنى مەرمەرگە تاراشلايمەن دەپ ئۆزى بىلەن ئۇزاق پاراڭلاشتىم، ئۆيىدە ئولتۇرۇپ سىرداشتۇق. باغلارنى ئارىلاپ سەيلە قىلدۇق. ئۇزاقتىن بېرى ساياقباي ئاكىنىڭ ۋاللىدە يانغان بىر پەيتىنى تۇتۇۋالالماي ئاۋارە بولدۇم.

— ساياقباي ئاكا، «ماناس»نى ئېيتىپ بېقىڭا، — دەۋەتتىم راسا قىينالغان بىر پەيتتە. ۋاي، نېمە دېگەن كارامەت دېسىڭىزچۇ! ماناسچى كۆز ئالدىمدا ئۆزگىرىپلا كەتتى. ھېلىقى ياۋاش ئاقساقالنىڭ سايىسىمۇ يوق. شېئىرىيەت دېڭىزىغا شۇڭغىغانسېرى، قاش - قاپاقلىرىدا چېقىن چىقىپ، ئىككى مۈرىسى چايقىلىپ، قولى بىلەن ھاۋانى ئوڭدىن - سولدىن قاماللىغىلى تۇردى. ماناسنىڭ قوڭغۇرباي بىلەن بولغان ئۇرۇشنى بايان قىلغان يەردە، ساياقباي شۇنچىلىك شىددەتلىك نەپەس ئالدىكى، ئەتراپىمدا بوران كۆتۈرۈلۈپ، دەل ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا مېنى ئۇچۇرۇۋېتىدىغاندەك ھېس قىلدىم. ماناسچىنىڭ يۈزىگە قارىۋېدىم، ئۇ پانىي ئالەمنى ئۇنتۇپ، ھېلى باقاي ئاقساقالغا، ھېلى شۇۋاق بىلەن ئەركۆكچىگە ئايلىنىپ كۆزىدىن ياش تۆكۈلۈپ، ئاچچىق تەرلەپ كەتكەن تۇلپارغا ئوخشاش ھالەتكە كەلدى. ماڭا لازىمى دەل مۇشۇ ھالەت ئىدى. مەن ئۇنىڭ مۇشۇ تۇرقىنى سىزىۋالدىم.

گويا قىرغىزلارنىڭ تاغ ۋە دالىلىرىنى قۇچىقىغا سىغدۇرماقچى بولغاندەك، ئىككى قولىنى كەڭ سوزغان ساياقباينىڭ ئىلھاملانغان پەيتىنى ئىپادىلىگەن شۇ ھەيكەل ھازىر بىشكەكتىكى توقتاغۇل ساتىلغانوف نامىدىكى دۆلەتلىك مۇزىكا زالىنىڭ ئالدىدا پېشانىسىنى ئاپتاپقا تۇتۇپ، ئۇلۇغ قىسسىنى مەڭگۈلۈككە كۈيلەپ تۇرۇپتۇ.

چىكە، قىرغىز بىلەن قازاقتا ئۇلۇغ سىمالار ئاز ئەمەس. شۇلارنىڭ بىرى، ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بۈيۈكى جامبىل جابايىف. قىرغىز بىلەن قازاققا بىر جان، بىر تەندەك ئايان بولغان جامبىل ھاياتىنىڭ ئاخىرقى توقسۇز يىلىدا قازاق ئەۋلادى چىقىپ باقمىغان ئابرۇي - ئېتىبار چوققىسىغا كۆتۈرۈلۈپ، «20 - ئەسىرنىڭ گومېرى» دەپ ئاتىلىپ كۆز يۇمدى.

ئايتماتوف: ھەئە، جامبىل قاراپايىم تۇرمۇشتىمۇ، شۇ چاغنىڭ مەدەنىي مۇھىتىدىمۇ ئاز ئۇچرايدىغان ھادىسە بولغانىدى.

چاقانوف: توغرا ئېيتىسىز، ماۋۇ ۋەقەنى ئاڭلاپ بېقىڭ، 1938 ــ يىلى گرۇزىن خەلقىنىڭ ئۇلۇغ شائىرى شوتاروستاۋېلىنىڭ «يولۋاس تېرىسى يېپىنغان باتۇر» داستانى يېزىلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى خاتىرىلىنىدۇ. پائالىيەتكە قازاقىستاندىن جامبىل باشچىلىقىدىكى بىر توپ ئەدەبىيات ۋە سەنئەت ئەربابلىرى قاتنىشىدۇ.

جامبىلنىڭ يېنىدا تەڭ دېمەتلىك ئىنىسى، مەشھۇر شائىر ھەم سازچى كەنەن ھازىربايېفمۇ بىللە بولىدۇ. شۇ سەپەردە 92 ياشتىكى جامبىلنىڭ بۈركۈت كۆزلىرى بىر گرۇزىن گۈزىلىگە چۈشۈپ قالامدۇ! قاش ــ كۆزلىرى ئويناپ تۇرغان مەجنۇنتالدەك ئەۋرىشىم ياش قىزنىڭ جىلۋە ــ نازلىرى ئاقساقالغا دەرھال يېقىپ، ئۇنىڭ يۈرەك باغرىنى ئۆرتەيدۇ.

ئايتماتوف: ۋاھ، بەللى، دېسەڭچۇ!

چاقانوف: مۇشۇ ۋەقەگە بېغىشلاپ مەن مۇنداق بىر شېئىر يازغانىدىم:

شاھ كۆڭۈلنىڭ ياشلىقىمۇ،
يا ئويغانغان ئارمانمۇ؟
تۈنۈگۈنكى يۈزگە كىرگەن شائىر جامبىل قېپتۇ ئىش.
ۋاھ، كارامەت، گرۇزىيىگە بارغاندا،
بىر گۈزەلگە خۇشتار، ئاشىق بوپتۇمىش.

مانا ئۆزى بۈگۈنكىنىڭ باتۇرى
ئۇچقۇر ۋاقىت ئاقساقالنى ئېگەلمەپتۇ ئۆزىگە.
بۇ نېمانداق قەيسەر ئۇزلۇق دەپ بىر ئورۇس شائىرى
ياش ئالغانىكەن كۆزىگە.

ھەئە، باردۇر بىر قېرىلار ئارغىمىقى ئارمانىدىن،
شىجائەتتە چاڭ كەلتۈرۈپ دالانى بىر ئالىدۇ.
گۈزەللىكنى ھېس قىلىشتىن قالغانلار
ھەممىدىنلا قالىدۇ.

يەر يۈزىدە يەل ئۆچەرگەن ئىز ئازمۇ؟
بوشاڭلارنىڭ يولى ھامان تار بولغان!
ئوتتۇز ياشتا موماي بولغان قىز ئازمۇ،
يىگىت ئازمۇ ئوتتۇزبەشتە چال بولغان!
كىم ياش، كىم چال،
ۋاقىت ئۆزى خىللايدۇ.
ئەر دېگەننى ئات قىپ مىن دەپ باغرىغا
خىيال ئۆزى چىللايدۇ.

چاللىق دېگەن ئوتى ئۆچۈش دېگەن سۆز،
ئوتى ئۆچكەننى ئاسمان ــ زېمىن، تەڭرى، بەندە تىللايدۇ.

بەختلىكسەن ھەر تاڭسېرى كۆزلۈڭنى
گۈزەللىكتە سۇغۇرۇشتىن قاچمىساڭ.
قېرىدىم دەپ ئالدىمىغىن ئۆزۈڭنى،
قېرىش ياشتا ئۆلچەنمەيدۇ ھېچقاچان.

ئايتماتوف: چىرايلىق قېرىشنى بىلىشنىڭمۇ بۈيۈك سەنئەت ئىكەنلىكىنى، يەنى قېرىسىمۇ ياشلىقنى يوقاتماسلىققا بولىدىغانلىقىنى سۆزى بىلەمۇ، ئەمەلىيىتى بىلەنمۇ ئىسپاتلاپ ئۆتكەن، ساناقلىق ئاقساقاللىرىمىزنىڭ بىرى مۇشۇ جامبىل ئىكەنلىكىگە قىل سىغمايدۇ، ئەلۋەتتە. بۇ ئاشىقلىق ھەققىدىكى ھېكايەتنى ئەپسانە، رىۋايەت سۈپىتىدە قوبۇل قىلىش كېرەك. بۇنىڭدا خىياللار پەرۋازى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. تۇغما شائىرلىق كارامىتىنىڭ ئۆزى مۇشۇنداق ئەمەسمۇ، ئىلگىرى كونا تۈزۈلمە مەزگىلىدە خەلق ئىچىدىن قايناپ چىققان ئىقتىدارلىقلارنىڭ نەسىھەتكويلار سۈپىتىدە سۇيىئىستېمال قىلىنغىنى ئەمەلىيەت. خەت تونۇمىغاچقا، جامبىل ئاقساقالغا مەخسۇس كاتىپ تەقسىم قىلىپ ھەتتا كۈيلەيدىغان ماۋزۇلىرىنىمۇ تاللاپ بېرىشمىگەنمىدى؟

چاقانوف: جامبىل توغرىسىدا ھازىرمۇ خالايىقنىڭ ئىچىدە ئەپقاچتى گەپلەر ساماندەك. بىرى جامبىلدا ئىقتىدار يوق دېسە، يەنە بىرى شەخسكە چوقۇنۇشنىڭ كەتمىنىنى چاپتى، دەپ ئەيىبلىشىدۇ. لىللا گەپ قىلساق، شۇ چاغدىكى يازما ئەدەبىياتنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىنىڭ بىردە بىرەرى بولمىسا، قالغانلىرى پۈتۈنلەي لېنىن بىلەن ستالىنغا كۈي بېغىشلاپ، ئۇلارنى بەس ــ بەس بىلەن ماختاشمىدىمۇ؟ دەۋر شۇنداق دەۋر بولدى، يەنە كېلىپ ئۇ چاغلاردا خەلق داھىيلىرىغا مۇتلەق ئىشەندى. ھەرقانداق بىرىگە ئۇنى ئۆز زامانىسىدىن ئايرىۋېلىپ ياكى ئۇنىڭغا بۈگۈنكى نۇقتىئىنەزەر بىلەنلا قاراپ، بىر تەرەپلىمە باھا بەرسەك، چوڭ ئادالەتسىزلىك قىلغان بولىمىز...

ئايتماتوف: توغرا دېدىڭ!

چاقانوف: جامبىل ئاقساقال قىرغىزنىڭ داڭلىق شائىرلىرى ۋە نەغمە ــ ناۋاچىلىرى بىلەن قىيامەتلىك دوست، قېرىنداش بولۇپ، ئۆز سەنئەتلىرى بىلەن ئىككى خەلقنى سۇغۇرۇپ تۇرغان ئىدىغۇ، بۈيۈك تالانتلىقلارنىڭ گاھىدا ئۆز مۇھىتىغا پاتماي قالىدىغان تۇسۇنلۇقىمۇ بار-

فۇ؟ ئۇلار باشلىرىغا ئېغىر كۈنلەر چۈشكەندە بىر ـ بىرىگە پاناھ بولۇشقانىدى.

ئايتماتوف: قىرغىز خەلقىنىڭ ئاتاقلىق شائىرى توختاغۇل، يىراق سىبىرىيىدە سۈرگۈندە يۈرگەن يېرىدىن قېچىپ چىقىپ، ئۆز ئاۋۇلىغا بارماي، ئالدى بىلەن جامبىلنىڭ يېنىغا بارغىنى مۇشۇ قېرىنداشلىقنىڭ دەلىلى ئەمەسمۇ!

چاقانوف: ئەلۋەتتە، جامبىل ئاقساقال ئۆز ۋاقتىدا «ماناس»نى تاڭنى تاڭغا ئۇلاپ ئېيتقان ئەمەسمۇ، شۇنداقلا بۇ قىسسىنى ئېيتقاندا قىرغىزلارنىڭ نۇرغۇن قىسسىچىلىرىدىن ئېشىپ كەتكەن. ئاتاقلىق كۈيچى مۇراتالى بىلەن بەسكە چۈشكەنلىكىنى ئاڭلىغانمىدىڭىز؟ شۇ بەس ـ بەستە جامبىل قىرغىزلارنىڭ 13 كۈيىنى، مۇراتالى قازاقلارنىڭ 15 كۈيىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇندىغانلىقىنى كۆپنى كۆرگەن بوۋايلار يېقىنقى چاغلارغىچە تىللاردا داستان قىلىپ ئېيتىشىپ كەلدى. مەسىمقان بەيسەبايىف دېگەن ئاقساقال ئۆز ۋاقتىدا قازاقىستان مىنىستىرلار كېڭىشىنىڭ رەئىسى بولۇپ خىزمەت قىلغانىدى، شۇ كىشىنىڭ جامبىل توغرىسىدا ئېيتقان بىر قىزىق ھېكايىسى ئېسىمدە قاپتۇ:

«ئالمۇتا ئوبلاستلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ بىرىنچى شۇجىسى بولۇپ ئىشلەۋاتقان چاغلىرىم ئىدى،—دەپ ھېكايىسىنى باشلىغانىدى ئۇ، ـ جامبىل ناھىيىسى ئالمۇتا ئوبلاستىغا قارايدۇ، جامبىل ئاقساقالنىڭمۇ ئاتاق ـ ئابرۇيى ئاسمانغا تاقىشىپ، ستالىننىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، پۈتكۈل كېڭەش ئىتتىپاقىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان چاغلىرى. بىر كۈنى:

—ۋاي ئاللا! توۋا، جامبىل ئاقساقال 100 ياشقا بىر نەچچە قەدەم قالغان چېغىدا بوسۇغامنى يەڭگۈشلەيمەن، خوتۇن ئالىمەن، دەپ جېدەل قىلىۋاتىدۇ. سۆزلىشىپ، ئىشنى پىشۇرۇپ قويغان ئادىمى بار ئىكەن، قاراردىن قايتىدىغان ئەلپازى يوق، — دېگەن خەۋەر كەلدى. قازاقىستان كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شۇ چاغدىكى بىرىنچى شۇجىسى جۇماباي شاياقمەتوف بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق چۆچۈپ كەتتى. ئىككى قولنى كەينىگە قىلىپ، ئىشخانىسىدا ماڭغىنىچە توختىمىدى. ھەقىقەتەنمۇ خەلقىمىزنىڭ ئار ـ نومۇسى ھېسابىدا ئۇلۇغلاپ، بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرۈۋاتقان مۆھتىرەم كىشىنىڭ تۇرۇپلا بۇزۇلۇپ بوسۇغا يۆتكەيمەن، دېگىنى بىر تەرەپتىن كۈلكىلىك بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن شۇ چاغلاردا شەكىللەنگەن مۇتەئەسسىپ ئەخلاقىقا زىت ئىكەنلىكى روشەن ئىدى.

—بۇ سەتچىلىكنى ھېچكىم ئاڭلىمىسۇن! — دېدى جۇماباي شاياقمەتوف، — دەرھال توسۇش كېرەك، ئاقساقال ئالىمەن، دەپ ئىشتىياقى چۈشۈپ قالغان ھېلىقى ئايالنىڭ كىمى بار ئىكەن؟

—كولخوزدا ئىشلەيدىغان بالىسى بار ئىكەن، دەپ ئاڭلىدىم.

—دەرھال ناھىيىنىڭ بىرىنچى شۇجىسى ۋە كولخوز باشقارمىسى بىلەن خەۋەرلەش، ئايالنى دەرھال يالتايتسۇن، بىراق، بۇنى جامبىل بىلمىسۇن، بۇ ئىشنى بالىسى ئارقىلىق قىلىش كېرەك. ئاپىسىغا ئىگە بولالماي يۈرگەن لايغەزەل نېمىمۇ ئۇ! ناۋادا بۇ ئىشلارنى قىلالمىساڭ، خىزمىتىمدىن ئايرىلدىم دېسەڭ بولىدۇ، — دەپ شاياقمەتوف مۇشتۇمى بىلەن ئۈستەلگە بىرنى ئۇردى.

ئىشنى يولباشچىنىڭ ئېيتقىنىدەك قىلىپ ئەپلەشتۈردۇم. ئايالمۇ جامبىلغا تېگىمەن، دېگەن سۆزىدىن يالتايدى. كۆڭلىمىز جايىغا چۈشۈپ، خۇش خەۋەرنى شاياقمەتوفقا يەتكۈزۈشكە ئالدىرىدۇق.

—ھە، بارىكاللا! بىر ئايالغا كۈچۈڭلار يەتمىسە، قانداقسىگە يۇرت سوراپ يۈرىسىلەر، —دەپ ئەركىن نەپەس ئالدى رازى بولغان بىرىنچى شۇجى ۋە قىلغان ئىشىمىزنىڭ شائىرنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ قالماسلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى.

ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، جامبىل ئېغىر كېسەل ئىكەن، دېگەن خەۋەر كەلدى. ھۆكۈمەت بىلەن پارتىيىنىڭ جۇماباي شاياقمەتوف باشچىلىقىدىكى بىر توپ رەھبەرلىرى بىلەن يولغا چىقتۇق. جامبىل ئاقساقالنىڭ ئاۋۇلى ئالمۇتادىن 70 چاقىرىمدەكلا كېلەتتى. ئازادە، سالقىن، گۈزەل دىيار ئىدى. بارساق جامبىل ئاقساقال ئۆيىنىڭ تۆرىدە تەتۈر قاراپ سۇنايلىنىپ يېتىپتۇ. تۇرنىلاردەك تىزىلىشىپ تۇرۇپ قىلغان سالىمىمىزنى ئىلىك ئالمىدى. قەستەن تەتۈرلۈك قىلىپ يېتىۋالغانلىقىنى بىلدۇق.

—ئەسسالامۇئەلەيكۇم جامبىل ئاقساقال، — دەپ شاياقمەتوفتىن باشلاپ يېڭىۋاشتىن سالام بەردۇق. بۇ قېتىم جامبىل ئاقساقال تەتۈر قاراپ ياتقان پېتى قۇلىقىنىڭ يېنىدىن قولىنىڭ ئۇچىنى سۇندى. شۇ ئەسنادا ئۆيگە كىرگەن كېلىنى جامبىل ئاقساقالنىڭ تۆشكىنىڭ ئاستىدىكى چىلاپچىنى ئېلىپ سىرتقا ماڭدى. سەل ئۆتۈپ جامبىل ئاقساقال ئاستا ئۆرۈلۈپ، بېشىنى ياستۇققا قويدى ۋە:

—ئۆيلىنەي دېگىنىم، تېرەمگە سىغماي كېتىۋاتقىنىمدىن ئەمەس، «يول ئوتتۇرىدا ئېتىلىپ ئۆلمىسۇن» دېيىشىدىغۇ، مومىيىم كېتىپ قالغاندىن كېيىن غېرىبسىنىپ، كېلىنىمنىڭ قولىغا قالدىم، قېيناتىسىنىڭ تەربىتىنى تۆكۈپ يۈرگىنىنى بايقىغانسىلەر، ئۇنىڭغا ئۇۋال بولدى، موماي بولسا كېلىنىمگە بۇنچە ئېغىرچىلىق سالماس ئىدىم. بۇنى سىلەر ئويلاپ كۆردۈڭلەرمۇ؟ تالاي يىللار قازاق ئېلىنى باشقۇرۇپ يۈرۈپمۇ، بېشىڭلاردا قۇشقاچنىڭ مېڭىسىچىلىكمۇ مېڭە يوق، — دەپ يۈزىنى يەنە تەتۈر ئۆرۈۋالدى.

ئايتىماتوف: «سىرلىق ئاياقنىڭ سىرى كەتسىمۇ، سىنى كەتمەيدۇ» دېگەن مۇشۇ. قازاقلار بىلەن قىرغىزلارنىڭ داڭلىق شائىرلىرى سۈيۈنباي بىلەن قاتاغاننىڭ، جامبىل بىلەن توختاغۇلنىڭ، توغۇلۇق موللا بىلەن ئۇمبەت ئەلىنىڭ، كەنەن بىلەن ئەلىمقۇلنىڭ ئىچقويۇن - تاشقويۇن ئارىلىشىشى پۈتكۈل خەلقنىڭ تىل بىرلىكىگە، ئۆزئارا ئىتتىپاقىغا نىگىز بولغان ئەمەسمۇ! جامبىل بىلەن شابداننىڭ ئۆزئارا ھۆرمەتلىشىپ، قىيامەتلىك دوست بولۇپ ئۆتكەنلىكى ئۆز ئالدىغا بىر تارىخ.

چاقانوف: ھەئە، شابدان باتۇر رۇس ئارمىيىسىدە پولكوۋنىك ئەملى بىلەن ئاقسۆڭەكلىك ئۇنۋانىنى ئالغانىدى. بىراق، بۇ مەنسەپلىرىنى ئاللىكىملەردەك ئۆز ئېھتىياجىغا ئەمەس، بەلكى خەلق مەنپەئىتىگە ئىشلەتكەن. ئۇ يەنە قىرغىزلار بىلەن قازاقلار ئىچىدىكى سەنئەتكارلارنى تەڭ قەدىرلىگەن، داڭقى چىققان ھۆكۈمران ئامبال بولسىمۇ كىچىك پېئىل، كۆڭلى - كۆكسى كەڭ، مەرد ئادەم ئىدى. شۇ تاپتا، ئاسقار ئاقايىف ئېيتقان مۇنۇ پاراڭلار ئېسىمگە كەلدى:

قازاق خەلقىنىڭ يەتتە سۇيىنى شېئىر - نەزمىلىرى بىلەن تەۋرەتكەن جامبىل ئاۋۇلنىڭ جاھىل، ھاكاۋۇر ھۆكۈمرانلىرىغا قېيدىسا «بىر تۇغقىنىم قىرغىزىمغا - شابدانىمنىڭ يېنىغا كېتىمەن» دەپ ئالىتاغىنىڭ كۈنگەي تەرىپىگە قاراپ ماڭىدىكەن. بىر قېتىم چوڭ كەمىندە (يەر ئىسمى) ئولتۇرغان شابدان ئامبال گېنېرال گوبېرناتور كولپاكوۋىسكىنىڭ چاقىرتىشى بىلەن پەيتۇننى قوشتۇرۇپ، يېنىدا ماڭىدىغان كىشىلەرنى تاللاپ، ئەمدى ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا، ئىشىكنىڭ ئالدىغا جامبىل كېلىپ ئېتىنى باغلىغانمىش.

—توختاڭلار! كولپاكوۋىسكى يېرىم پادىشاھ بولسىمۇ، جامبىلدىن چوڭ ئەمەس. سەپەرگە ئىككى - ئۈچ كۈندىن كېيىن جامبىل ئاقساقالنى ئۇزىتىپ ئاندىن بارىمىز، — دەپ شابدان شائىر دوستىغا ئالايىتەن ئالتە قاناتلىق كىگىز ئۆي تىككۈزۈپ، يۇرت كاتتىلىرىنى چاقىرىپ، جامبىلغا «ماناس»نى، «سۇرانچى باتۇر»نى تاڭ ئاتقۇچە ئېيتقۇزۇپ يۇخادىن چىقىپتۇ.

قىرغىزلار بىلەن قازاقلارغا سېخىي مېجەزى بىلەن مەشھۇر بولغان شابداننىڭ قىرانىغا يەتكەن چاغدا چۈشكەن سۈرىتىدە مەيدىسىگە تاقىغان ئىككى مېدالى بار ئىدى. ئەمدى ياشىنىپ، ئامىتى كەتكەن چاغدىكى سۈرىتىدە شۇ مېداللارنىڭ پەقەت بىرسىلا تۇرۇپتۇ. بۇنىڭ سەۋەبى مۇنداق:

بىر كۈنى شابدان ئۆيدە ئولتۇرسا، ئەل كېزىپ يۈرگەن بىر قەلەندەر ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەپتۇ. شابدان ئۇنىڭدىن ھال سورىسا، ئۇ ئاتا - ئانىسىدىن كىچىك يېتىم قالغان، قېرىنداش تۇغقىنى يوق كەمبەغەل ئىكەن. شابدان سەدىقە بېرەي دەپ بېلىگە قارىسا، دەماللىققا قولىغا چىققۇدەك بىر نېمە تېپىلماپتۇ. پۈتكۈل دۇنيا - دەپنىسى سورۇلۇپ، پەقەت بىرلا بۇقىسى قالغان چاغلار ئىكەن. شۇ چاغدا ئۇ مەيدىسىدىكى رۇس پادىشاھىدىن ئالغان قوش ئالتۇن مېدالنىڭ بىرىنى چىقىرىپ، قەلەندەرنىڭ ئالقىنىغا سېلىپ:

—بېشكەكنىڭ بازىرىغا ئاپىرىپ سات، پۇل قىل ياكى مالغا ئالماشتۇر، ھاياتىڭنى ئۆزگەرتىشنىڭ غېمىنى قىل، — دەپتۇ.

بايەكە دېگەن كىشىنىڭ سەدەپ ئىسىملىك ئوتى بىلەن كىرىپ، كۈلى بىلەن چىقىدىغان چاكىرى بولغانىكەن. ئۇ ئالغاي، تىلى كەمتۈك، ھاۋشىغۇدەك ئىتىمۇ يوق، ئىككى تال كەرەگەنىڭ (كىگىز ئۆينىڭ ئالدىنقى بادرىسى) بېشىنى قوراشتۇرۇپ ياسىغان ئالچۇق (ئەڭ ئاددىي كىگىز ئۆي) ئۆيىلا بار بىچارە بايقۇش ئىكەن، ئاچچىقى كەلگەندە «يا ئەر ئالمىدى، يا يەر ئالمىدى» دەپ بەختسىز تەقدىرىنى قارغايدىكەن.

بىر يىلى بايەكە كۆزلەكتىن قىشلاققا كۆچكەندە، ھېلىقى ئايال كۆزلەكتە يالغۇز قېلىپ، تۈن بويى ئالاجىقنى بۆرە ياقىلاپ، شېرىن جېنى كۆزىگە كۆرۈنۈپ چىقىپتۇ.

ئەتىسى چاشكا مەزگىلىدە سەدەپ ئىشىكى ئالدىدا تۇرسا، يېقىنلا يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان شابدان بىلەن بايەكە باشچىلىقىدىكى بىر توپ ئاتلىقلارنى كۆرۈپ يۈرىكى يېرىلغۇدەك خۇشال بولۇپ:

—شابدان باتۇر، ماقىسىم ئىچىپ كېتىڭ، — دەپ كۆچەپ ۋارقىراپتۇ، بۇنى ئاڭلىغان شابدان يېنىدىكى ھاكىم،

بولۇسلارنىڭ (مەنسەپ نامى بولۇپ، كەنت باشلىقىغا تەڭلىشىدۇ) شاپتۇل قېقىشلىرىغا قارىماي، ئېتىنىڭ بېشىنى ئالاچىققا بۇراپتۇ.

سەدەپ گىرۋىكى پۈچۈق قاچىغا قۇيۇلغان ماقسىمنى (يارما) شابدانغا سۇنۇۋاتقاندا، بايەكە:

— ھەي دېدەك، بۇنېمەڭنى باتۇر ئىچمەيدۇ، نېرى ئاپار، — دەپ قولى بىلەن قاچىنى توسۇۋاپتۇ.

— ئادەت بويىچە بىز لوقمىدىن چوڭ ئەمەس، ئەكەل بۇياققا، — دەپ ئات ئۈستىدە تۇرغان شابدان ماقسىمنى ئىچىۋېتىپتۇ.

— پاھ! نېمىدېگەن ھۇزۇر! ماقسىمىڭىز ئاغزىمدا قالدى، ئۇسساپ كەتكەنىدىم، تازا قېنىۋالدىم. بۇگۈنچە چىداپ تۇرۇڭ، بىزنىڭ ئاۋۇلنىڭ يىگىتلىرى ئەتە كېلىپ، كۆچۈرۈپ كېتەر، — دەپ ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپتۇ ۋە بىردەم ماڭغاندىن كېيىن:

— ھەي بايەكە، ئاۋۇلۇڭدىكى ھېچنېمىسى يوق بىر ئايالغا شەپقەت كۆرسىتەلمەي تۇرۇپ، يۇرت سورايمەن دېگىنىڭ نېمىسى، — دەپ ۋارقىراپتۇ. كېيىن شابدان سەدەپكە تۆت قاناتلىق قارا ئۆي تىككۈزۈپ، ئالتە قوي، بىر بايتالنى ئاپىرىپ بوسۇغىغا باغلاتقۇزۇپتۇ. شۇ چاغدا، شابدان ئامبال بىچارە ئايالنىڭ ئېلىپ كەلگەن ئۇسسۇلۇقىنى ئۇسسىغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى يېرىم كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالسۇن، ئىستىقبالدىن ئۈمىد ئۈزمىسۇن دېگەن مەقسەتتە ئىچىپتىكەن.

رۇس پادىشاھىنىڭ مۇستەملىكە سىياسىتىگە ئۆمۈربويى قارشى تۇرغان ئالايىنىڭ ئايال پادىشاھى، دەپ نام چىقارغان قۇرمانجان دانقىنى گېنېرال سكوبىلوف ئەسىرگە ئېلىپ:

— باللىرىڭ نەدە؟ — دەپ سورىغاندا، قەيسەر ئايال:

— چىنارى قولۇڭلاردا، شاخ - شۇمبىلىرى نەگە كېتەر؟ — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئايالنى گېپىگە كىرگۈزەلمەي غەزەپلەنگەن گېنېرال قۇرمانجاننىڭ كەينىگە 30 ئەسكەرنى كۆزەتكە قويۇپ، قاماقتا تۇتۇپ تۇرغان چاغدا، شابدان ئارىغا كىرىپ:

— ئەگەر دانقا قېچىپ كېتىدىغان بولسا، مېنى ئېتىڭلار! — دەپ قۇرمانجاننى بوشاتقۇزۇۋاپتۇ.

شابدان 1901 - 1911 - يىللار ئارىسىدا تۇغۇلغان يېرى چوڭ كەمىنىگە «شادمانىيا مەدرىسى» ئاچقان. ئۇ يەردە بىلىم ئالغان قىرغىز، قازاق، ئۆزبېك، رۇس باللىرىنى ۋېرنىيدىكى ئوتتۇرا مەكتەپكە، بىشكەكتىكى باغۋەنچىلىك مەكتىپىگە كىرگۈزگەن. باتۇر قېرىغان چېغىدا باللىرىغا:

— ئامبالنىڭ ئاخىرى مانا مەن شۇ، سىلەر مەنسەپتىن تەمە قىلماڭلار، بايلىقمۇ، بايلىق بىلەن كەلگەن ئاتاقمۇ بىقارار نەرسىلەر ئىكەن. ئۇنىڭدىن يەر ئاغدۇرۇپ، ئاشلىق تېرىڭلار، ھالال كۈن كۆرۈڭلار، — دەپ ۋەسىيەت قىپتۇ.

ئايتماتوف: تارىخ ئادەتتە ھۆججەتلەشتۈرۈلگەن ھەقىقەتلەر بىلەن ئىسپاتلىنىپ تۇرىدۇ. خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇشىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر بولسا، كۆپىنچە رىۋايەت - ئەپسانىلەرگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. زامانداشلىرى بىلەن كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ۋەقەلەرگە بولغان كۆز قاراشلىرىمۇ شۇنىڭ بىلەن غۇۋالىشىپ بارىدۇ. ۋەقەلەرنىڭ ماھىيىتى بىلەن خەلقنىڭ باھاسىنى كۆرسىتىدىغان رىۋايەت - ھېكايەتلەر بىزگە مۇشۇنداق يېتىپ كېلىدۇ. مەسىلەن، شابدان ھەققىدە ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان ھېكايىلەرنىڭ يەنە بىرى مۇنداق:

1912 - يىلى بولسا كېرەك، شابداننىڭ روھىغا ئاتاپ ئاش بېرىلىدۇ. ئالتاغىنىڭ كۈنگىيى بىلەن تەسكىيىدىكى ئەل - يۇرتنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئاشقا چاقىرىلىدۇ. شابدان باتۇر بىلەن ھايات ۋاقتىدا ئۆزئارا تولىمۇ ھۆرمەتلىشىپ ئۆتكەن جامبىل ئىنىلىرىدىن كەنەن بىلەن ئۇمبەت ئەلنى ئەگەشتۈرۈپ، سورۇنغا بىر كۈن بۇرۇن كەپتۇ. بەيگە ئاياغلىشىپ، ئېيتىشىشقا نۆۋەت كەپتۇ. ئىككى ئەلنىڭ چوڭ ئاقىنلىرى نۆۋەت بىلەن توپتىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، نەزمە يالقۇنىنى يېلىنجىتىدۇ. نۆدەر بەگلەر بىلەن نۆۋەر ئامباللار قىزا - قارتىغا تويۇپ، قىمىزدا قىزىپ ئولتۇرۇشقاندا، قازاق ئاقىنى ئۇمبەت ئەلى كاربايىڭ دومبىرىسىنى قولىغا ئېلىپ، قىرغىزلار بىلەن قازاقلارنىڭ قېرىنداشلىقىنى، شابدانغا ئوخشاش باھادىرنى، توختاغۇلدەك تەڭداشسىز تۇلپارنى ناخشا قىلىپ ئېيتىدۇ. توختاغۇلنىڭ ئىسمى چىقىشى بىلەنلا، خۇشال ئولتۇرغان بەگلەرنىڭ بىرى كىرپىدەك تۈگۈلۈپ:

— قىسقارت! ھەي ئەيىبكار قاچقۇن، چىق ئۆيدىن! — دەپ جامبىلنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرغان توختاغۇلغا ۋارقىرايدۇ. ئۇلۇغ ئاقىننىڭ سىبىرىيىدىن سۈرگۈندىن قېچىپ كەلگەنلىكىنى يۈزىگە سالماقچى بولىدۇ. بۇ چاغدا جامبىل غەزەپكە كېلىدۇ:

— ھەي بالا! — دەيدۇ بەگكە قادىلىپ، — شابدان


ئۈرۈمچى «مەھمۇدىيە» كىتابخانىسىدىكى ئەمەتجان، سودىڭىز راۋاج تاپسۇن!

پەقەت قىرغىزلارنىڭلا دۇنياغا بىر كەلگەن ئوغلانى ئەمەس، ئۇ قازاق خەلقىنىڭمۇ كۆپ شاپائىتى تەگكەن قەدىردانىمىز. مانا توختاغۇلمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ئىككى خەلقنىڭ ئورتاق پەرزەنتى. بىرىنى ماختا، بىرىنى داتلا دېگەن قانداق گەپ؟ توختاغۇلدەك ئاقىننى قىرغىز بىلەن قازاق ئاياللىرى بىر ئەسىردە بىرلا قېتىم تۇغۇشى مۇمكىن. ئەمدى توختاغۇلغا قارشى بىر ئېغىز گەپ قىلىندىكەن، بۇ يەردىن كېتىمەن، — دەپتۇ.

لىللا گەپكە قايىل بولغان شابدانىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى جامبىلغا كىمخاپ تون يېپىپ ئالدىغا ئاق بوز ئارغىماقنى قويۇپتۇ. بۇ چاغدا جامبىل:

— ھۆرمەت قىلغىنىڭلارغا مىڭ رەھمەت! بۇ مۇكاپاتنىڭ ئىگىسى توختاغۇل بولسۇن، سىبىرىيەدىن قول - ئىلكى قىسقىراپ كەلدى ئەمەسمۇ، — دەپ ئەلكۈن ئىچىدە قىيامەتلىك دوستىنىڭ ئابرۇيىنى يەنە بىر قېتىم كۆتۈرۈپ، ئۆزىگە تارتۇق قىلىنغان ئىنئامنى توختاغۇلغا بېرىۋېتىپتۇ.

چاقانوف: پانىي دۇنيادىن كۆرىدىغان قىزىقى، يەيدىغان رىزقى تۈگەشتىن سەل بۇرۇن جامبىل ئاقساقال ئۆپچۆرىسىگە ئاۋۇلداشلىرىنى، قېرىنداش - تۇغقانلىرىنى يىغىپ:

— قەدىردانلىرىم، يېقىندا ئاراڭلاردىن قايتماس سەپەرگە ئاتلانغىلىۋاتىمەن. چۈشۈمدە سۇرانچى سارباي تاپشۇرغان قىزىل يولۋاس بوسۇغامدىن چىقىپ، ئالتاغىنىڭ كۈنگەي تەرىپىگە قىرغىزلارغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. كەينىدىن ئۇنى شۇنچە چاقىرساممۇ قايرىلمىدى. جەسىتىمنى ئۆزۈمنىڭ بېغىغا دەپنە قىلىڭلار، — دېگەنىكەن.

چىنكە، خەلقىمىزنىڭ ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان باتۇرلىرى، دانىشمەنلىرى ۋە ئاقىنلىرىنىڭ ھەممىسىگە نېسىپ بولمايدىغان، پەقەت بۇنىڭ ئىچىدىكى سەرخىللىرىغىلا نېسىپ بولىدىغان ياۋايى ھايۋانلار سۈرىتىدىكى قوللىغۇچىلىرى بولىدۇ دېيىشىدۇ. ئۇلار ھەر دائىم چۈشكە كىرىپ، بېشارەت بېرىپ، ئۆز نىشانلىرىنى قوللاپ، قوغداپ تۇرغان.

مەسىلەن، غاز تاۋۇشلۇق قازبەگنىڭ قوللىغۇچىسى قوش قاپلان، كەمپىرباي ئاقىننىڭ چىپار ئۆردەك، جامبىل ئاقساقالنىڭ يولۋاس ئىدى، دېيىشىدۇ.

جامبىلنىڭ ئەۋلادى يازغۇچى تاغاشبەگ قاپالبەكوف دېگەن ئىنىمىز، ئوغلىمىز ئاسقارنى ئەگەشتۈرۈپ، ئاقىننىڭ ئاۋۇلىغا كەلگىنىمىزنى، جامبىلنىڭ خىسلەتلىك بېغىغا بالىمىزنى يۆلىتىپ، قەبرىسىنى تاۋاپ قىلغانلىقىمىزنى سۆزلەپ بەردى.

ئايتماتوف: ھەممىسى باياتىن ئۆزۈڭ ئېيتقان قېرىنداشلىقنىڭ ساداسى ئەمەسمۇ، ياش ۋاقتىمدا بىر ئاقساقالدىن ئاڭلىغان مۇنۇ ۋەقەنى سۆزلەپ بېرەي:

جامبىل ئالەمدىن ئۆتكەندە ھۆكۈمەت بېشىدىكى قايسىبىرىنىڭ بېپەرۋالىقىدىن قىرغىز ئېلىگە خەۋەر تەگمەپتۇ، مەرھۇمنىڭ يەتتە نەزىر كۈنى تاماق تارتىلىۋاتقاندا، ئاتلىرى قارا تەرگە چۆمۈلگەن پېتى ئالىمقۇل باشچىلىقىدىكى قىرغىزلارنىڭ ئۈچ تۆكمە ئاقىنى بوتىدەك بوزلاپ يېتىپ كەپتۇ ۋە ئات ئۈستىدىلا قومۇزلىرىنى سازلاپ:

— ۋاي، بىر تۇغقان قېرىنداشلار! جاكەم پەقەت قازاقنىڭلا پەخرى، قازاقنىڭلا مۈلكىمىدى؟ قىرغىزلارسىز جاكەمنى قانداق كۆمدىڭلار؟ تۈگىمەس خاپىلىقىمىز بار، قەبرىسىنى ھازىر ئېچىڭلار، قىرغىز خەلقى نامىدىن بىر ئوچۇمدىن توپا سالىمىز — دېيىشىپ، نۆۋەت بىلەن خەزمە ئېيتىپ تۇرۇۋاپتۇ.

ئۇياتتىن ئۆرتەنگەن ئەل - يۇرت قېرىنداشلىقنىڭ يوللۇق رەنجىشىدىن يەرنى كولاشتىن باشقا ئامال تاپالماپتۇ. شۇ چاغدا كىشىلەر ئالامان ئارىسىدىن جامبىلنىڭ ئىزىنى بېسىپ كېلىۋاتقان ئىنىسى ئۇمبەت ئەلى كاربايېف دەس تۇرۇپ، دومبىرىنى قولىغا ئېلىپ ئۇزاق نەزمە ئېيتىپتۇ. قازاقلار بىلەن قىرغىزلارنىڭ تالاي ئەسىرلىك ئىتتىپاقلىقىنى، جامبىلنىڭ «سۆڭىكىم قازاق بولسىمۇ، ئېتىم قىرغىز» دەپ كۈيلىشىدىكى سەۋەبنى، خەۋەر يەتكۈزۈشكە تېگىشلىك بولغان ئاللىكىملەر تۈپەيلى جىگەرپارە ئىككى مىللەتنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىگە زىددىيەت پەيدا قىلماسلىقنى ئېيتىپ كېلىپ، قازاق خەلقى نامىدىن كەچۈرۈم سوراپ، ئۈچ ئاقىننىڭ ئالدىغا قالپاق، چاپان، بەلۋېغىنى تاشلاپ، تىزلىنىپ تۇرۇپ باش ئېگىپتۇ.

«قېرىنداش بىر ئۆلۈمدە، بىر كۆرۈمدە سىنىلار» دېگەندەك ئۆپكىلىرى ئۆرۈلگەن قىرغىزلارنىڭ ئۈچ ئوغلانى بۇنى ئاڭلاپ، ئاتلىرىدىن چۈشۈپ، ئەل - يۇرتقا نەزمە بىلەن ئۆلۈم پەتىسى قىپتۇ. بۇنىڭدىن ئارتۇق قېرىنداشلىق ئەنئەنە بولامدۇ؟

ئېپىكا بىلەن رومانتىكىغا بولغان بىزنىڭ مىللىي خاھىشچانلىقىمىز، ئالاھىدە رىۋايەتلىرىمىزمۇ تىل تامشۇتقۇدەك شېرىن، تارتىملىق كېلىدۇ. بىراق، رومانتىزملىق دائىرىسى تار كېلىدىغان، پىچىمى ئۆزگىچە، ھەزىل-

كەش، دېگىنىدىن يانماي هايات كەچۈرىدىغان سىمالارمۇ بولغانغۇ؟ بىزدىكى شۇنداق كىشىلەردىن ئۆزۈمنىڭ كۆرگىنىم رەيھان شۈكۈر بەكوف بىلەن مىدىن ئەلبايىف ئىدى. باۋىرجان مومىشمۇ ئەنە شۇنداق سىمالاردىن.

چاقانوف: ئۇ قازاق خەلقىنىڭ مۇقەددەس كىشىسى. «هەربىي هاياتىمدىمۇ، يازغۇچىلىق يولۇمدىمۇ پولكوۋنىك مەنسىپىدە قالدىم» دەپ كەمتەرلىك بىلەن ئېيتقان بولسىمۇ، مېنىڭ قىياسىمچە، بۈرۈنقى سوۋېت ئىتتىپاقىدا باۋىرجان مومىشتەك بەختىسىز ۋە بەختلىك كىشى تولىمۇ ئاز. ئەزىلقان نۇرشەيىخوف باۋىرجان ئاكا هەققىدە «ھەقىقەت ۋە رىۋايەت» ناملىق قالتىس بىر كىتاب يازدى. كىتابتا ۋەتەن ئۇرۇشى يىللىرى قاراملارچە قەھرىمانلىقى ۋە ئەقىللىقلىقى رىۋايەتكە ئايلانغان باۋىرجان مومىشنىڭ ئۈچ قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەھرىمانلىقىغا سۇنۇلۇپ، بىر قېتىممۇ ئالالمىغانلىقى، هەربىي ئاكادېمىيىنى پۈتتۈرۈپ، گېنېراللارغا دەرس ئۆتۈپ يۈرۈپمۇ، پولكوۋنىك ئۇنۋانىدىن يۇقىرىلالماسلىقى هەققىدە قىزىقارلىق بايانلار بار.

باۋىرجان ئاكا ئۆز دەۋرىنىڭ چەمبىرىگە سىغماي، ئۆز تەلپىگە لايىق هايات كەچۈردى. هەقىقەتنى يوشۇرماي، يۈزمۇيۈز ئېيتىشقا ئادەتلەنگەن ئالماستەك ئۆتكۈر مىجەزى ئۇنى ئۇنۋانىدىنمۇ، مەنسەپتىنمۇ قۇرۇق قويغانىدى. تىنچ هايات تۇرماق، ئۇرۇش مەزگىلىدىمۇ ئادالەتسىزلىكلەر ئاز بولمىغانغۇ؟ قول ئاستىدىكى ئەسكەرلىرىنى 272 قېتىم ئۇرۇشقا سېلىپ، هەممىسىدە دېگۈدەك غەلىبە قازانغان باۋىرجان مومىشنىڭ تۆهپىسى ۋەتەن ئۇرۇشىدىكى يارقىن سەھىپىلەرنىڭ بىرى. بەزى چەت مەملىكەتلەرنىڭ هەربىي مەكتەپلىرىدە ئۇنىڭ تەجرىبىسىنى پەن سۈپىتىدە ئۆتىدىغانلىقىنى ئەهمىيەتسىز دېيىشكە بولامدۇ؟

ئايتماتوف: ئالېكساندىربېكنىڭ «ۋولوكالام تاشيولى» ناملىق ئەسىرىنى جامبىل مال دوختۇرلۇق تېخنىكومىدىكى چېغىمدا ئوقۇپ، باۋىرجان ئاكىغا غايىۋانە هۆرمىتىم قوزغالغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قەھرىمانلىقى، قەيسەر سىماسى بىلەن بىر نەچچە ئەۋلادنىڭ هۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى. مەن شۇنداق ئاتاقلىق قەھرىماننىڭ ئاردىمىزدا تىرىك يۈرگەنلىكىگە تاڭ قالاتتىم. شۇنداقلا ماڭا مۇنداق سىمالارنىڭ هەننۋاسى ئۆتكەن ئەسىرلەردە چۆچەكلەر بىلەن بىللە ياشاپ ئۆتكەندەك تۇيۇلاتتى. كېيىنلىنىن مۇكاپاتى ئالغىنىمدا باۋىرجان ئاكىنىڭ ئالمۇتادىن تېز خەت يوللاپ، سەممىي قۇتلۇقلايدىغانلىقىنى، موسكۋادا، ئالمۇتادا تالاي قېتىم كۆرۈشۈپ، ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن سىردىشىدىغانلىقىمىزنى نەدىن بىلەي؟ بىر قېتىم ئاربات كوچىسى (موسكۋادىكى كونا كوچىلارنىڭ بىرى) نىڭ بويىدا يولۇقۇپ قالغان قەھرىمان ئاغىمىز:

—چىڭغىز، ئەلكۈن ئىچىدە مەن توغرۇلۇق 120 ۋاگون ئۆسەك بار. ئاشۇنىڭ بىر ۋاگونى هەقىقەت، قالغان 119 ۋاگونى يالغان. فېدېل كاسترونىڭ مەخسۇس چاقىرىقى بىلەن كۇباغا بارغىنىمدا، — دەپ هېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى ئۇ.—غۇنچىدەك چىرايلىق بىر قىز يېنىمغا كېلىپ «پولكوۋنىك سىز توغرۇلۇق كۆپ ئاڭلىغانلىقىمدىنمۇ ئەيتاۋۇر، كىچىكىمدىن باشلاپ سىزگە غايىۋى ئاشىق بولۇپ قالدىم. خالىسىڭىز ئايالىڭىز بولاي، ئېلىڭىزگە ئېلىپ كېتىڭ» دېدى ئۇ ۋە ئەركىلىگەن پېتى ئالدىمغا كەلدى. «ئايىم تىللاقىز، — دېدىم شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىك قاراپ، — قازاق خەلقىدە ‹قىز چېغىدا هەممىسى ئېسىل، يامان ئايال نەدىن چىقتى؟› دېگەن ماقال بار، سىز مېنىڭ مىجەزىمنى بىلمەيسىز، مەن توغرۇلۇق پىتنە ـ پاسات 200 ۋاگوندىن ئېشىپ كېتىدۇ» دېدىم.

ئىككىمىز تەڭلا كۈلۈپ كەتتۇق.

چاقانوف: باۋىرجان ئاكىنىڭ بىر قېتىملىق چىمكەنت سەپىرى ئېسىمدە قاپتۇ. ئۇ چاغدا مەن جۇمهۇرىيەتلىك «لېنىنچە ياش» گېزىتىنىڭ جەنۇبىي ئوبلاستىدىكى مۇخبىرى ئىدىم. بىر كۈنى گېزىتنىڭ مۇهەررىرى سىزنىڭ ئەسەرلىرىڭىزنى قازاق تىلىدا كارامەت سۆزلەتكەن يازغۇچى ئىنىڭىز شەرخان مۇرتازا تېلېفون بېرىپ:

—باۋىرجان ئاكا سارئاغاش شىپاگاھىغا دەم ئالغىلى كېتىۋاتىدۇ. ئەتە سەھەردە چىمكەنتتە پويىزدىن چۈشىدۇ. ئوبلاستنىڭ باشلىقلىرىغا خەۋەر قىل، ئايدالىغا بېرىپ قالغاندەك بولۇپ قالمىسۇن، ئۆزۈڭمۇ بىللە چىق!— دەپ تاپىلىدى. دەرھال ئوبلاستلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى سۇلايمان زادىنغا تېلېفون بېرىپ، باۋىرجان مومىشنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلدىم. سۇلايمان زادىن ئاكا ئۇزاققىچە ئۈنچىقمىدى، بىر هازادىن كېيىن:

—مۇختار، —دېدى چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ،—قەھرىمان ئاكىمىز بۇلتۇر ئەلكۈنىنىڭ ئالدىدا ئەيىبلەپ، كۆڭلۇمنى ئاغرىتقان، مەن قارشى ئالمايلا قوياي، جىددىي ئىش بىلەن قوشنا ناهىيىگە كېتىپتۇ، دەپ قوي. بىراق، بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن، ئوبكومدىن ماشىنا ئېلىپ بېرەي، شەهەردىكى باۋىرجان ئاكىنىڭ ئۆزى ئوقۇغان سى-

پاتايىف نامىدىكى مەكتەپنىڭ باشلىقىغا مېنىڭ نامىمدا تېلېفون بەر، پىئونېرلار گۈل تەقدىم قىلسۇن، — دېدى.

ئۆزۈم دىلىغۇل بولۇشقا باشلىدىم. قىلدىن قىيىق كەتسەڭ يۈز قارىمايدىغان قەھرىمانىنىڭ داڭقىنى سىرتتىن ئاڭلاپ يۈرەتتىم. مەشھۇر ئالېكساندىربېك (رۇس يازغۇچىسى، «ئېلىشىش» رومانىنىڭ ئاپتورى) «ۋولوكالام تاشيولى»نى يازىدىغان چاغدا «بىر ئېغىز يالغان گەپ قوشساڭ، بارمىقىڭنى چاپىمەن» دېگەن باۋىرجان ئاكىدىن كىممۇ ئەيمەنمىسۇن؟ غەلبە هارپىسىدا سۆھبەتلىشىشكە بۇيرۇلغان بىر مۇخبىرنىڭ:

—ۋاي ـ ۋۇي، باۋىرجاننىڭ يېنىغا ئەۋەتكۈچە، قەپەس ئىچىدىكى ئارسلاننىڭ دۈمبىسىنى سىلاپ كەل دېسەڭلەرچۇ، —دېگىنى هېلىمۇ ئېسىمدە. ھەتتا مۇنداق بىر ئىشنى كۆپچىلىك ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە رىۋايەت قىلىپ يۈرۈشەتتى:

ئۇ چاغلاردا يازغۇچىلار باشقىلارغا قارىغاندا ياخشى تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ھەتتا ئوتتۇراھال يازغۇچىمۇ يىل ئارىلاپ چىقارغان كىتابىنىڭ قەلەم ھەققىگە بىر ماشىنا سېتىۋالالايتتى. گاھىدا ھۆكۈمەت باهاسى بىلەن سېتىپ بېرىدىغان ئىمتىيازغا ئېرىشەتتى. باۋىرجان ئاكىنىڭمۇ ماشىنىسى بار ئىدى. پەقەت ئاندا ـ ساندا ئالمۇتا ئوبلاستلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەربابلىرىغا ئالاھىدە جان كۆيدۈرىدىغان ئاسانباي ئاسقاروۋغا تېلېفون بېرىپ شوپۇر چاقىرىپ، ئېھتىياجلىق يەرلەرگە بېرىپ كېلىدۇ، دەپ ئاڭلايتتۇق. باشقا ۋاقىتلاردا داۋاملىق بىكار تۇرىدىكەن. داۋاملىق قوشنا جۇمھۇرىيەتلەردىن ماشىنا سېتىۋالغۇچىلار كېلىپ، يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنى ئەگىپ يۈرەتتى. ئارىدىن پايدا ئالىدىغان بېدىكلەر يازغۇچىلارنى ئاۋارە قىلىشقا باشلايتتى. شۇ چاغدا ئۇلار بىلەن قېرىشقان بىرى:

—باۋىرجان ماشىنىنى ساتىدىكەن، دەپ ئاڭلىدىم. بېرىپ سودىلىشىپ بېقىڭلار، ئۆزى مەرد كىشى، ھەتتا بىكارغا بېرىۋېتىشىمۇ مۇمكىن—دەپتۇ.

ئىككى سودىگەر باۋىرجاننىڭ ئۆيىگە كەلگەندە، باۋىرجان چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ، گېزىت ئوقۇۋاتقانىكەن. قازاق ئۆرپ ـ ئادىتىنى چىڭ تۇتىدىغان مېھماندوست باۋىرجان ئاكا ئۇلارنى تونۇمىسىمۇ، ھېلىقى ئىككىيلەننى تۆرگە چىقىرىپ:

—ھەي خوتۇن، قازان قاينات، — دەپ ۋارقىراپتۇ. مېھمانلار ھودۇقۇپ، ئىشنى ئېيتماقچى بولغاندا، قەھرىمان:

—توختاڭلار، «ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام»—دەپ ئۇلارنى ئېغىز ئاچتۇرماپتۇ.

چاي تارتىلىپ، كەينىدىن تاۋاقتا گۆش كەپتۇ. تاماق يەپ، قول چايقاپ بولۇنغاندىن كېيىن، باۋىرجان ئاكا مېھمانلارغا:

—ھە، ئەمدى نېمىشقا كەلگەنلىكىڭلارنى ئېيتىڭلار—دەپتۇ. بۇ چاغدا مېھمانلارنىڭ بىرى:

—سىزنى ماشىنىسىنى ساتىدىكەن، دەپ ئاڭلىدۇق. ئىشلەتمەيدىغاندەك قىلىسىز، ساتسىڭىز بىز ئالاتتۇق،— دەپ دۇدۇقلىغان ھالدا گېپىنى باشلاپتۇ. تەبىئىيكى بىرەر نەرسىنى سېتىشنى بىلمەي كەلگەن ۋە بۇنداق ئىشنى قىلىشنى ئۆزىگە نومۇس دەپ بىلىدىغان مەرد ئادەمنىڭ قۇيقا چېچى تىك تۇرۇپ، يېزىق ئۈستىلىنىڭ تارتمىسىدىن تاپانچىسىنى ئاپتۇ ـ دە:

—تۇرۇڭلار، —دەپ ۋارقىراپتۇ. تىزلىرى دىرىلدەپ تىترەپ تۇرغان ئىككىسى ئورۇنلىرىدىن دەس تۇرۇپتۇ.

—يېتىڭلار، —دەپ يەنە بۇيرۇق قىپتۇ.

قولىدا تاپانچىنى ئوينىتىپ تۇرغان باۋىرجان مومىشنىڭ «تۇرۇڭلار، يېتىڭلار» دېگەن بۇيرۇقىنى نائىلاج ئىجرا قىلىپ 40 ـ 50 قېتىم يېتىپ ـ قوپقان ھېلىقى ئىككىسى قارا تەرگە چۆمۈپ ھالىدىن كېتىپتۇ.

—ئارقاڭلارغا بۇرۇلۇڭلار!—دەپتۇ بىر هازادىن كېيىن قەھرىمان،— يوقىلىڭلار! ماشىنىنى سىلەرگە ساتقۇچە ئوت قويۇۋەتكىنىم تۈزۈك!

بۇنداق ۋەقەلەرنى كۆپ ئاڭلىغاچقا، باۋىرجان ئاكىنىڭ ئالدىغا پىئونېرلارنى باشلاپ يالغۇز چىقىشقا قورقتۇم.

جەنۇبتا نارباي دېگەن بىر ئاقىن ئۆتكەن، مىجەزى تولىمۇ قىزىق كىشى ئىدى. يازغانلىرىنى ئوقۇش ئۈچۈن قالتىس بىر سەۋر ـ تاقەت كېرەك بولاتتى. ئاخىرقى بىر ـ ئىككى تاۋۇشى قاپىيىلەشتىمۇ بولدى، يېپقا مارجان تىزغاندەك تىزىپ، نەزمە تۈزۈۋېرەتتى. بۇنىڭغا باقماي، يەنە خۇيى يامان ئىدى. جامائەت تەرسا مىجەزىدىن ئەيمىنەمدۇ، يا چوڭلارنى ھۆرمەتلەش ئادىتىدىنمۇ، ئىشقىلىپ جەنۇبتا ئۆتكۈزۈلىدىغان يىغىنلاردا باشتىن تارتىپ ئاخىرغىچە شۇ كىشى بار ئىدى.

—باۋىرجان ئاتا جەمەت ئىنىم، تا بۈگۈنگىچە ئالدىمدىن توغرا ئۆتكەن ئەمەس، — دەپ لاپ ئۇرغىنىنى تالاي قېتىم ئاڭلىغانىدىم. تەڭقىسلىقتا قالغاچقا، نارباي ئاكىغا تېلېفون بەردىم:

—ئاكا، سىز باۋىرجان مومىشنى بىلەمسىزغۇ؟— دېدىم سالام - سائەتتىن كېيىن.

—ھەي، نېمىدەپ ۋالاقلاۋاتىسەن؟—دېدى ئۇ شۇ زامات ئاچچىقلىنىپ، — بىلەمسەن دېگىنىڭ نېمىسى؟ ئۇ دېگەن مېنىڭ ئىنىم تۇرسا! يات دېسەم ياتىدۇ، تۇر دېسەم تۇرىدۇ.

— ئۇنداق بولسا بولدى! — دېدىم قىن - قىنىمغا پاتماي،—باۋىرجان ئاكا ئەتىلىككە تاڭ سەھەردە ئالمۇتا - موسكۋا تېز پويىزىدىن چۈشىدۇ. قارشى ئېلىشقا بىللە چىقايلى، سىزنى ماشىنا بىلەن ئالغاچ كېتەي!

تېلېفوننى قويۇپ، ئۇھ دېدىم.

ئەتىسى ئەتىگەندە نارباي ئاكىنى ماشىنىغا ئولتۇرغۇزۇپ، پويىز بېكىتىگە كەلدىم. سىپاتايېۋ نامىدىكى مەكتەپنىڭ ئىلمىي مۇدىرى جۇماغۇل سەرسەنوفمۇ ئۈچ پىئونېرغا گۈل تۇتقۇزۇپ، يېتىپ كەلگەنىدى. پويىز ۋاقتىدا يېتىپ كەلدى. باۋىرجان ئاكىمۇ پويىزدىن چۈشتى. دەم ئېلىشقا كېتىۋاتقان بولسا كېرەك، ئىككى ئەسكەر ئىككى چوڭ چامادانىنى قەھرىماننىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدى. نارباي ئاقىن دەرھال باۋىرجان ئاكىنىڭ ئالدىغا بېرىپ سالاملاشتى. ھەقىقەتەنمۇ ياخشى تونۇشىدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. سەرسەنوف باۋىرجان ئاكا بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى. غازدەك تىزىلىپ تۇرغان پىئونېرلار ئۇنىڭغا گۈل تۇتۇشتى. مەن سالاملىشىپ بولۇپلا، چامادانغا قول ئۇزاتتىم. باۋىرجان ئاكا پىئونېرلارنىڭ ماڭلىيىدىن سۆيۈپ، رەھمەت ئېيتتى. ھەممىمىز ماشىنىغا قاراپ ماڭدۇق. شۇ چاغدا نارباي:

—باۋىرجان، كېلىنىنى ئالغاچ كەلمىدىڭمۇ؟—دەپ قالدى.

باۋىرجان ئاكا ئاڭلىمىغانغا سالدى. كەينىدىن ئەگەشكەن نارباي ھېلىقى سوئالنى يەنە تەكرارلىدى:

—باۋىرجان، كېلىنىنى نېمىشقا ئالغاچ كەلمىدىڭ؟

قەھرىمان بۇ دۆرەممۇ ئېغىز ئاچمىدى. ماشىنىغا يېقىنلاپ قالدۇق. باۋىرجان ئاكىغا سوغدىشىپ كېلىۋاتقان نارباي ھېلىقى سوئالنى يەنە تەكرارلىغانىدى، شۇ چاغدا باۋىرجان ئاكا بىردىنلا توختىدى ۋە بىر يانغا قاراپ قاپقىنى تۈرۈپ:

—كېلىنىنى نېمە قىلاتتىڭ؟ ئالجىغان قېرى! — دېدى چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ. نارباي چۆچۈپ كەتتى - دە، تامدەك تارتىرىپ:

— ياق، مەن ئۆزۈمچىلا... ئەل - يۇرتنى كۆرسۇن دېگىنىمغۇ،— دېدى. بىرەر چاتاق چىقىپ قالارمۇ دەپ يۈرىكىم سىيلىپ كەتتى.

ئاخىرى ۋوسخور مېھمانخانىسىغا كەلدۇق.

باۋىرجان ئاكا گۇۋاھنامىنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ، تەييارلاپ قويغان ياتاققا كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ گۇۋاھنامىسى ئىككىگە ئايرىلىپ كەتكەن بولۇپ، دەسلەپكى سۈرىتى چاپلانغان بېتى يىرتىلىپ كەتكەنىكەن، گۇۋاھنامىنى مېھمانخانا نۆۋەتچىسىگە توشقۇزۇشقا بەردىم. ئىشلارنى پۈتتۈرۈپ ياتاققا كىرسەم، باۋىرجان ئاكا بىلەن نارباي ئاكا پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. كېتەي دەپ قوزغىلىشقا تەمشىلىۋېدىم:

—بالا،—دېدى باۋىرجان ئاكا،—تۆۋەندە ئاشخانا بارلىقىنى بىلەمسەنغۇ!

—بىلىمەن.

—ئەمىسە بېرىپ تاماق بۇيرۇت، ماڭا ھېساب، بەش مىنۇتتىن كېيىن، ماۋۇ چال ئىككىمىز چۈشىمىز.

ئاشخانىغا كىرىپ، تۆردىكى بىر ئۈستەلگە كەلدىم - دە:

—تاماق تەييارلاڭ، باۋىرجان مومىش كېلىپ تاماق يەيدۇ، —دەپ كۈتكۈچىنى ئالدىراتتىم.

—ئۇ تازا بىر تەرسا چالغۇ! — دېدى كۈتكۈچى ئايال ئۆگۈپ ۋە دەرھال ئۈستەل ئۈستىگە يېڭىدىن داستىخان سېلىپ، تاماق تەييارلاش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى.

بىردەمدە باۋىرجان بىلەن نارباي ئاكىمۇ چۈشتى. ئىككىسى تولىمۇ خۇشال كۆرۈنەتتى. جۇماغۇل سەرسەنوفمۇ توپىمىزغا قوشۇلدى. تاماق ئۈستىدە باۋىرجان ئاكا سەل ئېچىلىپ، ئۆتكەن يىل ئىسسىق كۆلدە دەم ئالغىنىنى ئېيتىشقا باشلىغانىدى، يېنىمىزغا سوزاق ناھىيىسىنىڭ كوپېراتىپ باشلىقى، پاكار، سېمىز بىراۋ كېلىپ گەپنىڭ بېلىگە تەپتى. ئۇ مەيدىسىنى كەرگىنىچە باۋىرجان ئاكىغا قاراپ كېلىپ، نارباي ئاكىنىڭ قولىنى سىقتى.

—ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، نارباي ئاكا، ئۆتكەن قېتىم بىزنىڭ كوپېراتىپقا كېلىپ كېتىپسىز، ئاۋۇلدا بولماي قالغىنىمغا ئالدىڭىزدا خىجىلمەن، يەنە بېرىڭ، كۈتۈۋالىمىز،—دەپ بۇدۇشقاقتەك چاپلاشتى. كېتىدىغاندەك ئەمەس. باشقىلىرىمىزغا كۆزىنىڭ قىرىنىمۇ سالمىدى. باۋىرجان يەنە سىلكىۋېتەرمۇ، دەپ ئولتۇرالمايۋاتقان نارباي ئاكا «ھە، ھە، ياخشى، ياخشى» دېگەن گەپنىلا قىلاتتى.

—ھە، ئامان بولۇڭ، نارباي ئاكا، —دەپ ھېلىقى

كىشى بۇرۇلۇۋېدى، باۋىرجان ئاكا:

—ھەي، يىگىت، — دەپ ۋارقىرىدى،—مەن باۋىرجان مومىش بولىمەن، بىر داستىخاندا ئولتۇرغان ئۈچ — تۆت ئادەمنى ئاتلاپ، سالام بەرگەننى قايسى ئاتا — بوۋاڭدىن كۆرگەنتىڭ؟

— ۋاي، كەچۈرۈڭ، — ئەس — ھوشىنى يوقاتقان باشلىق گاڭگىراپ قالدى. بۇ چاغدا نارباي ئاكا «بۇ، پالانى كوپېراتىپنىڭ باشلىقى» دېگىلى تۇرۇۋېدى، باۋىرجان ئاكا:

—ئۆزىنى تۈزىيەلمەي، يۇرتنى قانداق باشقۇرماق؟ يوقال! —دېدى چەكچىيىپ.

تاماق يېيىلىپ بولدى. پۇلنى تۆلىۋېتەي دېسەم، يېتىدىغاندەك قىلمايتتى. گۇۋاھنامەمنى تاشلاپ قويۇپ، كېيىن ھېساب قىلىشىۋالارمەن، دەپ يانچۇقۇمغا قول سېلىۋېدىم.

—ھەي بالا! يانچۇقۇڭغا قول يۈگۈرتمەي جىم ئولتۇر—دەپ توختاتتى مېنى باۋىرجان ئاكا، — تا بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر ئۆزۈم بار يەردە ھېچكىمگە پۇل تۆلەتكۈزگەن ئەمەسمەن.

ئۇ كۈتكۈچىنى چاقىرىپ پۇلنى ھېسابلاتتى. كۈتكۈچى جۇگان تولىمۇ چۆچۈپ ھەم چۆچۈگىنىنى يوشۇرۇپ، كۆزلىرىنى خۇمالاشتۇرۇپ، ساغرىلىرىنى ئوينىتىپ «مۇنچە سوم، مۇنچە تىيىن»دېۋىدى، باۋىرجان ئاكا پۇلنى دەرھال تۇتقۇزدى — دە:

— مەن ساڭا تانىسدا ھەمراھ بولىدىغان ئادەم ئەمەس، ناز — كەرەشمەڭنى قويۇپ، كۆزۈمدىن يوقال!— دېدى.

ئايتىماتوف: ئەل — يۇرتىغا ئەركىلىگەن باۋىرجان مومىشنىڭ مىجەزى چۇس بولغىنى بىلەن خەلقنىڭ چوڭلارغا ھۆرمەت، كىچىكلەرگە ئىززەت قىلىدىغان ئادىتىنى ئۇنتۇماي قەدىرلەپ ئۆتكەن سىما!

چاقانوف: ھەقىقەتنىڭ ھامان غەلىبە قىلىدىغىنى ئېنىق. ۋەتەن ئۇرۇشىدىن كېيىن ئارىدىن يېرىم ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئۆتۈپ، سوۋېت ھۆكۈمىتى تارقىلىشىنىڭ ئالدىدا، نۇرسۇلتان نازاربايېفنىڭ قايتا — قايتا خەت يېزىپ تەلەپ قىلىشى نەتىجىسىدە، موسكۋا باۋىرجان مومىشقا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەھرىمانى، دېگەن نامنى بەردى. بۇ خۇشاللىقنى بارلىق قازاقىستانلىقلار مۇقەددەس مەرىكە سۈپىتىدە مۇبارەكلىدى.

1986 — يىلى دېكابىر ۋەقەسىنىڭ مەسىلىلىرى بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرگەن چاغلىرىم. گورباچېۋ بىلەن ئۇچرىشىش ھەققىدە ئالدىنئالا كېلىشىپ قويغانلىقىمدىن موسكۋاغا ئۇچۇشتىن ئىلگىرى قازاقىستاننىڭ مەلۇم بىر سىۋەتچىسىنى چاقىرتىۋېلىپ، ئاق ئارغىماقنىڭ ئۈستىدە نەيزە تۇتۇپ تۇرغان باۋىرجان ئاكىنىڭ سۈرىتىنى سىزدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئاستىغا مۇنداق بىر شېئىر يازدىم:

كۆز يۇمغۇچە ئەل مەنپەتىن تۇغ قىلىشتا چىڭ تۇرغان،
ئار — نومۇستىن گەپ بولغاندا سەندىن كىملەر ئاشالىغان؟
بىر قىزىقى جەڭگاھلاردا قارام باتۇر ئاتىلىپ،
ھۆججىتىنى يېرىم ئەسىر كېيىن ئالغان،
سەندەك قەيسەر پەرزەنت تۇغۇش ھەر ئايالغا باش ئارمان!

كىچىككىنە مۇكاپاتىمنى شۇ چاغلاردا قول ئاستىمدا ئىشلەيدىغان ئورالجان ماساقبايېفتىن باۋىرجان مومىشنىڭ جىرىنى يېقىپ ئولتۇرغان ئوغلى بىلەن كېلىنى — باقىتجان بىلەن زەينەپكە ئەۋەتىپ بەردىم. بۇ مېنىڭ يۈكسەك ئادەمگەرچىلىكى بىلەن قايتىلانماس مىجەزىگە ئىشتىياق باغلىغان قەھرىماننىڭ ئۆچمەس روھىغا بولغان چەكسىز ھۆرمىتىمنىڭ پەقەت كىچىككىنە ساداسى ئىدى، خالاس.

ئايتىماتوف: ماناسنىڭ مىڭ يىللىق تويىغا تالاس دالاسىغا كېتىۋاتقىنىمىزدا، جامبىل شەھىرىنى كېسىپ ئۆتمىدۇقمۇ؟ ئوبلاستىنىڭ شۇ چاغدىكى ھاكىمى ئۆمىربەك بايكەلدى ئۆزى باش بولۇپ، شەھەرنىڭ كۆزگە تاشلىنىدىغان يەرلىرىگە باۋىرجان مومىشنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرىنى قەۋەتلىك ئىمارەتلەرنىڭ ئېگىزلىكىدەك قىلىپ چىرايلىق يازدۇرۇپ قويۇپتۇ. بۇ كۆرۈنۈشلەردىن ئىختىيارسىز سۆيۈنۈپ كەتتىم.

چاقانوف: بىر قېتىم بېشكەكتىكى قازاقىستان ئەلچىخانىسىغا ئامېرىكىلىق ياش ئالىم دېن پويور كەلدى. ئىككىيلەننىڭ ئارىسىدا بولغان كېلىشىملىك سۆھبەتتە ئۇ:

—بۇ يىل سىزنىڭ ئېلىڭىزنىڭ ئالىمى چوقان ۋەلىخانوفنىڭ قىرغىز دالاسىغا ساياھەتكە چىقىپ «كۆكەتايخانغا بېرىلگەن ئاش»نى يازغانلىقىغا 140 يىل توشىدۇ. بۇنىڭ ئىلمىي ئەھمىيەتكە ئىگە ۋەقە ئىكەنلىكىگە قىل سىغمايدۇ. قانداق تەييارلىق قىلدىڭلار؟ — دېۋىدى، راستىمنى ئېيتسام، تولىمۇ ئوڭايسىزلىنىپ قالدىم.

ئوكيانىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى بىر يارەن چوقاننىڭ ئىلمىي مىراسلىرىنى شۇنچىلىك قەدىرلىگەنلىكى، ئۇ قەدىرلىك ئالىمنىڭ ئىلمىي ئەسەرلىرىنى، سىزغان رەسىملىرىنى ئۆز پىكىر — خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، چوقان كەزگەن ئىسسىقكۆل قوچاقلىرىنى، قىزىل ئۆڭكۈر بويلىرىنى، ماناسنىڭ

بوزغۇن تۆپىلىكنى پىيادە چارلاپ، تۇپ چاتقىلىنى سۈرەتكە تارتقان. شۇنداق قىلىپ ئۇ بۇنىڭدىن بىر يېرىم ئەسىر بۇرۇن 21 ياشلىق قازاق ئالىم سىزغان چاتقال سۈرىتىنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى بىلەن بۈگۈنكى قىياپىتىنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلغان.

ئايتماتوف: چوقان بالا ۋاقتىدىلا چوڭلاردەك نەتىجە ياراتقان. ماناستەك ئۇلۇغ قىسسە پۈتكۈل تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە ئورتاق مىراس دېسەكمۇ، يەنىلا ئۇنىڭ ئاخىرقى ئىگىسى— قىرغىز خەلقى. بۇ خەزىنىنى تۇنجى قېتىم قەغەز يۈزىگە يېزىپ، ئۇنى ياۋروپاغا تونۇتقان كىشى— چوقان. ئۇ چاغلاردا بۇ ئىش چەت ئەلگە تۈركىي خەلقلەر ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى مىسىر ئەلئېھرامىنى كەشىپ قىلغانغا باراۋەر ئىدى. چوقان شۇ سەپىرىدە تۇپ يايلىقىدا ئولتۇرغان قىرغىز كۆيچىسىگە يولۇقۇپ كۈندىلىك خاتىرىسىگە مۇنداق جۈملىلەرنى يازغان: «بۈگۈن مېنىڭكىگە قىرغىز كۆيچىسى كەلدى، ‹ماناس› داستانىنىڭ بىر بابى ھېسابلىنىدىغان ‹كۆكەتايخانىنىڭ ئېشى› دېگەن نەزمىنى مۇشۇ قىرغىز ئاقىنىنىڭ ئېيتىشى بىلەن يېزىۋالدىم». بۇ، قەغەز يۈزىگە تۇنجى قېتىم يېزىۋېلىنغان قىرغىز سۆزى بولسا كېرەك. نەزمىنى رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلىۋاتىمەن، شەرقشۇناس ئالىملارنى تونۇلمىغان تىل بىلەن تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن، قىسقىچە لۇغەت تۈزۈش خىيالىم بار. ھەربىي تەكشۈرگۈچىلەرنىڭ تەركىبىدىكى ياش چوقاننىڭ قىرغىز خەلقىنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىغا، مەدەنىيىتىگە، تۇرمۇش ئادىتىگە نەزەر سېلىپ، مۇھەببەت بىلەن قارىشىدا قېرىنداشلىق تۇيغۇ يوق، دەپ كىممۇ ئېيتالايدۇ؟ چوقان ئۆزى ئېلىپ كەتكەن «كۆكەتايخانىنىڭ ئېشى» دېگەن بابنى رۇسچىغا تەرجىمە قىلىپ، 1861 ـ يىلى روسىيە پادىشاھلىق جۇغراپىيە جەمئىيىتىنىڭ ئىلمىي كېڭىشىدە ئاكادېمىك سىمونوۋتيانشانسكى باشچىلىقىدىكى مەشھۇر رۇس ئالىملىرىنىڭ مۇھاكىمىسىگە قويىدۇ. كېيىن مۇشۇ يىغىن توغرىسىدا ئاتاقلىق ئالىم ن. ي. ۋەسەلوۋسكى: «چوقان رۇس تىلىنى نەقەدەر ماھىرلىق بىلەن قوللانغان ـ ھە! قىرغىزلارنىڭ خەلق داستانىنى ئاز سۆزگە كۆپ مەنە سىغدۇرۇپ، گۈزەل، كۆركەم ئىپادە بىلەن ئېسىل تەرجىمە قىلغان» دەپ ئىشتىياق بىلەن يازغانىدى.

چاقانوف: توغرا دەيسىز، داستانىنىڭ بۇ بابى ۋە قىرغىزلار توغرىسىدىكى تەتقىقات ماقالىسى چوقان ۋەلىخانوفنىڭ «جۇڭغارىيە ئوچېركلىرى» بىلەن بىللە 1861 ـ يىلى گېرمان، ئىنگلىز، فرانسۇز تىللىرىدا نەشر قىلىندى. شۇنداق قىلىپ ئۇلۇغ ئالىم «ماناس» قىسسىسىنى تۇنجى قېتىم دۇنيا سەھنىسىگە ئېلىپ چىقتى.

ئايتماتوف: نېمىلا دېگەن بىلەن چوقاننىڭ قىسقا ئۆمرى، سىر ـ ئەسرارغا تولۇپ تاشقان. مۇنداق بىر ئۈچۈرنى دوستويېۋسكىنىڭ ئايالى ئاننا گرىگورىيېۋانىڭ خاتىرىسىدىن ئۇچراتقانىدىم. چوقان ۋەلىخانوف بىلەن دوست بولغان ئۇلۇغ رۇس يازغۇچىسى دوستويېۋسكى، چوقان ئۆلۈپ بىر نەچچە ئايدىن كېيىن، تاڭ ئالدىدا چۈش كۆرىدۇ. چۈشىدە چوقان ئىككىسى ئېرتىش دەرياسىنى بويلاپ، ئېقىن سۈنى تاماشا قىلىپ پاراڭلىشىپ يۈرگىدەك. بۇ دوستويېۋسكىنىڭ بويتاق چاغلىرى بولۇپ، ھاياتتىن زەربە يەپ، ئازاب چېكىپ يۈرگەن بولسا كېرەك. ياش ئۆلۈپ كەتكەن دوستىنىڭ چۈشىگە كىرگىنىنى ياخشىلىققا ئورۇپ، شۇ كۈنى ئۆزى ئاشىق بولۇپ يۈرگەن ئاننا گرىگورىيېۋنا سىنىتكىناغا ئېغىز ئاچىدۇ. ئۆي ـ ئوچاقلىق بولغاندىن كېيىن ئىككىسىنىڭ تولىمۇ ئىناق، تولىمۇ ئىجىل بولۇپ ئۆتكەنلىكى تارىختىن ئايان. «مەن مۇشۇنداق ئايالغا ئېرىشكىنىم ئۈچۈن، چوقانغا كۆپ قەرزدارمەن» دەپ دوستويېۋسكى چوقاننى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىكەن.

چاقانوف: چوقان كۆز يۇمغاندىن كېيىن ئالىمنىڭ ئومبىدىكى كادېت كورپۇسىدا بىللە ئوقۇغان دوستى گ. ن. پۇتانىن چوقاننىڭ مومىسى ئايغانىمنىڭ بۇركۇت تۇمشۇقىدىكى ئوردىسىغا ئاتايىن بېرىپ، دادىسى چىڭغىزنىڭ يېنىغا ئۆلۈم پەتىسى قىلىپ، تەسەللى ئېيتقانلىقى، كۆزىگە ياش ئېلىپ، ھەسرەتلەنگەنلىكىنى تەتقىقاتچىلار يازدى. چوقاننىڭ ئومبىي، پېتىربۇرگ مۇزېيلىرىدا قالغان قولىيازمىلىرىنى تېپىپ، نەشر قىلغان ئاكادېمىك ن. ي ۋەسلوۋىسكى ئىدى. 1865 ـ يىلى چوقان قىرچىنتال يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئارىدىن كۆپ يىل ئۆتۈپ، دوستلىرى ئۇنىڭ بېشىغا مەرمەردىن سىنتاش قويىدۇ.

1917 ـ يىلى ئىمانى يوق بىر مۇناپىق شۇ قەبرە تاشنى ئىككىگە بۆلۈپ، يارغۇنچاق ياساپ، شەھەرگە ئاپىرىپ ساتماقچى بولىدۇ. بىراق، مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ. سىزگە مۇشۇ تاش توغرىسىدا، چوقان بىلەن دوستويېۋسكىنىڭ دوستلۇقى ھەققىدە بىر باللادا ئوقۇپ بېرەي.

(داۋامى بار)

شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان قازاقچە «قىيادىكى ئۇۋچىنىڭ نالە ـ زارى»دېگەن كىتابتىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئوسمانجان ساۋۇت

مۇھەررىر: خۇرسەنئاي مەمتىمىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# ئاقىل پۇلدارنىڭ ۋەسىيىتى

2003.3

بىر پۇلدار ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە بىر قىسىم پۇللىرىنى خەير ـ ئېھسان ئىشلىرىغا سەدىقە قىلماقچى بولۇپ، ئۈچ ئوغلىنى يېنىغا چاقىرىپ:

ــ ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىدا بولسىمۇ خەيرلىك ئىش قىلىپ، پاراۋانلىق ئىشلىرىغا سەدىقە بېرەي دەيمەن. بىراق ھازىرغىچە بىر قارارغا كېلەلمىدىم. سىلەر قايتىپ كېتىپ، ئوبدان ئويلىنىپ كۆرۈڭلار، كۆڭلۈڭلاردا قانچىلىك سەدىقە قىلىشنى خالىساڭلار، ئۇنى قەغەزگە يېزىپ ماڭا بېرىڭلار، ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، مېھىر ـ مۇھەببەت ھەرگىز جاۋابسىز قالمايدۇ، ــ دەپتۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ جاۋابىنى كۈتۈپتۇ.

دادامنىڭ بۈگۈنكىدەك باي بولۇشى دۆلەتنىڭ ياخشى سىياسەتلىرىدىن ئىلھاملىنىپ، جاپاغا چىداپ ئىگىلىك تىكلىشىنىڭ نەتىجىسى، ئۇنىڭ باي بولغاندا پاراۋانلىق ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشى بەرھەقتۇر. بۇنداق قىلغاندا، يار ـ يۆلەكسىز يېتىم بالىلار ۋە يەككە ـ يېگانە ئاتا ـ ئانىلارغا بەخت ياراتقىلى، ئاچ قالغانلارغا ئىللىقلىق يەتكۈزگىلى بولىدۇ. دادامنىڭ بۇنى كۆڭلىگە پۈكۈشى تولىمۇ خەيرلىك ئىشتۇر، دەپ ئويلاپتۇ چوڭ ئوغلى ھەمدە ئىككىلەنمەستىن «200 مىڭ سوم بېرىمەن» دەپ يېزىپتۇ.

ئوتتۇرانچىسى ئۆيىگە قايتىپ ئەستايىدىل باش قاتۇرۇپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە: دادامنىڭ پاراۋانلىق ئىشلىرىنى قوللىشى ياخشى ئىش. لېكىن، دۆلەتنىڭ پاراۋانلىق ئىشلىرىغا ئاجراتقان مەبلىغى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، دادامنىڭ بەرگىنى قۇمغا سۇ سەپكەندەك ھېچنەرسىگە دالدا بولالمايدۇ. لېكىن، دادامنىڭ سەدىقە بېرىش ئارزۇسىنى قاندۇرماي بولمايدۇ، دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، «100 مىڭ سوم بېرىمەن» دەپ يېزىپتۇ.

كەنجى ئوغۇل ئۆيىگە قايتىپ قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ. ئۇ پاراۋانلىق ئىشلىرىغا پۇل بېرىشنىڭ بىزگە نېمە پايدىسى بار، ئەڭ ياخشىسى بەرمىگەن تۈزۈك. بىراق ئۇ پۇلنى سىفدۇرغىلى يەر تاپالماي قالغاندەك، ئىنتايىن جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇۋالدى، ئۇنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرماي بولمايدۇ، دەپ ئويلاپتۇ ۋە ناھايىتى نارازى بولغان ھالدا قەغەزگە «20 مىڭ سوم بېرىمەن» دەپ يېزىپتۇ.

بوۋاي ئۈچ ئوغلىنىڭ بەرمەكچى بولغان پۇلىغا يارىشا:

«مەن مىراسىمدىن چوڭ ئوغلۇمغا 200 مىڭ سوم، ئوتتۇرانچىسىغا 100 مىڭ سوم، كەنجىسىگە 20 مىڭ سوم ئاتىدىم، قالغىنىنى پاراۋانلىق ئىشلىرىغا ئىشلىتىلسۇن!» دەپ ۋەسىيەت قىپتۇ ۋە خاتىرجەم كۆز يۇمۇپتۇ.

(«تاللانغان مىكرو ھېكايىلەر»نىڭ 2002 ـ يىللىق 15 ـ سانىدىن **داۋۇت ئادىل** تەرجىمىسى)

**مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى**

# يارىم قاراكۆز





ئېچىلىپ ئوينايلى،
ساچىلىپ ئوينايلى.
ئەمدى ياز بولدى،
دوست بولۇپ ئوينايلى.

ئاچىلغان بىكار،
ساچىلغان بىكار.
نەدە يۈرگەندۇ،
ھەمراخان پاكار.

ئاچىلغان بىكار،
ساچىلغان بىكار.
كىشىنىڭ يارىغا،
گەپ قىلغان بىكار.

ئوتلىرىنى ئاچامىلا،
چوغلىرىنى چاچامىلا.
سۆيۈپ قويۇڭ دېگەنگە،
بەش گەز يىراق قاچامىلا؟

سۇغا چىقتىم ئېلەككە ①،
سۇنى ئۇستۇم چېلەككە.
كۆز قىرىمنى سالماسمەن،
سىز يارىمدىن بۆلەككە.

ئاق قوناقنىڭ باشلىرى،
كۆممقوناقنىڭ باشلىرى.
يۈرىكىمگە ئوت ياقتى،
نازلىنىپ قاراشلىرى.

مەن ئېببەرگەن گاز ياغلىق،
ئامرىقىمنىڭ باشىدا.
ئوق ئاتىدۇ يۈرەككە،
كۆزى بىلەن قاشىدا.

ھاراق ئىچسەم مەست ئەمەس،
مەيزاپ ئىچسەم مەست ئەمەس.
بۇرۇن سۆيگەن ئاغزىڭغا،
ئەمدى سۆيمەك تەس ئەمەس.

ئۆي سىلىپسىز غىلاڭغا ②،
چۆرىسىدە قوشنام يوق.
گەپ ـ سۆز بولسا تۈز قىلىڭ،
ھىيلىگەرگە خۇشام يوق.

تام چۆرۈپسىز لاي بىلەن،
شاختا توسقان قاشا يوق.
كۆڭۈل دېگەن پادىشاھ،
مۇھەببەتكە ھاشا يوق.

كاۋاپچى بولغان ئۆزىڭىز،
راۋاپچى بولغان ئۆزىڭىز.
چاڭگال سىلىپ يۈرەككە،
قاراقچى بولغان ئۆزىڭىز.

يارىم كەلدى ئۇزاقتىن،
قاشى ③ بىلەن بوزاقتىن ④ .
ئەقدەڭگە كۆز يۇمسام،
ئورۇن ئالاي دوزاقتىن.

ئەتلەس كۆڭلەك ئىچىدە
لىغىلدايدۇ مەيدىڭىز.
جانىمنى پىدا ئەيلەي،
بولسا ماڭا مەيلىڭىز.

دۇتارىمنىڭ چالغۇم يوق،
تەمبۇرىمنىڭ چالغۇم يوق.
بۇ دەردنى ئۆزۈم تارتاي،
يارغا جاپا سالغۇم يوق.

سۇ ئېتىزغا باشلاغلىق،
قىر ـ توسمىلار قاشلاغلىق.
سىنالمىغان باغرى تاش،
ئەمدى بىزنى تاشلاغلىق.

كۆرپىڭىزگە پاتمىدىم،
سۆكىڭىزدە ⑤ ياتمىدىم.
سىز يارنى دەپ قاراكۆز،
قانچىلىك دەرد تارتمىدىم؟

تاغ باغرىدا مال بېقىپ،
كۆرگەن كۈنىمىز چاغلىق.
سىز خېنىمنىڭ دەردىدە،
يۈرەك ـ باغرىمىز داغلىق.

قارا مەخمەل بۆكۈم بار،
كۆك تاۋاردىن جىيەكى.
زىدە قىلدى باغرىمنى
سەن يارىمنىڭ كۆيۈكى.

ئارقىدىكى ئېتىزغا،
زىرە، پۇرچاق تېرىقلىق.
يار دەردىدىن بېشارەت،
رەڭگىمدىكى سېرىقلىق.

يار يۈزىنى بويايتۇ،
ئۇپا بىلەن ئەڭلىكتە.

---

① بۇلاق سۈيى ئېقىپ ئۇتىدىغان سازلىق. ②ئوچۇقچىلىق يەر.
④③ جاي ناملىرى. ⑤سۆكە ـ سۇپا.

ئەگلىك ئەتكەن جۇۋانلار
يار تۇتالماي تەگلىكتە.

گۇلئايىما ــ گۇلئايىم،
تاغدىن تولا گۇناھىم.
گۇناھىمدىن ئۆتمىسەڭ،
قىيامەتتە داۋايىم.

بورانچى ① نىڭ دەرياسى،
ئۇزاق بولدى تاشمايدۇ.
يۇرتىمىزنىڭ قىزلارى،
باشقىلارغا ئاشمايدۇ.

ئۆستەڭ بويىدا كاتۇ،
مەگلەشخان دۇتار چاتۇ.
مەگلەشخان دۇتار چالسا،
ئاگلىغانلار هاڭ قاتۇ.

ئۆستەڭ بويىدا كاتۇ،
ياش باللار دۇتار چاتۇ،
سىگلىسنى ئالاي دېسەم،
ئاچىسى تاپان چاتۇ. ②

مەن ئېتىمنى باغلىدىم،
مايماق ئۆسكەن سۆگەتكە.
ئىشەنمەگلار قىزچاقلار،
قىگغىر شەپكە سۆلەتكە.

بىر تۇغقاننىڭ يېتى يوق،
ياتلاشقاننىڭ دىتى يوق.
چوكان دېگەن باشقا گەپ،
قىز باللىنىڭ سېتى يوق.

چاي ئىچتىم قايماق بىلەن،
بۆك تىكتىم ئويماق بىلەن.
ئۆمرۈگنى خاراب قىلما،
بىۋاپا مايماق بىلەن.

يول بويىغا دوقمۇشقا،
دۇكان سالدىم ياراشتى.
بىز ئىككىمىز دوست بولساق،
چىدىماسلار ماراشتى.

دەريانى كەزگەن بىلەن،
قاشتېشى تاپالامىلا؟
مېنىڭ كۆڭلۈم تاش ئەمەس،
بەختىمنى ئاچالامىلا؟

قاشتاش مارجان ئاساملا،
قاشتاش ئۈزۈك سالامىلا؟
قاشتېشىدەك كۆز چېقىپ،
شېرىن جاننى ئالامىلا؟

تامنىڭ ئۈستىدە پاختەك،
يارىمنىڭ ئېتى توختەك.
ھەدىسىلا رەنجىيدۇ،
بىرەر ئۈز گېپى يوقتەك.

يېگىئېرىقتا غاز تولا،
ئوتوپ كەلدىم ئاز ــ تولا.
يېگى ئوتقان يارىمدا
ھېلىتىنلا ناز تولا.

ھۆل سۆگەتنىڭ ئوتۇنى
پىشلدايدۇ كۆيمەيدۇ.
چىرايلىققا ئالدانما،
ئۆز يارىگدەك سۆيمەيدۇ.

ئۇ دۆگدىمۇ چاكاندا،
بۇ دۆگدىمۇ چاكاندا.
قانچىلىك ۋاپا باركىن،
تور پايپاقلىق چوكاندا؟

ئاغزىڭ كىچىك دۇۋەتتەك،
بۇدرە چېچىڭ سېۋەتتەك.
بۇگۈن ساگا نىمە بولدى،
لېۋىڭ ئەمەس ناۋاتتەك؟

شېغىللىقنى ساي دەيدۇ،
پاتەمخاننى باي دەيدۇ.
بىر سۆيۈپ قوياي دېسەم،
لەۋ تەگمەستە «ۋاي» دەيدۇ.

ئارپا تاپساڭ ئاتقا بەر،
سامان يېسۇن كاللار.
قىز بالاگنى ياتقا بەر،
زىتلاشمىسۇن باللار.

دەريادا تۇلۇم بولسا،
باغىمدا گۇلۇم بولسا.
تويىنى پاتراق قىلاتتۇق،
يەتكۇدەك پۇلۇم بولسا.

لەۋلىرىگىزا ــ لەۋلىرىگىز،
تال چېۋىقتەك بەللىرىگىز.
ئىچكەركى ئۆيگە مەن كىرسەم،
تاشقارقى ئۆيىنى دەملىدىگىز.

لەۋلىرىگىزا ــ لەۋلىرىگىز،
نىچانغىچە جىق غەملىرىگىز.
شىشلىپ ئويناڭ خۇمار كۆز،
بولسا تولۇقلاي كەملىرىگىز.

لەۋلىرىگىزا ــ لەۋلىرىگىز،
ئامان بولسۇن تەنلىرىگىز.
ماگا ئۇتقان سىنچايدا
كاللەك ــ كاللەك قەنتلىرىگىز.

بۇ ھاۋا ــ ھاۋامدۇر،
كۆگلىكى تاۋامدۇر.
تاۋار كۆگلەك يارىمنىڭ
لەۋلىرى داۋامدۇر؟

بۇ ھاۋا ــ ھاۋامدۇر،
يار باغرى يارامدۇر.
ياخشى يارغا يار بولماق،
كۆگلۈمنىڭ ئارامدۇر.

ئېيتىپ بەرگۈچى: تۇرسۇن توختى
(خوتەن ناھىيە لاگرۇ يېزىسىدىن)
توپلىغۇچى: روزى سايىت
مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى

①جاي نامى. ② تاپان چېلىپ ئاچچىقلىنىدۇ.

# ئەجدىھا ئېتىقادچىلىقى

جۇڭگولۇقلار ئەجدىھاغا تىۋىنىدۇ، ئەجدىھانى قەۋەتلا سۆيىدۇ، ئۆزىنى ئەجدىھانىڭ ئەۋلادلىرى دەپ ئاتايدۇ. ئەجدىھا جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ سىمۋولى. جۇڭگولۇقلار ئەجدىھاغا مۇناسىۋەتلىك بولغان نۇرغۇن ئەپسانىلەرنى ياراتقان، جۇڭگونىڭ ئەجدىھا ئوبرازىنى پۈتۈن دۇنيا ئەللىرى دېگۈدەك بىلىدۇ.

ئەجدىھا زادى قانداق شەكىلدىكى هايۋان؟

مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى دورىشۇناس لى شىجېن ئۆزىنىڭ «دورىلىق ئۆسۈملۈكلەر قامۇسى»دا ئەجدىھانى كالا قۇلاقلىق، يىلان بويۇنلۇق، گېلى (دېڭىزدا ياشىغۇچى يۇمشاق تەنلىكلەرنىڭ بىر خىلى) قورساقلىق بېلىق، قاسراقلىق، تۇرنا تىرناقلىق، يولۋاس تاپانلىق، بۇرۇتلۇق، مۈڭگۈزلۈك، ئاغزىدا گۆھىرى بار، بويىندا تەتۈر قاسراقلار ئۆسكەن مەخلۇق» دەپ تەسۋىرلەيدۇ. خەلق رىۋايەتلىرىدە ئەجدىھانىڭ قاسراقلىق ئەجدىھا، مۈڭگۈزلۈك ئەجدىھا، قاناتلىق ئەجدىھا دېگەندەك ئوخشاش بولمىغان تۈرلىرى ئۇچرايدۇ.

جۇڭگولۇقلارنىڭ قەلبىدە ئەجدىھا نېمە ئۈچۈن سۇمۇرغ بىلەن ئوخشاش ئورۇن تۇتىدۇ. ھەتتا سۇمۇرغنىمۇ بېسىپ چۈشىدىغان تىۋىنىش ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالىدۇ؟ بۇنىڭ يىلتىزىنى ئىزدىسەك، بۇ يىراق قەدىمكى ئىپتىدائىي خەلقلەرنىڭ تۇتېم ئېتىقادى، تىۋىنىشلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ چىقىدۇ.

ئىلمىي ئاساسلارغا قارىغاندا، قەدىمكى جۇڭگونىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىنىڭ هاۋا كىلىماتى ئىللىق ۋە نەم بولۇپ، سازلىق ۋە ئورمانلىقلار يىلان تۈرىدىكى ئۆمىلىگۈچى هايۋانلارنىڭ ياشايدىغان كۆڭۈلدىكىدەك ماكانى ئىكەن. شۇڭلاشقا، جۇڭگونىڭ يىراق قەدىمكى دەۋرىدىكى ئىپتىدائىي خەلقلەر بوغما يىلان، تىمساھ، دىنوزاۋۇر قاتارلىق هايۋانلارنى ئۆزىگە تۇتېم قىلغان ھەمدە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا بۇ هايۋانلارغا تىۋىنىش شۇ دەۋردىكى ئومۇمىيۈزلۈك هادىسىگە ئايلانغان.

دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، يىلاننى تۇتېم قىلغان نىسبەتەن كۈچلۈك قەبىلىلەر تەدرىجىي هالدا قاسراقلىق هايۋانلار، مۈڭگۈزلۈك هايۋانلار، ئۆمىلىگۈچى هايۋانلارنى ئۆزىگە تۇتېم قىلغان باشقا قەبىلىلەر بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن ھەمدە ئۇلارنىڭ تۇتېملىرىنىڭ بىر قىسمىنى قوبۇل قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئاستا - ئاستا بۇغا مۈڭگۈزلۈك، تۆگە باشلىق، جادۇ كۆزلۈك، جىسمى يىلانغا ئوخشاپ كېتىدىغان «ئەجدىھا»دىن ئىبارەت يېڭى بىر ئوبراز شەكىللەنگەن. بىر قانچە هايۋاننىڭ يۇغۇرۇلمىسىدىن پەيدا بولغان دۇنيادا يوق بۇ غەلىتە غايىۋى مەخلۇق كىشىلەرنىڭ يېڭى تۇتېمى بولۇپ قالغان.

قەدىمكى جۇڭگولۇقلار ئەجدىھانىڭ ئەقىللىق ۋە مۇقەددەس هايۋان ئىكەنلىكىگە، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ يەنە ھەممىگە قادىر بولۇپلا قالماي، ئىنسانىيەتكە ياخشىلىق ۋە قۇت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشەنگەن.

شۇڭلاشقا قەدىمدىن تارتىپ هازىرغىچە، ئەجدىھا كىشىلەرنىڭ قەلبىدە بىر خىل ئەزگۈلۈك ۋە قۇتنىڭ سىمۋولى بولۇپ كەلگەن ھەمدە ئەجدىھاغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر قىسىم ياغىش (نەزىرە) خاراكتېرلىك بايراملار شەكىللەنگەن. مەسىلەن، 1 - ئاينىڭ (قەمەرىيە كالېندارى بويىچە) 15 - كۈنى ئەجدىھا شەكىللىك پانۇس ئوينىتىلىپ، يېڭى يىلنىڭ 1 - ئېيى كۈتۈۋېلىنىدۇ ھەمدە يېڭى يىلدا بارلىق ئىشلارنىڭ قۇتلۇق، كۆڭۈلدىكىدەك بولۇشى ئىلتىجا قىلىنىدۇ. 2 - ئاينىڭ 2 - كۈنى كىشىلەر تەقلىد قىلىنغان ئەجدىھا بېشىنى كۆتۈرۈش ئارقىلىق، باھارلىق ياغىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ، ئەجدىھانىڭ بالايىئاپەتنى يوقىتىشى، يامغۇر - يېشىننىڭ دەل ۋاقتىدا يېغىشى، زىرائەتلەرنىڭ مول هوسۇل بېرىشى ئۈچۈن تىلاۋەت قىلىنىدۇ. 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئەجدىھا شەكىللىك قېيىق مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلۈپ، مىللىي غۇرۇر ۋە تىز يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ خاتىرىلىنىدۇ، بۇ يەردە ئەجدىھا بىر خىل مىللىي روھنىڭ سىمۋولىدۇر.

ئەجدىھا جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ قەلبىدە ئەنە شۇنداق يۈكسەك ئورۇن تۇتقان بولغاچقا، تارىختىن بۇيان فېئودال هۆكۈمرانلار ئۆزلىرىنى ھەقىقىي ئەجدىھانىڭ ئوغلى، ئەجدىھانىڭ نامايەندىسى، دەپ ئاتىشىۋالغان ھەمدە پەقەت ئۆزلىرىگە ئوخشاش ئاشۇنداق «ئەجدىھا سۈپەتلىك» ئادەملەرلا بىر ئەلنىڭ خوجىسى (ئىگىسى) بولالايدۇ، دەپ قارىغان. ئۇلار شۇنداق گەپلەر بىلەن خەلقنى ئەخمەق قىلىپ ئالداپ، ئۇلارغا هۆكۈمرانلىق قىلغان. خەلقنى خۇددى ئۇلار ئەجدىھادىن قورققاندەك ئۆزلىرىدىن قورقۇشقا، ئەجدىھاغا چوقۇنغاندەك ئۆزلىرىگە چوقۇنۇشقا مەجبۇرلىغان. ئەمما كىشىلەرنىڭ قەلبىدە ئەجدىھا ئاساسلىقى يەنىلا ئەجدادلارنىڭ سىمۋولى بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئەجدىھانىڭ نەسلى، ئەجدىھانىڭ پەرزەنتى دەپ قارايدۇ ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ ئەجدىھاغا ئوخشاشلا ئاجايىپ كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە بولۇشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىشىدۇ.

مۇختار تۇردى تەرجىمىسى

(بۇ ماقالە خۇ گۇاڭ، جياڭ يۇڭجىلار تۈزگەن، سىچۇەن خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1992 - يىلى نەشر قىلىنغان خەنزۇچە «تۇتېم ئېتىقادى، جىنسىي تىۋىنىش» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.

مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى

# ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىناس دوستى — گۇننار ياررىڭ

مۇناجىدىن مۇنىر

دېڭىزدىن تولىمۇ يىراق بولغان بۇ كونا ئىچكى قۇرۇقلۇق رايونى ۋە بۇ رايوندا ياشاپ كېلىۋاتقان خەلقلەر ئەزەلدىن مەقسەتلىرىنى پىنھان تۇتقان سەيياھلارنىڭ، تارىخچىلارنىڭ، سىياسىئونلارنىڭ، دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ، ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنىڭ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىپ كەلگەن. ۋەھالەنكى، ئۇلارنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمىلا تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ، بۇ زېمىننى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولالىغان ۋە بۇلۇڭ - پۇشقاقلارغىچە قىدىرىپ چىققان، خېلى كۆپ قىسمى پەقەت خىيالىي تەسەۋۋۇرى ۋە ۋاستىلىك تەتقىقاتى بىلەنلا چەكلەنگەن. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئۇلار ئوخشاش بولمىغان ۋاقىتلاردىن ئوخشىمىغان دەرىجىدە بۇ زېمىننى ئۆزگىلەرگە تونۇشتۇرغان ۋە ئەھمىيەتلىك خاتىرىلەرنى قالدۇرۇپ، بۈگۈنكى مەدەنىيەت تەتقىقاتىمىزنى ئىشەنچلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىگەن. ھەتتا بەزىلىرى بۇ رايون ھەققىدە چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن مەخسۇس ئەسەرلەرنى يېزىپ، قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ توپا - چاڭلىرى باسقان مەدەنىيەت ھادىسىلىرىمىزنى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە تەتقىق قىلغان. ئەنە شۇ تەتقىقاتچىلارنىڭ قاتارىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىناس دوستى، شۋېتسىيىلىك داڭلىق دىپلومات، مەشھۇر شەرقشۇناس، دۇنيا ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىغا زور تۆھپە قوشقان مەرھۇم گۇننار ئالفىرېد ياررىڭنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇ خەلقئارا سىياسىي سەھنىدە ھەممىگە تونۇلغان تالانتلىق دىپلومات، ئىلىم ساھەسىدە زور تەسىرگە ئىگە ئۇيغۇرشۇناس ئىدى.



گۇننارياررىڭ 1907 - يىلى شۋېتسىيىنىڭ جەنۇبىدىكى سىكانىيە ئۆلكىسىنىڭ دېڭىزغا ئانچە يىراق بولمىغان ۋىكۆن دېگەن يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1928 - يىلى لۇند ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن ھەمدە گېرمان تىلى ۋە سكاندىناۋىيە تىللىرى بويىچە باكالاۋرلىق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئۇ ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە شۋېتسىيەلىك مەشھۇر ئېكسپېدىتسىيەچى سۋېن ئانېرس ھېدىن (1865 - 1952)نىڭ «قۇتۇپتىن قۇتۇپقا» ناملىق ئەسىرىنى ئوقۇپ، ئەينى چاغدا كىشىلەر ئۆگىنىش تەس، ئىستىقبالى يوق، دەپ قارىغان تۈركىي تىل تەركىبىدىكى ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىش ئىرادىسىگە كېلىدۇ ھەمدە شۋېتسىيىدىكى تۇنجى ئەۋلاد تۈركىي تىللار ئالىمى گۇستاف راگويىتنىڭ يېتەكچىلىكىدە يېرىم كۈن ئىشلەپ، يېرىم كۈن ئوقۇپ ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىشكە باشلايدۇ. ساۋاقداشلىرى ئۇنى «تۈرك» دەپ ئاتايدۇ. ئۇ زور تىرىشچانلىق بىلەن ئۆگىنىش ئارقىلىق 1933 - يىلى بۇرۇنقىلار ئاساسەن دېگۈدەك قول تەگكۈ-

2003.3

زۇپ باقمىغان، قىيىنلىق دەرىجىسى بىر قەدەر چوڭ بولغان «ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسى تەتقىقاتى» دېگەن تېمىدا دوكتورلۇق ئىلمىي ماقالىسىنى ياقلاپ، پەلسەپە پەنلىرى بويىچە دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشىدۇ.

ئۇ مانا مۇشۇ دوكتورلۇق ئىلمىي ماقالىسىنى يېزىش ئۈچۈن ماتېرىيال توپلاش مەقسىتىدە قاتناشنىڭ قۇلايسىزلىقى، ئارىلىقنىڭ يىراقلىقىغا قارىماي، 1929 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرى قەشقەرگە كېلىدۇ، ئۇ بۇ يەردە تۇرمۇشتا تېجەشلىك بولۇپ، يېرىم يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە كىشىلەر ئانچە بىلمەيدىغان بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلارغىچە بېرىپ ئىلمىي تەكشۈرۈش، ماتېرىيال توپلاش ۋەزىپىسىنى غەلىبىلىك تاماملايدۇ. ئۇ يەنە خوتەنگە بېرىپ شۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ شېۋىلىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرمەكچى بولىدۇ. ئەمما، كېزىك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قېلىپ، قايتىشقا مەجبۇر بولىدۇ. كېيىنچە ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىش پىلانى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشى بىلەن بىر مەزگىل توختاپ قالىدۇ. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىياسىدىن ئەسىرگە چۈشكەن بىر تۈركۈم كىشىلەر ۋاقتىنچە شۋېتسىيىگە قايتۇرۇلىدۇ. ئەينى چاغدا ئۇلارنىڭ گېپىنى ھېچكىم چۈشەنمەيدۇ. مانا مۇشۇ چاغدا گۇننار ياررىڭ بۇ ئەسىرلەرگە تەرجىمانلىق قىلىدۇ. ئۇنىڭ تىل جەھەتتىكى ئىقتىدارى دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىدىكى خادىملاردا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ. ئۇ ئۇرۇشتىن كېيىن دىپلوماتىيە ساھەسىدە ئىشلەپ، بۇ ساھەدە ئالاھىدە تالانتىنى نامايان قىلىدۇ.

ئۇ ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ، شۋېتسىيىنىڭ تۈركىيە، ئىران، ئىراق، ئېفىئوپىيە، ھىندىستان، سىرىلانكا، ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى، موڭغۇلىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە تۇرۇشلۇق ئەلچىسى ۋە باش ئەلچىسى، 1957 ـ ، 1958 ـ يىللىرى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ ۋەكىلى ۋە رەئىسى، 1967 ـ يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى باش كاتىپىنىڭ ئوتتۇرا شەرق رايونى بويىچە پەۋقۇلئاددە ۋەكىللىكىگە تەيىنلىنىپ، ئەرەبلەر بىلەن ئىسرائىلىيىلىكلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەسسەلەشتۈرگۈچى بولغان ھەمدە خەلقئارا سىياسىي سەھنىدە زور تەسىر پەيدا قىلغان. 1973 ـ يىلدىن باشلاپ، كەسپىي دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىقىدىن چېكىنىپ چىققان. 1979 ـ يىلى ئېلىمىز ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىپ قىلىشى بىلەن يەنە بىر قېتىم جۇڭگوغا كېلىپ شىنجاڭنى قايتا زىيارەت قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن ھەمدە سەپەر خاتىرىسى سۈپىتىدە «قەشقەرگە قايتا سەپەر» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىنى يېزىپ چىققان.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت تەتقىقاتى ئۈچۈن، ئۆمۈربويى شەخسىيەتسىز تەر ئاققۇزغان بۇ ئالىم 2002 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى مەڭگۈلۈككە كۆز يۇمدى. ئۇنىڭ ۋاپاتى ئۇيغۇر خەلقى، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيىتىگە قىزىقىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن، شۇنداقلا دۇنيا ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتى ئۈچۈن چوڭ مۇسىبەت.

گۇننار ياررىڭ 1933 ـ يىلى «ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسى تەتقىقاتى» ناملىق دوكتورلۇق ئىلمىي ماقالىسىنى ياقلىغاندىن باشلاپ، تاكى ۋاپات بولغۇچە بولغان 70 يىل ئىچىدە مەيلى ئۇنىۋېرسىتېتتىكى چېغىدا بولسۇن ياكى جىددىيچىلىك ئىچىدە ئۆتكەن دىپلوماتىيە خىزمىتى جەريانىدا بولسۇن، ئىزچىل تۈردە شەرقشۇناسلىققا ئائىت ئەسەرلەرنى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر تىلى، تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر ماتېرىياللارنى توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش ۋە ئېلان قىلىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن. 1973 ـ يىلى پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىنكى 30 يىلغا يېقىن ھايات مۇساپىسىدە، كۆپ زېھنىنى ئىككى قېتىملىق شىنجاڭ سەپىرىدە يىغىپ توپلىغان ماتېرىياللارنى ۋە ئۇستازى ـــ تۈركىي تىللار ئالىمى راگۇيتتىن قېپقالغان ماقالە، ئەسەرلەرنى توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش ئىشلىرىغا سەرپ قىلغان. ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلى، تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى مانا مۇشۇ چاغدا بارلىققا كەلگەن. دەرۋەقە ئۇ يەنە دىپلوماتىيە سىياسىتى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت نۇرغۇن ماقالىلەرنى يېزىپ ئېلان قىلدۇرغان.

ئۇنىڭ ئۇيغۇرشۇناسلىققا ئائىت ئاساسلىق ئەسەرلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. «ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسى تەتقىقاتى» (1933 ـ يىلى لۇند).

2. «ئافغانىستاندىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ جايلـ

شىشى ۋە ئۇلارنى دەسلەپكى قەدەمدە تۈركچە ئايرىش ھەققىدە تەتقىقات» (1939 ـ يىلى).

3. «ئۇيغۇر تىلى ـ ئىنگلىز تىلى شېۋىلىرى لۇغىتى» (1964 ـ يىلى لۇند).

4. «گوستاف راگوۋيت ۋە (قاسىم ئاخۇننىڭ كامىل ئەپەندىگە يازغان خېتى) ھەققىدە تەتقىقات» (1975 ـ يىلى لۇند).

5. «شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى شۋېتسىيىلىك دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ دوكلاتىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مىللەتشۇناسلىققا دائىر ماتېرىياللار» (1979 ـ يىلى لۇند).

6. «قەشقەرگە قايتا سەپەر» (1979 ـ يىلى ستوكگولىم، 1986 ـ يىلى ئامېرىكا دۆك ئۇنىۋېرسىتېتى).

7. «قەشقەر ئەدەبىياتىغا دائىر ماتېرىياللار» (1980 ـ يىلى لۇند).

8. «ئۇيغۇر تىلىدىكى (مونازىرە ئەدەبىياتى) توغرىسىدا خاتىرىلەر» (1981 ـ يىلى لۇند).

9. «شىنجاڭدىكى يىپەك يولىدا يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتىكى يېڭى بايقاشلار توغرىسىدىكى قاراشلىرىم» (1983 ـ يىلى لۇند).

10. «قەشقەر قول يازمىلىرى» (1987 ـ يىلى لۇند).

11. «(ئوغرى يوق شەھەر) قاتارلىق ئۇيغۇر خەلق رىۋايەتلىرى ھەققىدە تەتقىقات» (1989 ـ يىلى لۇند).

12. «قەشقەردىكى باسما ماتېرىياللار، شۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئۆمىكىنىڭ شىنجاڭدىكى باسمىخانىسى، تارىخ ۋە باسما بۇيۇملار ھەققىدە ئومۇمىي بايان» (1991 ـ يىلى ستوكگولىم).

13. «ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى مەدەنىيەت ئوقۇشى ـ شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرى تەسۋىرىدىكى خەنزۇ تىياتىرى» (1991 ـ يىلى لۇند).

14. «شۋېتسىيە دۆلەت ئارخىپ سارىيىدا ساقلىنىۋاتقان جۇڭگو شىنجاڭغا ئائىت ماتېرىياللار» (1991 ـ يىلى «ئوتتۇرا ئاسىيا ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ ئومۇمىي 35 ـ سانىغا بېسىلغان).

15. «ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ ناملىرى» (1979 ـ يىلى لۇند).

16. «شىنجاڭ ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىغا ئائىت ماتېرىياللار» (1946 ـ يىلى، 1948 ـ ۋە 1951 ـ يىللىرى لۇند).

بۇ ئەسەرلەر گۇننار ياررىڭنىڭ ئۇيغۇر تىلى، تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ساھەسىدىكى تەسىرى بىرقەدەر زور، قىممەتلىك نەتىجىلىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ بۇ قىممەتلىك ئەسەرلىرى مول مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ياراتقان ئۇيغۇر خەلقىنى غەرب ئەللىرىگە تونۇتۇشتىكى تەسىرى بىلەن ئاپتورنىڭ خەلقئارا سىياسىي سەھنىدىكى غايەت زور تەسىرىدىن قېلىشمايدۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى، بىز بۇ قەدىناس دوستىمىزنى تولىمۇ كېچىكىپ تونۇدۇق. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىمىز ۋە تەتقىقاتلىرىمىز تېخىچىلا يۈزەكى بولۇپ، ھازىرغىچە ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلىرىمۇ كۆپ ئەمەس.

1997 ـ يىلى مەرھۇم مەمتىمىن يۈسۈپ ئەپەندى بىلەن بارىجان زەپەر ئۇنىڭ 1946 ـ، 1948 ـ، 1951 ـ يىللىرى لۇندتا نەشر قىلىنغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىغا ئائىت ماتېرىياللار» ناملىق ئۈچ توملۇق كىتابىنى يىغىپ «ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرى» نامى بىلەن نەشرگە تەييارلاپ، مىللەتلەر نەشرىياتىدا نەشر قىلدۇردى. 1998 ـ يىلى ئابدۇغوپۇر سەئىدىن 1994 ـ يىلى ياڭ لىيەن قاتارلىقلار تەرجىمە قىلىپ تۈزگەن «قەشقەرگە قايتا سەپەر» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىنى خەنزۇ تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى.

بىز قولىمىزدىكى بۇ ئىككى پارچە ئەسەرنى ئوقۇساقلا، گۇننار ياررىڭنىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى ھېس قىلالايمىز. ئۇ، ئۇيغۇر خەلقىنى ئۆزىنىڭ «قەدىناس دوستى» دەپ بىلىدۇ. ئۆزىدىن بۇرۇنقى بىر قىسىم ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى خىلمۇخىل ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ، تالان ـ تاراج قىلغان قىلمىشلىرىنى ئەيىبلەيدۇ، ۋەيران قىلىنىۋېتىلگەن مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزغا ئېچىنىدۇ. قىسقىسى، ئۇ مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزغا ئىلىم ئىگىلىرىگە خاس ئىلمىي، ئەستايىدىل ۋە دوستانە مۇئامىلىدە بولىدۇ. بۇ ئۇنىڭ 1930 ـ يىللاردا قەشقەردە ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشلىرىدە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغان تۇنجى ئەسىرى «ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرى» بۇنىڭ تىپىك مىسالى. گۇننار ياررىڭ بۇ-

نىڭدىن 70 يىل ئىلگىرىلا خەلق ئەدەبىياتىنى توپلىغان، ھەتتا ناھايىتى ئىنچىكە بولغان شىۋە ئالاھىدىلىكلىرىنىمۇ پەرقلەندۈرۈپ خاتىرىلىگەن. دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى، ئۇنىڭ مەزكۇر كىتابىدا ئۇچرايدىغان بەزى ھېكايىلەر يازما ماتېرىياللاردىن تاپقىلى بولمايدىغان، ھەتتا ئادەم كۆپ يەردە دېيىشكە ئەپسىزرەك بولغان ھېكايىلەر بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ خەلق ئارىسىغا قانچىلىك چۆككەنگەنلىكىنى بىلىۋېلىش تەس ئەمەس. بۇ خاتىرىلەر 30 ـ يىللاردىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكلىرىنى ۋە ئۇنىڭغا ياندىشىپ مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى تەتقىق قىلىشتا تېپىلغۇسىز ماتېرىياللار ھېسابلىنىدۇ. ۋەھالەنكى، بىز ھازىرغىچە توپلاپ نەشر قىلدۇرغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئائىت كىتابلارنى كۆرىدىغان بولساق، ئۇنىڭ ئۇيغۇرنىڭ قايسى رايوندىن توپلىنىشىدىن قەتئىينەزەر، تىلى ئاساسەن دېگۈدەك مەركىزىي دىئالېكت ئاساسىدا قېلىپلاشتۇرۇلغان پاكى ئۆز ئىرادىسى بويىچە «تەھرىرلەنگەن» بولۇپ، يەرلىك تىل ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنىڭغا يۈكلەنگەن بارلىق مەدەنىيەت ئۇچۇرلىرىمىز ئەسلىي ئىزىدىن يوقالغان. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندىمۇ، گۇننار ياررىڭنى مېنىڭچە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش، رەتلەشكە زور تۆھپە قوشقان دېيىشكە بولىدۇ.

گۇننار ياررىڭنىڭ «قەشقەرگە قايتا سەپەر» ناملىق كىتابى 1979 ـ يىلى ستوكگولېمدا، 1986 ـ يىلى ئامېرىكىدا نەشر قىلىنىپ، زور تەسىر پەيدا قىلغان. غەرب دۇنياسى بۇ كىتاب ئارقىلىق ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكىنىگە يېرىم ئەسىر بولغان بۇ قەدىمكى زېمىننى ۋە بۇ زېمىندا ياشاۋاتقان ئاق كۆڭۈل، ساددا خەلقنى قايتىدىن ئەسلىرىگە ئېلىشقان.

«قەشقەرگە قايتا سەپەر» ناملىق كىتابنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىنى ئىشلىگۈچى ياڭ لىيەن «شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىكى قەشقەرنى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى بىلىش ئۈچۈن، ‹قەشقەرگە قايتا سەپەر›نى ئوقۇماي بولمايدۇ» دەپ يازىدۇ. «قەشقەرگە قايتا سەپەر» گەرچە ئەسلىمە ۋە ساياھەت شەكلىدە يېزىلغان بولسىمۇ، ئۇ ئادەتتىكى ساياھەت خاتىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن. گۇننار ياررىڭ كىتابىدا قەشقەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئەھۋاللىرى، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرى، تارىخى، مەدەنىيىتى، ئەدەبىياتى قاتارلىق ساھەلىرى ئۈستىدە ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئەھمىيەتلىك خاتىرىلەرنى قالدۇرغان بولۇپ، ئۇيغۇرلارغا، جۈملىدىن قەشقەرگە نىسبەتەن چوڭقۇر مۇھەببەت بىلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: ياررىڭ بۇ قەدىناس جايغا قىلغان قايتا سەپىرىنى ئاياغلاشتۇرۇش ئالدىدا مۇنداق يازىدۇ: «بىز بىرقانچە ئۇيغۇر مەھەللىلىرىنى بېسىپ ئۆتتۇق. بۇ يەردىكى ئۆيلەر خام كېسەكتىن قوپۇرۇلغان ئۆزگىچە ئۇيغۇر ئۆيلىرى ئىدى. مەن مانا مۇشۇنداق مۇھىتتا بىرقانچە ئاي تۇرۇۋېلىشنى، ياشلىق باھارىمغا يەنە بىر قېتىم قايتىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلدىم. ئاشۇنداق بولغاندا ئۇيغۇر تارىخىنى تەتقىق قىلىشىمغا جەزمەن پايدىسى بولاتتى». بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقىنى بىر ئۇيغۇرشۇناس ئالىمنىڭ ياشانغان چېغىدا ياشلىق باھارىنى ئەسلىشى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزى قەدىناس دەپ بىلگەن خەلقنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتىگە بولغان سۆيگۈ ھېسسىياتىدۇر.

قىسقىسى، گۇننار ياررىڭ ئىلىم ساھەسىدە ھەممىگە تونۇلغان شەرقشۇناس، جۈملىدىن، ئۇيغۇرشۇناس ئالىم بولۇپ، يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، ئەدەبىياتى ۋە فولكلور تەتقىقاتىغا بېغىشلىغان. ئۇنىڭ بۇ ساھەدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ ئىلمىي ۋە پايدىلىنىش قىممىتى ئىنتايىن زور. بولۇپمۇ ئۇنىڭ تەتقىقات جەھەتتىكى جاپاغا چىدايدىغان، سەۋرچان روھى، ئەستايىدىل، ئەمەلىي مۇئامىلىسى كىشىدە ھۆرمەت تۇيغۇسى ئۇرغۇتىدۇ. گەرچە ئۇ كىشىلىك دۇنيادىن مەڭگۈلۈك ئايرىلغان بولسىمۇ، ئىشىنىمىزكى، ئۇيغۇر خەلقى ئۇنى «قەدىناس دوستى» سۈپىتىدە مەڭگۈ ئەسلەپ تۇرىدۇ.

پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:

1. «ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرى» 1997 ـ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى.
2. «قەشقەرگە قايتا سەپەر» 1998 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.
3. ئىنتېرنېت توردىكى ئۇچۇرلار.

مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى



MIRAS

www.uyghurkitap.com



2003.3

# ئون ئىككى مۇقامنىڭ مىللىي خاسلىقى

ئىمىن تۇرسۇن

«مۇقام» ئاتالغۇسى ئوتتۇرا ئاسىيادا، 14 ـ ئەسىردە پەيدا بولغانلىقى مەلۇم. بۇ ئاتالغۇ بىرىنچى قېتىم مەھمۇد ئىبنى مەسئۇد ئىسرازىي (1236 ـ 1310)نىڭ ئەسىرىدە ئۇچرايدۇ. لېكىن بۇ سۆز ئۇ چاغلاردا كۈيلەر سىكلىنى ئاتالاتماستىن، كۈيلەرنىڭ ئاكۇستىكىلىق (ئاۋازشۇناسلىق) ئورۇنلىرىنى بىلدۈرىدىغان ئاتالغۇ سۈپىتىدە قوللىنىلغان.

دۇنيا مۇزىكا مەدەنىيىتىدە «مۇقام» تېپىغا كىرىدىغان كۈيلەر ياكى كۈيلەر مۇجەسسەمى ناھايىتى كۆپ. بۇلاردىن بەزىلىرى نام جەھەتتىكى ئوخشاشلىق ۋە مۇزىكا ئۇسۇللىرى جەھەتتىكى ئورتاقلىققا ئىگە بولسىمۇ، تەبىئىي يوسۇندا ئۇلار بىرەر مىللەت ياكى جاينىڭ نامىغا تەئەللۇق قىلىنىپ ئاتىلىپ كەلگەن. مەسىلەن، ئۇيغۇر، ھىندى، تاجىك، ئۆزبېك، ئەزەربەيجان، ئەرمەن، ئەجەم (ئىران)، ئەرەب، تۈرك مۇقاملىرى دېگەندەك. بۇ مۇزىكا يادىكارلىقلىرى ئۇزاق زامانلاردىن بېرى، مىڭلىغان بەستىكار كومپوزىتور، سازەندە ۋە خانەندىلەر (ناخشىچى) تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنىپ، ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ئۆتۈپ، دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن، ژانىر جەھەتتىن تولۇقلىنىپ، ئانا تون ئاساسىدىكى كۈيلىرى شاخلىنىپ راۋاجلانغان.

مۇقاملار مىللىي خاسلىق جەھەتتە بىر ـ بىرىدىن كەسكىن پەرقلىنىدۇ. بۇ پەرقلەر ئالدى بىلەن مۇزىكىلىق قۇرۇلما، ئىنتوناتسىيە (رىتىملىق ـ مېلودىيىلىك تۈتۈق تۈزۈلۈش ئۇسۇلى)، كۈيلەرنىڭ سىستېمىلىق ـ پوئېتىكىلىق تەرتىپلىنىشى، ھەر مىللەتنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكى ۋە تۇرمۇش بوياقلىرى، ئۆز زامانىسىدا بارلىققا كەلگەن ئۇسلۇب، خۇسۇسىيەتلىرى ھەم تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشلىرىدىن بىلىنىدۇ. دەرۋەقە، مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بىرەر كۈينىڭ مىللەت ۋە دۆلەت چېگرىسى بولمايدۇ، ئۇ مىللەتلەر ئارا كەڭ تارقالغان بولىدۇ. ئەمما، مۇقاملاردىكى

مىللىي خاسلىق ئۆز قۇدرىتىنى ساقلاپ كەلمەكتە. بۇنىڭدىن ھەر مىللەت مۇقاملىرى بىر ـ بىرىگە تەسىر كۆرسەتمىگەن دېگەن مەنە چىقمايدۇ. تارىم بويىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن قەدىمكى «بۈيۈك كۈيلەر» تۈرلۈك ۋاستىلەر بىلەن شەرققە ۋە غەربكە تارقالغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، قەدىمكى تارىم مۇزىكىسى شەرقتىن ھەم غەربتىن ئېجابىي ئامىللارنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنى بېيىتىپ كەلگەن.

«مۇقام» دەپ ئاتالغان تۈرلۈك مىللىي كۈيلەر مۇجەسسەملىرىنىڭ ئۆزئارا تەسىرىنى دۇنيا مۇزىكشۇناسلىرى دىئاخرونىكلىق (توغرىسىغا) ھەم سىنخرونىكلىق (ئۇزۇنىسىغا) جەھەتلىرىدىن ئىلمىي تەكشۈرۈپ، ھەر خىل خۇلاسە چىقىرىشقان. بۇ خۇلاسىلەردىن ئۇيغۇر مۇقاملىرى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋىتى بار دەپ قارالغان (ئوتتۇرا، غەربىي ۋە جەنۇبىي ئاسىيا ھەم شىمالىي ئافرىقا) مۇقاملىرى توغرىسىدىكى بايانلارغا نەزەر ئاغدۇرايلى:

**1. ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ۋە تاجىك ـ ئۆزبېك «شەش مەقامى» ھەم تۈركمەن، ئەزەربەيجان، ئەرمەن مۇغاملىرى**

ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن نۇسخىسى 16 ـ ئەسىردە رەتلەنگەن دېگەن قاراش ئومۇملاشقان. بۇ نۇسخا بويىچە ھەر بىر مۇقام ئۈچ چوڭ قىسىم (لىرىكىلىق، ئېپىك، دراماتىك خاراكتېردىكى قىسىملار)دىن تەركىب تاپقان. بۇ قىسىملارغا مۇجەسسەملەشكەن كۈيلەر مۇزىكىلىق قۇرۇلما يەنى رىتىملىق ـ مېلودىيىلىك نۇتۇق، ئاھاڭ تۈزۈلۈشى، پوئېتىكىلىق ـ مەنتىقىي تەرتىپلىنىشى جەھەتلىرىدىن بىر ـ بىرىگە ماس ھالدا مۇزىكا نەزەرىيىسى بويىچە سىستېملاشقان.

ئۇيغۇر مۇقامچىلىرىدىن تۇردى ئاخۇن، قاسىم ئاخۇن قاتارلىق ئۇستازلار ئارقىلىق بىزگە يەتكەن ئون ئىككى مۇقام—راك، چەبىيات، مۇشاۋرەك، چارگاھ، پەنجىگاھ، ئۇزال، ئەجەم، ئۇشاق، نەۋا، بايات، سىگاھ، ئىراق دەپ ئاتالغان مۇقاملاردىن ئىبارەت.

تاجىك ـ ئۆزبېك «شەش مەقامى» بۇزرۇك، نەۋا، دۇگاھ، سىگاھ، راست، ئىراق دېيىلگەن ئالتە چوڭ مۇقامدىن ئىبارەت كلاسسىك ئەسەر. بۇ ناملاردىن نەۋا، سىگاھ، ئىراق دېگەن ناملار ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىدىكى 9 ـ ، 11 ـ ۋە 12 ـ مۇقاملارنىڭ ناملىرى بىلەن ئوخشاش. لېكىن، بۇ مۇقاملار سىستېمىلىق قۇرۇلما ۋە رىتىملىق ـ مېلودىيىلىك گۇرۇپپىلىنىش ـ تۈسلىنىش ھەم كۆپ خىللىق ئۆزگىرىش ـ تۈسلىنىش جەھەتلىرىدە قەتئىي ئوخشىمايدۇ. ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىدا مۇستەقىل ھەم مۇرەككەپ تۈزۈلگەن بەزى مۇقاملارنىڭ ئۆزۈندىلىرى «شەش مەقام»نىڭ بەزى مۇقاملىرىغا شۆبە قىلىنغان. مەسىلەن، «ئۇشاق ـ شەش مەقامنىڭ ئىككىنچى (نەۋا) مۇقاملار گۇرۇپپىسىغا ئائىت كۈي ۋە شۇ كۈيدىكى ناخشىنىڭ نامى.» ① «بايات ـ شەش مەقامنىڭ ئۈچىنچى (دۇگاھ) مۇقاملىرىغا كىرىدىغان كۈيلەر گۇرۇپپىسىدىن بىرىنىڭ نامى.» ② «ئەجەم —مۇزىكا ئەسەرلىرىدە ئۇچرايدىغان خىلمۇخىل خاراكتېردىكى قەدىمكى كۈي ۋە ناخشىلار تۈركۈمى. مەسىلەن، بەيتلى ئەجەم، نەۋرۇزىي ئەجەم، مۇخەممەسى ئەجەم.» ③

بەزى تەتقىقاتچىلارنىڭ پىكرىچە، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ تەسىرى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا 18 ـ ئەسىردە «شەش مەقام» مەيدانغا كەلگەنىكەن. ④ بۇنى ھەتتا تاجىك ئاكادېمىك يۇ. رەجەبى ھەم 18 ـ ئەسىردىن باشلاپ «شەش مەقام» نامى بىلەن ئاتالغانلىقىنى ئەسلەتكەن.

تۈركمەنلەردە يەتتە مۇغام بار ئىكەن. بۇلارنىڭ ناملىرى: مۇغاملار باشى، گانۇر باش مۇغامى، ئېرىكىلىك مۇغام، ئايرىلىق مۇغام، كۆكتېپە مۇغام، نەلىر گۇرۇڭدى مۇغام، بېركېلى چوقاي مۇغام.

ئەزەربايجاندا، راست، نەۋا، شۇر، سىگاھ، چارگاھ، بەياتى شىراز، ھۇمايۇن، شەھناز، ئۇشتار، سەرەنج دەپ ئاتىلىدىغان «ئون مۇغام» بار ئىكەن.

ئۇيغۇرلار بىلەن بىر تىل سىستېمىسىدا بولمىغان ئەرمەنلەردىمۇ ئالتە مۇقام بولۇپ، بۇلار بايات، راست، شۇشتار، شۇرى، چارگاھ، ناۋا دەپ ئاتىلىدىكەن.

بۇ مۇقاملاردىن تۈركمەن مۇقاملىرى ئۆزگىچە ئاتالغاندىن باشقا، ئەزەربەيجان، ئەرمەن مۇقاملىرىدىن ناۋا، سگاھ، چارگاھ، بايات مۇقاملىرى ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىدىكى تۆت مۇقام بىلەن نامداش. لېكىن مۇزىكىلىق تۈزۈلۈشى، ئىجرا قىلىنىش ئۇسۇللىرى جەھەتلەردە، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىدىكى نامداش تۆت مۇقامغا كەسكىن پەرقلىنىدۇ. يەنە كېلىپ، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ ئارخائىكلىق قۇرۇلمىسى، مىللىي مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ ئوبرازلىق سىستېمىسىدا تۇتقان ئورۇنلىرى، مۇزىكىلىق قىياپەتتە تەپەككۇر ـ تەسەۋۋۇرنىڭ ھەقىقىي سۈرەتتە بىر ـ بىرىگە ئۇيغۇن ماس كېلىشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ تەركىبىدىكى كۈيلەرنىڭ تولىسى

مېلودىيە جەھەتتىن مۇرەككەپ ئاۋازلىق، مىللىي خاراكتېر ئالغان ئىنتوناتسىيىلىك بولۇش خۇسۇسىيەتلىرى بىلەنمۇ پەرقلىنىدۇ.

**2. ئۇيغۇر مۇقاملىرى ۋە ئەرەب مەقاملىرى**

ئەرەب مۇزىكا مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلغان ئالىملارنىڭ پىكىرلىرىگە قارىغاندا، ئەرەبلەردە مۇنتىزىم ناخشا ـ كۈيلەر خېلى كېيىن پەيدا بولغانىكەن. مىسىر ئالىمى ئەھمەد ئەمىن «فەجرىل ئىسلام» ⑤ دا مۇنداق يازغان: «ئەرەبلەرنىڭ بەدىئىي ھاياتىغا پارسلارنىڭ ناخشىلىرىمۇ چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن. ئەرەبلەر پارسلارنىڭ ئاھاڭلىرىدىن ئەرەب كۈيلىرىنى ئىشلىگەن». «ئەبۇل فەرەج» (897 ـ 967)، «ئەل ئەغانى» (نەغمە ـ مۇزىكا توغرىسىدا) كىتابىدا يېزىشچە، ئەرەبلەرنىڭ كۈيلىرى خەلپە ئۆمەر دەۋرىدىمۇ پەيدا بولمىغانىدى. ئەرەبلەر ئۇ چاغلاردا تۆگىلەرگە مىنىۋېلىپ، كۈيگە ئوخشاش ئاۋازدا («ھۇدى فىدا» ـ تۆگە ھەيدەش كۈيىدە) غىڭشىلداپ تۆگە ھەيدەيتتى ـ دە، ئىچ پۇشۇقىنى چىقىراتتى. ئەرەبلەر پارسلارنى دوراپ بىر خىل يىغلىش ئۆتكۈزەتتى. بۇنداق يىغلىش ئاددىي ناخشا ئوقۇش يىغلىشىلا ئەمەس، ئەدەبىيات يىغلىشىمۇ ئىدى. يىغلىشتا كۈيلىشەتتى، بۇ ئەرەبلەرنىڭ مۇزىكا ئىشتىھاسىغا ماس كېلەتتى.

تارىخچى ئەھمەد ئەمىن «فەجرىل ئىسلام»دا يەنە مۇنداق دەپ قەيت قىلغان: تەخمىنەن ھىجرىيىنىڭ دەسلەپكى يېرىم ئەسرىدە «مەككىدە يەنە بىر خىل تۇرمۇش ۋۇجۇدقا كېلىشكە باشلىغان... مۇنداق ئىككىنچى خىل تۇرمۇشتا، ناخشا ـ ئۇسسۇل، ئەدەبىيات دېگەندەك غارايىپ سەنئەت پەيدا بولغان. ئاجايىپ شۆكى، ھىجازدا بەدىئىي تۇرمۇش جەھەتتىكى بەزى كۆرۈنۈشلەر بارا ـ بارا ئىراق، سۈرىيىنىڭكىدىن تېخىمۇ مول ۋە خىلمۇخىل تۈس ئالغان. ئەرەبلەر ئىراق، ئىرانلارنى بېسىۋالغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ مەدەنىي ھاياتىدا چوڭ ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەن. بولۇپمۇ ساسانىيلار دەۋرىدىن كېيىن، سالجۇقىيلار، سامانىيلار، قاراخانىيلار دەۋرلىرىدە خوراسان ـ ئىراق تەرەپلەرگە كۆپلىگەن تۈركىي قوۋملەر كۆچۈپ بېرىپ، ئۇ جايلارنىڭ مەدەنىي ھاياتىغا نۇرغۇن يېڭىلىقلارنى ئېلىپ كەلگەن، بۇنداق يېڭىلىقلارنىڭ بىر ساھەسى ــ مۇزىكا.

تۈركىيىلىك مۇقام تەتقىقاتچىسى ئاۋقات ئاتا تەرزباشى ئىراقلىق مۇزىكا مۇئەللىپى ئابدۇلكەرىم ئەل ئەلافىينىڭ «ئەت غەرەب ئىندەل ئەرەب» كىتابىدىن ئاساس كەلتۈرۈپ «ئىراق مۇزىكا مۇتەخەسسىسلىرىدىن ئابدۇلكەرىم ئەل ئەللاف بۈگۈنكى كۈندە ئوقۇلۇۋاتقان ئىراق مۇقاملىرىنىڭ تاتارلار (موڭغۇللار) دەۋرىدىكى تۈرك ۋە ئىران مۇزىكىسىنىڭ ئەينەن ئۆزى ئىكەنلىكىنى يازغان» ⑥ دەپ قەيت قىلغان. ئىراقلىق مۇزىكا مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ پىكرىچە، يېقىنقى زاماندىن ھازىرغىچە باغدادتا ئىجرا قىلىنىۋاتقان مۇزىكىدا تۈركىي موتىفلار ئۈستۈنلۈك قازىنىدىكەن. سالجۇقىيلار دەۋرىگە ئائىت مۇزىكا توغرىسىدا خوجا ئابدۇلقادىرنىڭ (1360 ـ 1435) «مەقاسىدۇل ئەلھان» (مەقسەتلەر سادالىرى) ناملىق ئەسىرىدە ئۇششاق، نەۋا مۇقاملىرىدىن بەزى كۈيلەرنى ئىراقتا جەڭ مارشلىرى قىلىپ قوللانغانلىقى يېزىلغان. يەنە تۈركىيىلىك مۇئەللىپ ماھىر نەقىبنىڭ تەھلىلىچە، ئۇششاق، نەۋا ۋە بەياتى مۇقاملىرىنىڭ قەدىمىيلىكىگە ۋە بىر ـ بىرىگە ئوخشايدىغان ئورۇنلىرىغا قارالسا، بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەنبە بىرلىكى بارلىقى مەلۇم ئىكەن. ⑦

كېيىن پەيدا بولغان ئەرەب مۇقاملىرى ئۇيغۇر مۇقاملىرىدەك مەلۇم مۇزىكىلىق ـ لوگىكىلىق مۇناسىۋەتلەر بويىچە مۇنتىزىم يۈرۈشلەشكەن كۈيلەر مۇجەسسىمى ئەمەس.

ئىراقتا مۇقاملار گۇرۇپپىسىنى «فەسل» دەپ ئاتايدىكەن. «فەسل» ئادەتتە مۇقىم تەرتىپ بويىچە بىر قانچە مۇقامدىن تەركىب تېپىپ، باشتا كەلگەن مۇقامنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىدىكەن. ئىراقتا بايات، ھىجاز، راست، نەۋا، ھۇسەينى دەپ ئاتىلىدىغان بەش «فەسل» بار ئىكەن.

سۈرىيىدە بولسا، مۇقاملار تىپىغا يېقىنراق كېلىدىغان كۈيلەر گۇرۇپپىسى «ۋەسل» دەپ ئاتىلىپ، سەبا، بايات، ئىراق، ھىترەس، خەزام، ھىجازدىن ئىبارەت ئالتە «ۋەسل» بار ئىكەن.

مىسىردا مۇنداق كۈيلەر «دۇر» دەپ ئاتىلىدىكەن. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، «دۇر»لار 19 ـ ئەسىردە شەكىللەنگەن بولۇپ، ئىراق كۈيلىرىدەك قەدىمىي ۋە باي ئەمەس، شۇنىڭدەك يۈرۈشلەشكەن شەكىلگە ئىگە ئەمەس ئىكەن. مىسىرلىقلارمۇ مۇقام كۈيىنى ئىراق ۋە سۈرىيىلىكلەردەك بىر خىل مۇزىكا تونى دەپ قارايدىكەن.

شىمالىي ئافرىقىدا (ماراكەش، جەزائىر، تۇنىسلاردا) بىر قانچە ناخشا كۈيلىرى ۋە چالغۇ كۈيلىرىدىن تەركىب

تاپقان «نەۋبە» دەپ ئاتىلىدىغان مۇقام شەكلى بارلىقى مەلۇم. «نەۋبە» كۈيلىرى ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ «چوڭ نەغمە» قىسمىدىكى بەزى كۈيلەرگە يېقىن كېلىدىكەن. ⑧

**3. ئۇيغۇر مۇقاملىرى ۋە تۈرك مەقاملىرى**

تۈركىيە ژۇرنالىستلىرىدىن ئەتېم رۇھىي ئۇگيار (تۈركىيە «مۇسىقا مەجمۇئەسى» باش مۇھەررىرى ئۆزىنىڭ «تۈرك مۇسىقىسى خۇسۇسىيەتلىرى» دېگەن ماقالىسىدە) ⑨پروفېسسور سالىھ مۇراد ئۇزدىلەكنىڭ «تۈرك مۇسىقىسى خۇسۇسىدا لەۋھەلەر» دېگەن كىتابىدا ئالغا سۈرۈلگەن پىكىرلەرنىڭ مەزمۇنىنى بايان قىلغان:

سەل كەم مىڭ يىل بۇرۇن تۈرك قەبىلىلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىن كىچىك ئاسىياغا ئۆز كۈي ـ ئاھاڭلىرى بىلەن بىللە كۆچۈپ كېلىشتى. بۇ مۇزىكا ئومۇمىي يىلتىزى ۋە ماھىيىتىدىن تاشقىرى، ئۆزىگە خاس بەزى ئالاھىدىلىكلەرگىمۇ ئىگە ئىدى...

تۈرك مۇزىكا سەنئىتىدە 556 مەقامنىڭ نامى ئەسلىتىلگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ تولىسىنىڭ پەردىلىرى نامەلۇم، بەزىلىرىنىڭ نامىغا قارىغاندا، بىر قانچىسى بىر پەردە كەلسە كېرەك...

تۈرك مۇزىكىسىدا دىنىي كۈيلەر كەڭ تارقالغان...

تۈرك مۇزىكا سەنئىتىدە ئۇسۇللار چوڭ ـ كىچىك دەپ ئىككىگە بۆلۈنگەن: ئىككىدىن 16 قىسىمغىچە بولغان ئۇسۇللار كىچىك ئۇسۇل، 16 ـ 124 قىسىملىقلىرى چوڭ ئۇسۇللاردۇر. كلاسسىك مۇزىكا ئىجادىيىتىدە كۆپىنچە كۆپ قىسىملىق چوڭ ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىلغان. تۈرك مەقاملىرى ئۇسۇل، شەكىل، مېلودىيە ـ تون، مۇزىكىلىق ـ مەنتىقىي تۈزۈلۈش جەھەتلەردە مۇنتىزىم ۋە ئەنئەنىۋى خاسلىققا ئىگە بولغان ئۇيغۇر مۇقاملىرىدەك مۇرەككەپ كۈيلەردىن مۇجەسسەملەنگەن ئەمەس، بەلكى تۈرك مەقاملىرى مۇزىكىلىق قۇرۇلۇش ۋە ئىجرا قىلىنىش ئۇسۇلى جەھەتتىن ئاساسەن يەككە كۈيلەردۇر.

**4. ئۇيغۇر مۇقاملىرى ۋە ئەجەم مەقاملىرى**

تارىختا پارسلار يات مىللەتلەرنىڭ مۇداخىلىسىگە كۆپ ئۇچرىغاچقا، ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىگە، جۈملىدىن مۇزىكا سەنئىتىگە چەت ئەللەرنىڭ تەسىرى سىڭگەن. مەسىلەن، يۇرچىلەر، ئاپتالىتلار (ئابداللار ـ گاۋگۈيلەر)، ئاۋارلار، تۈركلەر ۋە موڭغۇللار ھەربىي يۈرۈش ـ كۆچۈش مۇناسىۋىتى بىلەن پارسلارغا شەرق مۇزىكا سەنئىتىنىمۇ ئېلىپ بارغان.

ساسانىيلار دەۋرىدە پارس مەدەنىيىتى، جۈملىدىن مۇزىكا سەنئىتى راسا راۋاجلانغان. ساسانىي پادىشاھلىرىدىن خۇسراۋ پەرۋىز زامانىدا باربەد دېگەن بەستىكار ياشىغانلىقى مەلۇم. 19 ـ ئەسىردە ئۆتكەن لۇغەتشۇناسلاردىن مۇھەممەد غىياسىدىن «غىياسۇل لۇغەت» دېگەن ئىزاھلىق لۇغىتىدە مۇنداق مەلۇمات بەرگەن: «باربەد خۇسراۋ پەرۋىزنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك ھافىزلىرىدىن بولۇپ، مۇسىقا بابىدا غايەت چوڭ ئىستېداتى بار ئىدى.»

باربەدنى تەتقىق قىلغۇچى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ پىكىرلىرىچە، باربەد كەلگۈسى نەسىللەر ئۈچۈن غايەت چوڭ، ئۇسلۇب ۋە مەزمۇن جەھەتتىن قىياس قىلغۇسىز دەرىجىدە چىرايلىق، باي ۋە ئۆلمەس مىراس قالدۇرغانىكەن. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىيىتىنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇتۇقلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەم قىلغان. بۈيۈك بەستىكار مىسلى كۆرۈلمىگەن مۆجىزە ـ ئون ئىككى مەقامغا ئاساس سالغانلىقى مەلۇم. لېكىن، بىزگىچە يېتىپ كەلگەن مەقاملار ئالتە، يەنى «شەش مەقام» دېيىلىدۇ. باربەد بولسا، بىر يىلنىڭ 12 ئېيى تەرتىپىدە «دۇۋازدەھ مەقام» (ئون ئىككى مەقام) ياراتقان. بۇ مەقاملارنىڭ ھەر بىرى ئاينىڭ 30 كۈنى ھېسابىدىن كېلىپ چىقىپ، يەنە 30 خىل ئاھاڭدىن ئىبارەتتۇر. دېمەك، ئۇ يىلنىڭ 365 كۈنى ئۈچۈن 365 خىل ئاھاڭ ئىجاد ئەتكەن. ئەپسۇسكى، باربەد يارىتىپ قالدۇرغان چوڭ مۇزىكا مىراسى ئەرەب ئىستىلاسى دەۋرىدە نابۇت قىلىنغان. ⑩

فەلەھبەد باربەد مەرۋەزى ياشلىقىنى مەرۋىدە ئۆتكۈزگەن (ئۇ شەھەر نامى مەۋرىنى ئۆزىگە تەخەللۇس قىلغان). مەرۋىدە تۈرلۈك ئىلىملەر، بولۇپمۇ مۇزىكا ئىلمىدىن كۆپ بىلىم ھاسىل قىلغان. مەرۋى — تۈركىي قەۋملەرنىڭ تەسىرى كۆپ سىڭگەن مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى ئىدى. مەھمۇد قەشقەرى «بەزىلەر مىرۋال شاھجان (مەرۋەش شاھجان) شەھىرىنىمۇ تۈرك چېگرىسىدىكى شەھەر ھېسابلايدۇ» دەپ يازغان. (11) باربەدنىڭ مۇزىكا ئىجادىيىتىگە تۈركىي موتىفلار ئىجابىي تەسىر كۆرسەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

بۈگۈنكى كۈندە بىز مۇقام دەپ ئاتىغان كلاسسىك مۇزىكىنى ئىرانلىقلار «دەستگاھ» دەپ ئاتايدۇ. شەرق مۇزىكا سەنئىتىنىڭ بەزى نەزەرىيە ۋە ئۇسۇللىرىنى قوبۇل قىلغان ئىران مىللىي مۇزىكىسىدا، ئۆزىگە خاس يارىتىلغان

«دەستگاھ»ــــ ماھۇر، شور، چىھارگاھ، ھۇمايۇن، سىگاھ، راست، پەنجىگاھ، نەۋادىن ئىبارەت يەتتە ئاساسىي كۈي، كېيىن ھۇمايۇندىن تۈرلىنىپ چىققان ئەسفىھان، شوردىن تۈرلەنگەن ئەفشارى، بەياتى تۈرك، ئەبۇئەتا، دەشتى ــــ بۇ تۈرلەنمە كۈيلەر قوشۇمچە كۈيلەر بولۇپ، «بەش ئاۋاز» دەپ ئاتالغان.

ئىران مۇتەخەسسىسلىرىدىن فۇرسەت شىرازىي «ئەل ئەۋزان» كىتابىدا يېزىشىچە: «يېڭى ناملار مەزكۇر ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا (1882 ـ يىلى) ئۆتكەن ئالىملار قەدىمكي دەستگاھلارنى قايتىدىن تەشكىللەپ، يەتتە دەستگاھ شەكلى بىلەن قېلىپلاشتۇرۇشىدىن كېلىپ چىققان»(12)

ئىران قەدىمكى دەستگاھى «دەرامەد» (كىرىش)، «تەسنىف» (قوش)، «لۇنگە» (تاق)ــــ ئۈچ قىسمدىن تەركىب تاپقان. قارىماققا ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ھەر بىرى ئۈچ قىسمدىن تەركىب تاپقانلىقىغا، ھەتتا قەدىمكى كۇچا كۈيلىرىنىڭ «ناخشا كۈيى»، «ئۇسسۇل كۈيى» ۋە «چۈشۈرۈم كۈيى» دەپ ئايرىلىدىغانلىقىغا شەكلەن ئوخشايدۇ. ئەمما مەزمۇنەن ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن، «تەسنىف»نى ئالساق، (بۇ تاجىك شەش مەقامىدىمۇ بار) «تىڭشىغۇچىغا كۆتۈرەڭگۈ روھ ۋە جۇشقۇن كەيپىيات بېغىشلايدىغان چالغۇ كۈيلىرىنىڭ بىرىنچى قىسمى». دېمەك، بۇ ئۇسسۇل كۈيى بولسا كېرەك. بۇ ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ قىسىم ۋە سوتۇقلىرىغا زادىلا ئوخشىمايدۇ.

### 5. ئۇيغۇر مۇقاملىرى ۋە ھىندى مۇزىكىسى

ھىندى مۇزىكىسىدا «راگا» دېگەن ئانا كۈي بار ئىكەن. بەزى مۇزىكىشۇناسلار «راگا»نى مۇقامغا نىسبەتلەشتۈرگەن. «راگا» سۆزى مەنە جەھەتتىن «پەللە» (گامما، سكالا) دېمەكتۇر. «مۇقام» دېگەن سۆزنىڭمۇ «پەللە»، «دەرىجە ـ ئورۇن» دېگەن مەنىسى بار (مەسىلەن، جانلىق تىلدا «يۇقىرى مۇقامغا يەتمەك» دېگەن جۈملىدىن شۇ مەنە بىلىنىدۇ). لېكىن «راگا» ـــ ھىندى مۇزىكىسىدا شەكىللەنگەن بىر خىل مېلودىيە قىياسى. كەڭ مەنىدە چۈشەنگەندە، بىرەر كۈي مەلۇم بىر راگانى ئاساس قىلغان بولىدۇ. ھىندى مۇزىكىسىدا راگالار كۆپ بولسىمۇ، ئادەتتە كۆپرەك ئون راگا قوللىنىلىدىكەن(13).

غەربىي دىيار بىلەن جەنۇبتىن چېگرىداش بولغان ھىندىستاننى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى «ئەنەتكەك» دەپ ئاتىغان. بۇددا دىنى كىرگەندىن كېيىن، ئەنەتكەك بىلەن يېقىن ئالاقىدە بولغان تارىم ئاھالىسىدىن توخرى تىلىدا سۆزلەشكۈچى قوۋم بۇددا دىنى نوملىرىنى ئەنەتكەك تىلىدىن توخرى تىلىغا تەرجىمە قىلغان ۋە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىش تۈپەيلىدىن بۇددا ئاتالغۇلىرىنى قوبۇل قىلغان. كۇچا، ئاگنى (قاراشەھەر) ئاھالىسىنىڭ يېزىق ئەدەبىي تىلى توخرى تىلى ئىدى.

ھىندى مۇزىكىسىمۇ كۇچا مۇزىكىسىدەك قەدىمىي مۇزىكا. بۇلار بىر ـ بىرىگە ئۆتۈشكەن بولۇشى مۇمكىن. لېكىن مۇزىكا قۇرۇلمىسى، مىللىي تۈس جەھەتتىن ئېنىق پەرقلەنگەن. «سۈي نامە»نىڭ «مۇزىكا تەپسىلاتى»دا قەيت قىلىنىشىچە، ئەنەتكەك مۇزىكىسى ناخشا كۈيلىرى، ئۇسسۇل كۈيلىرىدىن تەركىب تاپقانىكەن.

خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە قەيت قىلىنىشىچە، كۇچا مىلادىيىدىن ئىلگىرى 2 ـ ئەسىردىلا پارلاق مەدەنىيەت ياراتقان چوڭ ئەل ئىدى. مۇزىكا سەنئىتىمۇ ناھايىتى راۋاجلانغان ئەل ئىدى. كۇچا مەدەنىيىتى، شۇنىڭدەك كۇچا مۇزىكىسى ئۆز ئەتراپىدىكى ئەللەرگە خېلى تەسىر كۆرسەتكەنىدى. مەسىلەن، كۇچا مۇزىكىسى، ئەڭ كېيىن دېگەندىمۇ مىلادىيە 4 ـ ئەسىردىن باشلاپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كەڭ تارقالغان. كۇچادا مۇزىكىشۇناسلار مۇزىكا نەزەرىيىسىنى خېلى بۇرۇنلا ئىشلەپ چىققان. سۇجىۋا ئىچكىرىگە ئېلىپ بېرىپ ئۆگەتكەن «بەش تون، يەتتە ئاۋاز» ئۇسسۇلى شۇنى ئىسپاتلايدۇ.

ھىندىستاندىمۇ «ھېفتا تونىكا» (يەتتە تون) بارلىقى 7 ـ ئەسىرگە ئائىت تاش ئابىدىگە قەيت قىلىنغان. ئەمما بۇ ۋاقىت جەھەتتە سۇجىۋا تەھقىقلىگەن «يەتتە ئاۋاز» نىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارقالغان ۋاقتىتىن ئۈچ ئەسىر كېيىن ئىكەنلىكى ئېنىق.

مۇتالىئە

ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى (ئايرىم مۇقاملار ئۆزگە ئەللەرنىڭ مۇقام تىپىدىكى كۈيلىرى بىلەن نامداش بولغانلىقىنى مۇستەسنا قىلغاندا) تارىخىي مەنبەلىرى، كومپوزىتسىيىلىك تۈزۈلۈشى، مىللىي تۈسلىنىشى، مەخسۇسلاشقانلىقى، مۇرەككەپ كۈيلەر سىكىللىرى بىلەن سىستېمىلاشقانلىقى جەھەتلىرىدىن ئالاھىدە ئۆزگىچىدۇر.

ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئاساسەن ئىككى مەنبەدىن پەيدا بولغان: بىرى، قەدىمدىن داۋاملىشىپ كەلگەن بىر كۈي ـ تۈلۈملەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئالاھىدىلىكلىرى نېگىزىدە راۋاج تاپقان بىر يۈرۈش ناخشا كۈيلەر مۇجەسسەمى؛

يەنە بىرى، ماكان مەنبەسى بولۇپ، قەدىمكى كۇچا، سۇرىك (كاشغەر)، قوچۇ ـ قۇمۇل، ئۇدۇن مۇزىكىلىرى. تارىم ۋە تەڭرىتاغ بويلىرىدا ياشىغان قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز تەرىپىدىن يارىتىلىپ، يۇقىرىدا ئېيتىلغان يەر ناملىرى بىلەن ئاتالغان مۇزىكا ۋە چالغۇ ئەسۋابلىرى بىر ـ بىرىگە ئۆتۈشكەن. ئۇلار ئوتتۇرىسىدا مەنبەداشلىق مۇناسىۋىتى بار دېيىشكە بولىدۇ. خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، قوچۇ ـ قۇمۇل، سۇرېك (كاشغەر)، ئۇدۇن مۇزىكىلىرى ۋە چالغۇلىرى كۇچا مۇزىكىسى ۋە چالغۇلىرىغا ئاساسەن ئوخشاش بولغاچقا، ئومۇمەن بىر مۇزىكا سىستېمىسىنى تەشكىل قىلغان. يەنە كېلىپ، بۇلار كۆكئارتنىڭ غەربىدىكى «خۇلار»نىڭ مۇزىكا ۋە چالغۇلىرىدىن پەرقلەنگەن.

ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ مىللىي خاسلىقىنى مۇنداق ئۈچ جەھەتتىن بىلىۋالغىلى بولىدۇ:

1. ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىدا، ھەر مۇقام چوڭ نەغمە، داستان، مەشرەپ دېيىلگەن ئۈچ چوڭ قىسمىدىن تەركىب تاپقان. بۇتەركىبات ۋە تەرتىپلىنىش ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېتنىك تەركىبىگە ئۇيۇشقان قەدىمكى قوۋملىرىمىزنىڭ ئاتام زامانىدىن كېلىۋاتقان مۇزىكا سەنئىتى ئەنئەنىسىنىڭ راۋاجىدۇر.

چوڭ نەغمە، ئەسلىي نامى «بۈيۈك كۈي» (كۇچا توخرى تىلىدا «ماھا تۈركۈ») — بۇ مۇقامنىڭ لىرىك قىسمىدۇر. بۇ قىسىم «مۇقەددىمە» ياكى «مۇقام بېشى»دىن باشلىنىپ، ئۆركەش شەكلىدە پەيدىنپەي تۈسلىنىپ، تەئەززى، نۇسخا، سەلىقە، جۇلا، سەنەم، پېشرەۋ، تەكت قاتارلىق سوتۇقلار بىلەن ئادا بولىدۇ. «مۇقەددىمە»نى ئالساق، ئۇ پۈتۈن بىر مۇقامدىكى خىلمۇخىل كۈيلەرنىڭ غولى. شۇڭا، ئۇنىڭدا تېما ۋە مۇزىكىلىق ـ لىرىكىلىق ئوبراز ـ تەسۋىرلەر كۆپ بولىدۇ. بۇ غولدىن تەبىئىي يوسۇندا شاخلار يەنى ئاھاڭلارنىڭ تەرتىپلىك ئۆزگىرىشلىرى كېلىپ چىقىدۇ. ئاھاڭ ئۆزگىرىشلىرى (سوتۇقلار) ئۆز نۆۋىتىدە مۇقام مېلودىيىسىنىڭ راۋاجلىنىشىنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە داۋام قىلىدۇ. مۇنداق ئاھاڭ ئۆزگىرىشلىرى مۇقامنىڭ (ئاناتونىنىڭ) ماھىيىتى ۋە ئوبرازىنى ئۆزگەرتىۋەتمەيدۇ، بەلكى ئانا كۈي تېمىسىنى بېزەش ۋە جانلاندۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. ھەر بىر سوتۇق ئارىلىقىدا مەرغۇل — چالغۇ كۈيى بولۇپ، بىر سوتۇقنى يەنى ناخشا كۈيىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ، ئىككىنچى سوتۇققا ئۆتكۈچە ئىڭىشغۇچىلارغا ھەم مۇقامچىلارغا ئارام بەخش ئېتىدۇ. شۇنداقلا مەرغۇلنىڭ ئۆزى بىر مۇستەقىل كۈيمۇ بولالايدۇ.

داستان—بۇ مۇقامنىڭ ئېپىكلىق قىسمى. ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە، داستانچىلىق ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولغان ۋە كۆپ تەرەققىي قىلغان ژانىر. چوڭ نەغمە قىسمىدىن لىرىكىلىق زوق ئالغان ئىڭىشغۇچى داستان قىسمىدىن قەھرىمانلىق، ئەمگەكچانلىق، خەلقپەرۋەرلىك ۋە چىن مۇھەببەت قىسمىلىرىنى ئاجايىپ مۇزىكا كۈيلىرى بىلەن ئاڭلايدۇ. بۇ قىسىم ئىڭىشغۇچىغا تارىخىي ساۋات ۋە ئەخلاقىي تەلىم ـ تەربىيە بېرىدىغان قىسىمدۇر. ئەمما چوڭقۇرراق تەھلىل قىلغاندا، داستاننىڭ ئېپىكلىق مەزمۇنىدىن كۆرە، «سۇرود ۋە نەغمە» (ناخشا ۋە مۇزىكا) دېگەن مەنىسى دىققەتكە سازاۋەردۇر.

مەشرەپ —ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ناھايىتى ئومۇملاشقان ۋە ئۇزاق قەدىمكى زاماندىن تارتىپ داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان شەكىل. قەدىمكى زاماندا قاتار ئۆتكۈزۈلىدىغان كۆڭۈللۈك يىغىلىش «سۇرچۇك» دېيىلەتتى. بۇ قىسىممۇ بىر قانچە سوتۇق (چالغۇ كۈيلىرى، ناخشا كۈيلىرى، لەپەر، قىزىقچىلىق ۋە باشقىلار)دىن تەركىب تاپقان جۇشقۇن ـ كۆتۈرەڭگۈ كەيپىياتلىق، ئىڭىشغۇچىغا زوق ـ شەۋق بېغىشلايدىغان دراماتىك قىسىمدۇر. باشتا چوڭ نەغمە قىسمىدا كەلگەن سەنەم سوتۇقىدىن تۈرلەنگەن مۇرەككەپ سەنەم شەكلى مەشرەپ قىسمىدىمۇ ئورۇن ئالغان. ھەتتا بۇ سەنەملەر ئۆز ئالدىغا بۆلۈنۈپ چىقىپ، ئالاھىدە كۈيلەر سىلسىلىسى (زەنجىرسىمان باغلىنىش)نى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن.

دېمەك، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىدا ھەر بىر مۇقامنىڭ مۇنداق ئۈچ قىسمىدىن تەركىب تېپىشى قەدىمكى ئىپتىدائىي سىنكرېتىكلىق سەنئەتتە ئۈچ شەكىلنىڭ بىرىكىش شەكلىنىڭ يېڭىچە تۈس ۋە يېڭىچە مەزمۇن بىلەن يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىدۇر.

2. ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى خەلق كۈيلىرىدۇر، شۇنىڭدەك فولكلوردۇر. ئۇيغۇر مۇقاملىرى دەسلەپتە بىر ماكاندا ۋە بىرلا زاماندا بىر يوللا پەيدا بولغان ئەمەس. ھەر يەردە، بىر قانچە زاماندا بىر ـ بىرلەپ ئىجاد قىلىنغان. ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى «ئون ئىككى» قىلىپ بېكى-

تىشنىڭ مەلۇم ئاساسى بار. مۇزىكشۇناسلار تەبىئەت قانۇنلىرى ۋە جەمئىيەت ھادىسىلىرىنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، ئاكۇستىكىلىق، سەنئەتشۇناسلىق، ئېتنوگرافىيە، ئاسترونومىيە قاتارلىق پەنلەردىكى ئومۇمىي بولغان چۈشەنچىلەرگە تايىنىپ، «ئون ئىككى» ساننى مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىكى مەلۇم. مەسىلەن، مۇزىكا نەزەرىيىسىدە «ئون ئىككى تېمپېراتسىيە» (تون قانۇنىيىتى) ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولغان ۋە جۇڭگودا ئەڭ بۇرۇن ئىجاد قىلىنغان(14). كۇچالىق مۇزىكا ئۇستازى سۇجىۋا خەلق كۈيلىرىنى ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلىپ ئىشلەپ چىققان «بەش تون، يەتتە ئاۋاز» نەزەرىيىسى مىلادىيە 4 ـ ئەسىردىلا كەڭ تارقالغان. قەدىمكى تۈركىي خەلقلەردىن يېتىشىپ چىققان ئەبۇنەسىر فارابى (873 ـ 950) ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ مۇزىكا قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىپ، ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئەرەب مۇزىكا ئۇستازلىرى (مەسىلەن، مەنسۇر زەلزەل، ئىبراھىم مەۋسىلى، ئىسھاق مەۋسىلى، يەھيا ئەل مەككى ۋە باشقىلار)نىڭ مۇزىكا ساھەسىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن تەنقىدىي پايدىلىنىپ، ئالاھىدە بىر يۈرۈش مۇزىكا نەزەرىيىسىنى ئىشلەپ چىققان.

ئۇيغۇر مۇقامشۇناسلىرى سۇجىۋا ۋە فارابى يەكۈنلىگەن مۇزىكا نەزەرىيىسى ۋە قائىدىسىنى دەستەك قىلغان ئاساستا، ئوتتۇرا ئاسىيادا 13 ـ 15 ـ ئەسىرلەردە ياشىغان مۇزىكىشۇناسلاردىن سەيفۇددىن ئىبنى يۇسۇف ئەل ئۇرماۋى (1216 ـ 1294)نىڭ «ئەل ئەدۋار» (كۈيلەرنىڭ ئون ئىككى دائىرە بىلەن شەكىللىنىش قائىدىلىرى)، ئابدۇراخمان جامى (1414 ـ 1492)نىڭ «رىسالەئى دەۋۋار» ۋە جامى بىلەن زامانداش بولغان ئابدۇلقادىر مەراغىينىڭ ئەسىرىدە بايان قىلىنغان مۇزىكا تەسنىپ ئۇسسۇللىرىدىن ئىجابىي پايدىلانغان ھالدا، جاي ـ جايىنى كېزىپ، خەلق ئارىسىدىن كەڭ كۆلەمدە قېزىش، جەملەش، قايتا ئىشلەش يولى بىلەن، شۇنىڭدەك قوشنا مىللەتلەرنىڭ مۇزىكىلىرىدىكى ئارتۇقچىلىقلارنى قوبۇل قىلىش بىلەن، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى 12 قىلىپ مۇجەسسەملەندۈرگەن.

ئابدۇراخمان جامىنىڭ «رىسالەئى دەۋۋار» ئەسىرىدە قەيت قىلىنغان مۇقاملارنىڭ ئىسىملىرى مۇنداق: راست، ئوشاق، نەۋا، بۇسەلىك، ئىسفەھان، زەرەفكەند (كۇچەك)، بۇزۇرك، زەنگۇلە، رەھاۋى، ھۇسەينى، ھىجاز، ئىراق. ئەمما مۇزىكشۇناسلارنىڭ تەتقىق قىلىشىچە، مەقام دەپ ئاتالغان بۇ كۈيلەر يەككە ـ ۋوكال كۈيلەردۇر. ئەمما ئۇيغۇر مۇقاملىرى پولىفونىك مۇرەككەپ كۈيلىرىدۇر.

ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىغا ئۇيغۇرلارنىڭ پسىخىكىلىق خاراكتېرى، ئەنئەنىۋى ئادەت ۋە ئەدەب ـ ئەرەدەملىرى، ياشاش تەرزى يەنى زامان ـ ماكانغا تېز ئۇيغۇنلىشىش خۇسۇسىيەتلىرى، ئۆملۈك ـ دوستلۇق، ئەمگەكچانلىق ۋە ئۈمىدۋارلىق خىسلەتلىرى، مۇھەببەت ۋە ۋاپادارلىق قاراشلىرى تۈرلۈك ۋاستىلەر ئارقىلىق سىڭىپ كەتكەن. ھەر بىر مۇقامنى بىر مۇزىكىلىق رومان دېيىشمۇ بولىدۇ.

3. ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ مۇزىكىلىق ئىپادىسىدۇر. ئۇيغۇر مۇقاملىرىدا ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ مۇھىم ژانىرلىرى بىلەن ئۇيغۇر مىللىي مېلودىيىسىنىڭ يېتۈك ـ نەمۇنىلىك ئىپادىلىرى يەنى ناخشا ـ مۇزىكا سىكىللىرى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈلگەن. تۈرلۈك كۈيلەر چوڭقۇر مەنىلىك، باي مەزمۇنلۇق، رەڭمۇرەڭ تۇسلۇك، بەدىئىي پاساھەتلىك، يەڭگىل ھەم ئەپلىك بېيىت ـ قوشاقلار، بولۇپمۇ شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئەڭ ئاھاڭدار، لىرىكىلىق شەكلى بولغان غەزەللەر، شۇنىڭدەك مۇھەببەت، ئەمگەك داستانلىرىغا باغلانغان. يەنە كېلىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بەدىئىي خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى بولغان ئۇسسۇل سەنئىتى مۇقاملارنىڭ ئورگانىك تەركىبىگە ئايلانغان.

ئۇيغۇر مۇقاملىرىدا، مۇزىكىنىڭ تېمىسى بىلەن تېكىست بىر ـ بىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. تېكىستنىڭ ۋەزنى بىلەن كۈينىڭ رىتىمى بىر ـ بىرىگە باغلانغان. كۈينىڭ رىتىمنى ئالساق، كۈيلەردە ئۈچ خىل رىتىم بولىدۇ(15). ۋەزنىلىك رىتىم ـ ۋەزىن ئېھتىياجى بىلەن بىر سۆزگە بىر ئۇن قوشۇپ ئوقۇش، ئۇنلەرنى قاتتىق ياكى قېلىن تەلەپپۇز قىلىش، بۇ تېكىست (غەزەل)نىڭ ئارۇز ۋەزنىدىكى «ئىشبا» قائىدىسىگە ماس كېلىدۇ. ئۆلچەملىك رىتىم — ئايرىم ئۇنلەرنى ئۇزۇن، ئوتتۇرا، قىسقا مېترلار بويىچە تەلەپپۇز قىلىش، بۇ تېكىست (غەزەل) نىڭ «ئىمالە» ۋە «ئىشمام» قائىدىلىرىگە ماس كېلىدۇ. ئەركىن ـ جانلىق رىتىم، بۇ كۆپىنچە خانەندىنىڭ ئوقۇش



ئۇسلۇبى بىلەن ھەر خىل ئۇرۇنلىنىدىغان رىتىم. كۈي-لەرنىڭ بۇ مېتىرىكلىق سىستېمىسى بويىچە ئوتتۇرا، قىسقا كۈي ئىبارىلىرى، كۈي مىسرالىرى، كۈي بەنتلىرى ۋە كۈي بۆلەكلىرىنىڭ رىتىملىق خۇسۇسىيەتلىرى مۇقام ئۇسلۇبىنىڭ ئاساسىي ئامىللىرى ھېسابلىنىدۇ. ئاندىن مۇقام كۈيلىرىدە ئۇرغۇلار تۇراقلىق بولماي يۆتكىلىپ تۇرىدۇ. خۇددى غەزەلدىكىدەك رادىفلار (تەكرارلىنىدى-غان سۆز ياكى ئاۋاز) كۆپ بولىدۇ. غەزەلگە باغلانغان كۈينىڭ رىتىمى بىلەن غەزەلنىڭ – تېكىستنىڭ ۋەزنى بىر – بىرىگە ئورگانىك ماسلاشقان. ئۇنىڭدىن قالسا، مۇقام كۈيلىرىگە كۆپىنچە ئىنتوناتسىيىسى ياڭراق ۋە مىسرالىرى ئۇچۇق ياكى سوزۇلما سوزۇق – جاراڭلىق تاۋۇشلۇق سۆزلەر ياكى بوغۇملار بىلەن ئاياغلاشقان قاپىيىلىك ھەمدە كۈينىڭ مېلودىيىسىگە ۋە بولۇپمۇ ئانا تونىنى ئىزچىل ئىپادىلەشكە ماس كېلىدىغان تېكىستلەر تاللانغان. كۆپ ھاللاردا ئۇيغۇر مۇقاملىرىدا، كۈينىڭ مەزمۇنىغا (ئىشقى – لىرىكىلىق ياكى دىداكتىك – پەل-سەپىي ئاھاڭدا تۈزۈلگەنلىكىگە) ئۇيغۇن ۋە كۈي مەز-مۇنىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان غەزەللەرنى سېلىشقا ئەھمى-يەت بېرىلگەن.

ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ئەنە شۇنداق ئۆزگى-چىلىكلىرى ئۇنىڭ مىللىي خاسلىقىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدا مىللىي ۋە يەرلىك تۈس ھەم پۇراق ناھايىتى قې-نىق ھەم قويۇق. شۇڭا ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئانا ماكا-نى – تارىم بويلىرى ۋە تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدۇر. تۆپ تومۇرىدىن ئېيتقاندا، ئون ئىككى مۇقام شەرقتىن غەربكە تارالغان دېيىشكە بولىدۇ.

ئىزاھلار:

①②③ خ. ئابدۇراخمانوفلار تۈزگەن «مەدەنىي ئاقارتىش خادىملىرى ئۈچۈن قىسقىچە ئىزاھلىق لۇغەت»، تاشكەنت، ئوقۇت-قۇچى نەشرى، 1983 – يىل

④«يېقىن ھەم ئوتتۇرا شەرق ۋە ھازىرقى زامان خەلقلىرىدە ئاغزاكى ئەنئەنىۋى ئىختىساسلاشقان مۇزىكىلار» (رۇسچە)، تاش-كەنت، 1981 – يىل

⑤(ئەھمەد ئەمىن: «فەجرىل ئىسلام»، مىسىر 1964 – يىلى، 6 – باسمىسى III جىلد.

ئەبۇل فەرەج «ئەل ئەغانى» II جىلد، خەنزۇچە تەرجىمە-سىدە قويۇلغان نامى «ئەرەب – ئىسلام مەدەنىيىتى تارىخى»)، شاڭخەي، شاڭۇۋ كىتابچىلىق يۇرتى، 1982 – يىل

⑥ئا. تەرزىباشى: «كەركۇك ھويراتلەرى ۋە مانىلىرى» (-بىرىنچى ئەسەر)، ئىستانبول، 1975 – يىل، كۈلتۈر سەرىسى.

⑦ماھىر نەقىب: «كەركۇك تۈرك مۇزىكىسىدا ئىككى ئە-سەر» («تۈرك فولكلور ئاراشتىرمالەرى» 44 :№)، 1982 – يىل

⑧جۇجىڭباۋ: «يىپەك يولىدىكى مۇزىكا مەدەنىيىتى» (-خەنزۇچە)، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 – يىل

⑨ئەتىم رۇھىي ئوگيار: «تۈرك مۇسقاسى خۇسۇسىيەتلە-رى»، «مۇسقا مەجمۇئەسى» 1992 – يىل، ئىستانبول.

⑩«مەغرۇر سەدا»: (باربەد تەۋەللۇدىنىڭ 1400 يىللىقىغا باغىشلانغەن خەلقئارا ئەنجۇمەن تەئەسسۇراتلەرى)، شېرئەلى سا-كىن «سوۋېت ئۆزبېكىستانى سەنئەتى» مۇخبىرى. 1983 – يىللىق سان.

(11) مەھمۇد كاشغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» II جىلد (ئۇيغۇرچە). شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 – يىل

(12) فۇرسەت شىرازىي «ئەل ئەۋزان»، (ھورمۇز فەرەھ «-ئىران مۇزىكىسى» كىتابىدا كەلتۈرگەن نەقىل بويىچە، 1980 – يىل)

(13)«چەت ئەل مۇزىكىلىرى لۇغىتى» (خەنزۇچە)، شاڭخەي مۇزىكا نەشرىياتى، 1988 – يىل

(14)(15) «جۇڭگو مۇزىكا لۇغىتى»، خەلق مۇزىكا نەشرىيا-تى، بېيجىڭ، 1984 – يىل

مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى

MIRAS



# يۇمۇرلار

2003.3

## ئاقىلانە قارار

بازار ئىگىلىكى توغرىسىدا سۆھبەت يىغىنى ئېچىلغانىكەن. پروفېسسور:

—ئەگەر سىلەر ئاپتوماتىك پۇل ئېلىش ئورنىدىن پۇل ئالغىنىڭلاردا ئەللىك سوم ئارتۇق چىقىپ قالسا قانداق قىلىسىلەر؟— دەپ سورىغانىكەن، كۆپ سانلىق ئوقۇغۇچىلار:

—كاسسىرغا قايتۇرۇپ بېرەتتۇق،— دەپ جاۋاب بېرىپتۇ، پەقەت بىر ئوقۇغۇچىلا:

— مەن بولغان بولسام ئېلىۋالاتتىم،— دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. پروفېسسور:

— سىلەرنىڭ ئورنۇڭلاردا مەن بولغان بولسام، يەنە بىر سىناپ باققان بولاتتىم،— دەپتۇ.

## ئۇيقۇ دورىسى

بىر كىشىنىڭ دائىم زادىلا ئۇيقۇسى كەلمەيدىكەن، شۇڭا دوختۇرخانىغا بېرىپ ئۇيقۇ دورىسى ئەكەپتۇ - دە، يەكشەنبە كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى ئۇيقۇ دورىسىنى ئىچىپ ناھايىتى راھەتلىنىپ ئۇخلاپتۇ ۋە ئەتىگەندە سائەت جىرىڭلىماستىنلا تۇرۇپ كېتىپ، شىركەتكە يېرىم سائەت بۇرۇن بېرىپتۇ - دە، دىرېكتورغا:

— قانداق، كېچىكىپ قالمىغاندىمەن،— دېيىشىگە، ناھايىتى تېرىكىپ تۇرغان دىرېكتور:

— شۇنداق كېچىكمىدىڭىز، بىراق دۈشەنبە، سەيشەنبە كۈنى نەگە كەتتىڭىز؟— دەپ ۋارقىراپتۇ.

## يېڭى ئۆي تەسراتى

بىر كىشى يېڭى ئۆيگە كۆچكەندىن كېيىنكى بەزى كەچۈرمىشلىرىنى تۆۋەندىكىدەك يېزىپ قويۇپتۇ:



1 - كۈنى، يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كەلدۇق، بۇ ئۆي ھەم چوڭ، ھەم يورۇق ئىكەن.

2 - كۈنى، ئىشلار جايىدا، بىراق، قوشنىمىز بىر توخۇ بېقىۋاپتىكەن، سائەت تۆت بولار - بولمايلا چىللاپ ئادەمنى زادى ئۇخلاتمىدى.

3 - كۈنى، مەن ئۇلارنىڭ توخۇسىنى سېتىۋېلىش نىيىتىگە كەلدىم.

4 - كۈنى، قوشنام توخۇلىرىنىڭ ھەممىسىنى ماڭا يۇقىرى باھادا سېتىپ بەردى.

5 - كۈنى، توخۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ بولدى. ئەتىگەن سائەت تۆتتە چوقۇم چىللايدۇ، قوشناممۇ ئۇيقۇسى بۇزۇلۇشنىڭ تەمىنى تېتىپ باقسۇن!

## مۇھەببەتلىشىش

بىر جۈپ قىز - يىگىت باشقىلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن بىر يەردە ئۇچرىشىپتۇ، قىز يىگىتتىن سوراپتۇ:

— سانتانا ماركىلىق ماشىنىڭىز بارمۇ؟

—يوق.

—ئىككى قەۋەتلىك داچىڭىز بارمۇ؟

—يوق.

— ئۇنداقتا ئىككىمىز چىقىشالمىغۇدەكمىز،— دەپتۇ قىز. بۇ چاغدا




يىگىت:

— ئۇنداقتا مەن ئاۋدى ماركىلىق ماشىنامنى سانتاناغا ئالماشتۇرۇۋەتسەم، بەش قەۋەتلىك داچامنىڭ ئۈچ قەۋىتىنى چېقىۋەتسەم بولىغىدەك، — دەپتۇ.

### ھەۋەس قىلىش

ئېرى:

— سۆيۈملۈكۈم، شىركىتىڭلاردىكى ئەرلەر ماڭا ھەۋەس قىلامدۇ؟

ئايالى:

— ناھايىتى ھەۋەس قىلىدۇ.

ئېرى:

— ھوقۇقۇمغا ھەۋەس قىلامدۇ ياكى بايلىقىمغىمۇ؟

ئايالى:

— ئۇلار سىزنى بەكمۇ چىرايلىق خوتۇن ئېلىۋالدى، دەپ ھەۋەس قىلىدۇ.

### يۈزى چۈشۈپ كېتىدۇ

ئا:

— زۇڭتۇڭ باشقا دۆلەتلەرگە زىيارەتكە چىقسا، نېمە ئۈچۈن خانىمنى ئېلىۋالىدۇ؟

ب:

— خانىمنى ئېلىۋالمىسا قارشى تەرەپ «زۇڭتۇڭ بويتاقكەن» دەپ قالىدۇ ـ دە، يۈزى چۈشۈپ كەتمەمدۇ!

### ھېرىپ ھالىدىن كەتسۇن

بىر دېھقان رادىئو ئاڭلاۋېتىپ، دوكتورنىڭ بىر ئېغىز گېپىدىن ناھايىتى خاپا بولۇپ كېتىپتۇ ـ دە، رادىئونىڭ ئاۋازىنى تېخىمۇ كۆتۈرۈپ، خېلىغىچە ئۆچۈرۈۋەتمەپتۇ. بۇ چاغدا ئايالى:

— نېمانداق رادىئونىڭ ئاۋازىنى يۇقىرى قويۇۋالىسىز، ـ دەپ سوراپتىكەن، دېھقان:

— ئۇلار ئالىجوقا سۆزلىگەچكە، ھېرىپ ھالىدىن كەتسۇن، دېدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

### كەلگۈسىدە...

مۇئەللىم باللارغا «كەلگۈسىدە نېمە قىلىسىز؟» دېگەن تېمىدا ماقالە يېزىشنى تاپشۇرۇپتۇ. بەزى ئوقۇغۇچىلار ئالىم، بەزىلەر مۇئەللىم بولىدىغانلىقىنى بايان قىپتۇ. پەقەت ئالىملا تاپشۇرۇق دەپتىرىگە: «مەن كەلگۈسىدە چوقۇم ئۆلىمەن» دەپ يېزىپتۇ.

### رۇخسەت سوراش

بىر ئەسكەر كوماندىرغا:

— ئايالىم ئاغرىپ قاپتۇ، شۇڭا ماڭا رۇخسەت بەرگەن بولسىڭىز، يوقلاپ كەلسەم، — دەپتۇ. كوماندىر:

— مېنىڭغۇ رۇخسەت بەرگۈم بار ئىدى، بىراق بايىلا ئايالىڭىزدىن كەلگەن تېلېگراممىدا ئۇنىڭ ناھايىتى ياخشى تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلدىم، — دەپتىكەن، ئەسكەر:

— سىز يالغان ئېيتتىڭىز، مەن تېخى توي قىلمىغان تۇرسام! — دەپتۇ.

* * *

ئاچ قالغىلى خېلى كۈنلەر بولغان بىر پېچارە بىر باي خېنىمنىڭ قورۇسىدا ئورۇندۇقتا راھەتلىنىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغىماقچى بولۇپتۇ ـ دە، چىملىقتا يۈكۈنۈپلا چىملارنى يېيىشكە باشلاپتۇ.

— ۋاي بىچارە، نېمە قىلىپ يۈرىسىز؟ — باي خېنىم بىچارىدىن سوراپتۇ.

— خېنىم، پەقىرگە بىر بۇردا نان يېمىگىلى خېلى كۈنلەر بولدى. شۇڭا چىم بولسىمۇ ئازراق دالدا بولار، دەپ چىم يەۋاتىمەن.

— بەك بىچارە ئىكەنسىز، سىزگە بەك ئىچىم ئاغرىۋاتىدۇ، باي خېنىمنىڭ چېھرىدە ھېسداشلىق جىلۋىلىنىپتۇ ۋە بىر ئازدىن كېيىن ئېغىر خۇرسىنىپ شۇنداق دەپتۇ: «قورۇيىمغا كىرىڭ، مانا بۇ قورۇدىكى چىملار بولۇق ئۆسكەن، شىرنىسىمۇ كۆپ ...

* * *

— ئېرىڭىز كېچە ـ كېچىلەپ ئۆيگە كىرمەيتتى، دىنتى، ھازىر ئۆيگە بالدۇر قايتىدىغان بولۇپتۇ. بۇنىڭغا بىرەر چارە ئىشلەتتىڭىزمۇ؟

بىر كۈنى يەنە تەڭ كېچىدە كېلىۋىدى، مەن «جونمۇسىز» دەپ چاقىردىم. ئەسلى ئېرىمنىڭ ئىسمى جېك ئىدى.




توپلىغۇچى: شۆھرەت تەلئەت

مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن

# ۋەسىيەتنامە

ران ئاربو (فرانسىيە)

2003.3

داڭلىق يازغۇچى روسسىيان ئۇستەل تارتمىسىنى ئاچقاندا بىر باغلام ھۆججەت ـ ئورىگىناللار ئارىسىدىن ئوۋدىبىستىنىڭ گۈزەل رۇخسارى ھېسسىياتلىق كۈلۈمسىرىگەن ھالدا نامايان بولدى. يېرىم يىلدىن بۇيان، روسسىيان تامامەن دېگۈدەك ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىغا يىقىلغان بولۇپ، رەپىقىسى سورانگى ئۇنىڭ كۇتۇپخانىسىغا تۇيدۇرماي كىرىپ كەلگەندە، ئۇ سۈرەتنى دەرھال يوشۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

—سىزگە دەخلى قىلدىممۇ؟—دەپ سورىدى رەپىقىسى.

—ياقەي،—دېدى يازغۇچى راستىنى ئېيتىشقا پېتىنالماي،—رومانىمنىڭ تازا ياخشى بىر بۆلىكىنى يېزىۋاتاتتىم، داۋام قىلالماي...

—قانداق ۋەقە ئىدى ئۇ؟—دەپ سورىدى رەپىقىسى.

—باش پېرسوناژ ئايال، ئېرىنىڭ ساداقەتسىزلىكىدىن ئۈمىدسىزلىنىپ ئۆلۈۋالماقچى بولىدۇ ـ دە، ئۆلۈشتىن ئىلگىرى ئېرىگە ۋەسىيەتنامە قالدۇرۇشنى ئويلايدۇ،—دېدى روسسىيان،—بىراق بۇ ۋەسىيەتنامىنى ئۈچ قېتىم يېزىپمۇ قاملاشتۇرالمىدىم، قارىغاندا پەقەت ئاياللارنىڭ تەسراتىلا ئۇنى قاملاشتۇرۇپ يېزىشقا قادىر بولالىغۇدەك.

—مېنى راستىنلا مەسخىرە قىلمىغان بولسىڭىز، بۇ خەتنى يېزىشنى سىناپ باققان بولاتتىم،—دېدى سورانگى خانىم.

—ئەدەبىيات تالانتىڭىز بارلىقىنى ھېس قىلماي يۈرۈپتىمەن،—دېدى روسسىيان.

—باشقا ئارتۇقچىلىقىمدىنمۇ خەۋىرىڭىز يوققۇ دەيمەن،—دېدى سورانگى سىرلىق قىلىپ. روسسىيان ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى.

—نەگە ماڭدىڭىز؟

—ئايلىنىپ كېلەي.

سورانگىنىڭ بېشى چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئوۋدىبىستىنىڭ كۆلەڭگىسى يەنە ئەكس ئەتكەنىدى. سورانگى بىر ۋاراق قەغەزنى ئېلىپ يېزىشقا كىرىشتى:

«قەدىرلىكىم:

ئۆيدە يوقلۇقىڭىزدىن پايدىلىنىپ ۋىدالىشىۋالاي دەيمەن، بايام سىز ئادەتتىكىگە ئوخشاشلا مەندىن ئايرىلىپ، ئايال دوستىڭىز قېشىغا ۋىسال ئىزدەپ ماڭغىنىڭىزدا، كۆزۈمدىكى ئازابلارغا نەزەر سېلىپمۇ قويمىدىڭىز، قوللىرىمنىڭ تىترەۋاتقىنىنى سەزمەي قالدىڭىز...

تەڭرى ئۆز پاناھىدا ساقلىدى... مۇبادا سىز سوراپ سالغان بولسىڭىز، سىرىمنى يوشۇرۇشقا قادىر بولالماي، قەلبىمدىكى ئۈمىدسىزلىنىشلەرنى تولۇق ئاشكارىلىۋەتكەن بولار ئىدىم. بۇ خىل ئۈمىدسىزلىك ماڭا ياشاۋېرىشنىڭ قىلچە ئەھمىيەتسىز ئىكەنلىكىنى ئاللىبۇرۇن ھېس قىلدۇرغان.

بۈگۈن ئاخشام ئۆيگە كەلگىنىڭىزدە، ئۆزىڭىزنىڭ



كەچ قالغىنىڭىز ئۈچۈن باھانە ئىزلەپ يۈرمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. مەن كۆڭلىڭىزنى بىئارام قىلىپ سوئال سورايدىغان جايدىن ئاللىقاچان ئايرىلغان بولىمەن. بىراق، ئۆزىڭىزنى ئەيىبكە بۇيرۇشىڭىز يەنىلا ھاجەتسىز، چۈنكى سىز ئاللىقاچان ئەركەكلەرگە خاس ئادىتىڭىز بويىچە ياشاپ بولدىڭىز. تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، مېنىڭ سەۋەنلىكىم سىزدىن خېلىلا كۆپ. چۈنكى مەندە دەردنى يۇتۇۋېتىش ئىقتىدارى يېتىلمىگەنىكەن. بۇ خىل ئاچچىق يۇتۇش نۇرغۇن تاشلىۋېتىلگەن ئاياللارنى ئاش ـ كېپەنسىز قويسا، يەنە تالاي ئاياللارنى شانۇ شەۋكەتتىن بەھرىمەن قىلغانىكەن.

قەدىرلىكىم:

بۇ خەتنى ئوقۇپ تۈگەتكەندە ھۇجرىمىزغا كىرسىڭىز، مېنىڭ كارىۋاتتا ياتقىنىمنى كۆرىسىز. بىراق، بۇ قېتىم ماڭا يېقىنلاشقىنىڭىزدا، كۆزۈمنى ئاچمىغانلىقىمنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلىسىز. ئاھ... ئۆلۈمنىڭ رۇخسارىمنى ئۆزگەرتىپ، كۆز ئالدىڭىزدا كۆرۈمسىز ئوبراز قالدۇرۇپ قويماسلىقىنى نەقەدەر ئارزۇ قىلاتتىم...

مەن ئۆلۈۋېلىش قارارىغا بۇرۇنلا كەلگەن، تازىلىق ئۆيىنىڭ ئىچىدە بىر كىچىك شىشىنى ساقلىغانىدىم، ھازىر ئۇنى كارىۋات يېنىدا ئۇچرىتىسىز...»

دەل شۇ چاغدا كۇتۇپخانا ئىشىكى ئېچىلىپ، روسسىيان ئىشىك ئالدىدا پەيدا بولدى.

ــ قاراڭا مېنى، ئاچقۇچنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، ــ دېدى ئۇ بىر خىل تاقەتسىزلەنگەن سىياقتا، ئارقىدىن ئۇ يېزىق شىرەسىگە يېقىنلاشتى.

ــ بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسىز، سورانگى؟

ــ ھېچ، ھېچنېمە، ــ دېدى ياش خانىم خېتنى ئارقىسىغا يوشۇرۇپ.

ــ يالغان ئېيتىۋاتىسىز، ــ روسسىيان رەپىقىسىنىڭ قولىدىكى خەتنى قامالاپ تۇتۇۋالدى.

ــ ئۆتۈنۈپ قالاي، خەتنى ئوقۇمىسىڭىز، ئۇ بەك كۆلكىلىك بولۇپ قالدى، كوپىيىسى بولۇپ قالسۇن، ــ دېدى رەپىقىسى يالۋۇرۇپ، ــ ئەتە سىزگە تېخىمۇ ياخشىراقىنى يېزىپ بېرىمەن.

روسسىيان بىر خىل جىددىي رەۋىشتە قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، ئۈمىدسىزلىككە تولغان بۇ خەتنى بىر ـ بىرلەپ ئوقۇپ چىقتى.

ــ بۇ... بۇنى سىز يازدىڭىزمۇ؟ ــ دەپ سورىدى ئۇنى ئىچىگە چۈشكەن روسسىيان.

ــ ھەئە، ــ دېدى رەپىقىسى.

روسسىيان كۇتۇپخانىدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقتى ـ دە، تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ، ھودۇققان ھالدا كىچىك ئىشكاپنى ئاقتۇردى. سورانگى بولسا ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ ئۇن سېلىپ يىغلاشقا باشلىدى. ئېرى ئۇنى يۆلىگەندە، ئۇ ئېرىنىڭ قولىدىكى قىزىل بەلگىلىك شىشىنى تونۇغانىدى.

ــ گەپ قىلىڭە سورانگى، جاۋاب بېرىڭچۇ، بۇ خەت...

رەپىقىسى بېشىنى لىڭشىتتى.

ــ سورانگى، دېگەنلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى راستىمۇ؟ مۇبادا قايتىپ كەلمىگەن بولسام...

سورانگى ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ بېشىنى يەنە لىڭشىتتى. روسسىيان رەپىقىسىنىڭ ئالدىدا تىزلاندى.

ــ بەلكىم يەنە بىر قېتىم پىششىقلاپ ئىشلىمىسىڭىز بولماسمىكىن، خەتنىڭ گۈزەللىكىمۇ، بەدىئىيلىكىمۇ يوق...، ــ دېدى رەپىقىسى پەس ئاۋازدا، ــ بىراق بۇ ھەقىقىي تەسىرات بولدى.

(داۋۇت ئادىل تەرجىمىسى «تاللانغان مىكرو ھېكايىلەر»نىڭ 2002 ـ يىللىق 3 ـ سانىدىن ئېلىندى)

مۇھەررىر: نۇرنىسا باقى

**ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر:**

بۇلۇمىمىز «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 1995 ـ يىللىق سانلىرىدىن 2002 ـ يىللىق سانلىرىغىچە توپلام قىلىپ ئىشلىدۇق.

ئېھتىياجى بولغانلارنىڭ بىز بىلەن ئالاقىلىشىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

ئالاقىلەشكۈچىلەر: ئەسقەر مەخسۇت، خۇرسەنئاي مەمتىمىن

تېلېفون: 4554017

MIRAS

# تۈلكە بىلەن قاغىنىڭ دەتالىشى

«تۈلكە بىلەن قاغا» دېگەن بۇ ھېكايىدە سىرتقا ئۇزۇق ئىزدەپ چىقىپ بىر چىشلەم گۆش تېپىۋالغان قاغىنىڭ ھېرىپ قېلىپ، بىر تۈپ دەرەخكە قونغانلىقى، دەل شۇ چاغدا دەرەخ تۈۋىدە تۇرغان تۈلكىنىڭ گۆشنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن قاغىنى چىرايلىق گەپلەر بىلەن شىلىغانلىقى، بولۇپمۇ ناخشىنى ياخشى ئېيتىسىز، دەپ ماختاپ ئۇچۇرغانلىقى، بۇنىڭدىن خۇدىنى يوقاتقان قاغىنىڭ ناخشا ئېيتاي دەپ ئېغىزىنى ئېچىپ «قاق» قىلىشىغا گۆشنىڭ چۈشۈپ كېتىپ، تۈلكىنىڭ ئېلىپ قاچقانلىقى تەسۋىرلەنگەن. قاغا بىلەن تۈلكىنىڭ بالا ـ چاقىلىرى ھەرقايسى ئاخبارات ۋاستىلىرىدە كۆپلەپ ماقالە ئېلان قىلىپ، ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ نامىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشىنى ۋە ئىقتىسادىي تۆلەم بېرىلىشىنى تەلەپ قىلىشماقتا. نۆۋەتتە دەتالاش ھېلىھەم داۋاملاشماقتا.

بۇ دەتالاشنىڭ بېشى قاغىنىڭ نەۋرىسى قاغىچاقتىن باشلاندى. قاغىچاق «تاغ ـ تۇرا كىندىكى» ھەپتىلىك گېزىتىدە ئېلان قىلغان «قاغا بوۋامنى ھاقارەتلىگۈچىلەرگە يول قويمايمەن» دېگەن ماقالىسىدە «قاغا بوۋام بۇنىڭدىن 50 يىل بۇرۇن يېزىلغان ‹تۈلكە بىلەن قاغا› دېگەن ھېكايىدە خۇشامەت سۆزلىرىگە ھېرىس، باشقىلارنىڭ دامىغا ئوڭايلا چۈشۈپ كېتىدىغان كالۋا قىلىپ تەسۋىرلەنگەن، بۇ پۈتۈنلەي بوۋامغا قىلىنغان ھاقارەت» دەپ قارىغان. قاغىچاق ماقالىسىدە بىرىنچىدىن، بىز قاغىلار ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەيدىغان، راست گەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالايدىغانلارنىڭ ۋەكىلى بولۇپ كېلىۋاتىمىز. ئەل ـ يۇرتنىڭ بىز قاغىلارنىڭ قاقىلدىشىنى شۇملۇقنىڭ بېشارىتى، دەپ قارىشىدىكى سەۋەب، بىزنىڭ قاقىلدىشىمىزنىڭ قانداقتۇر شۇملۇق پەيدا قىلىدىغانلىقى ئەمەس، بەلكى كىشىلەرنى يۈز بېرىش ئالدىدا تۇرغان شۇملۇقتىن خەۋەردار قىلىدىغانلىقىمىزدىن بولغان. بۇنىڭدىن 50 يىل بۇرۇن يېزىلغان ئۇ ھېكايىدە ئەمەلىيەتچىل قاغا بوۋامنى ھاماقەت دەپ ھاقارەتلەپ، ھەق ـ ناھەقنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتكەن. بۇ ئىش ئادەمنىڭ غەزىپىنى قوزغايدۇ. ئىككىنچىدىن، قاغا بوۋام ناھايىتى زېرەك ئادەم. «بوۋامنىڭ كومزەكتىكى سۇنى ئىچەلمەي يىراقتىن شېغىل چىشلەپ ئەكىلىپ، كومزەككە تاشلىغاندىن كېيىن، ئاندىن ئىچكەنلىكى» تەسۋىرلەنگەن. ماقالىدە قاغا بوۋامنىڭ ئەقىللىقلىقى تەرىپلەنگەن. ئۈچىنچىدىن، مومامنىڭ دەپ بېرىشىچە، ئەينى چاغدا بوۋام گۆشنى ئۆزى تاشلاپ بېرىپتىكەن، ناخشا ئېيتاي دەپ ئېغىزىنى ئېچىشىغا چۈشۈپ كەتكەن ئىش يوق ئىكەن. چۈنكى بوۋام گۆشنىڭ پۇراپ قالغانلىقىنى سېزىپ، پۇراپ قالغان گۆشنى مومامغا بېرىپ ئاغرىتىپ قويماي دەپ ئويلاپتىكەن. شۇڭلاشقا، قاغا بوۋامنىڭ تۈلكىگە ئالدانغانلىقىدەك ئىش ھەرگىز مەۋجۇت ئەمەس، دەپ ئۈچ نۇقتىدىن رەددىيە بەرگەن. شۇنداقلا يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلى قاغا بوۋىسىنىڭ نامىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشىنى ۋە روھىي زىيان تۆلىمى ئۈچۈن 1 مىليون «ئورمان پۇلى» بېرىلىشىنى تەلەپ قىلغان.

تۈلكىنىڭ بالا ـ چاقىسى بولغان تۈلكىچاقمۇ «جىلغا ئەتىگەنلىك گېزىتى»دە ئېلان قىلغان ماقالىسىدە «قاغا راستىنلا ناخشىچى ئىدى، تۈلكە بوۋام ھەرگىزمۇ ئۇنىڭغا خۇشامەت قىلغان ئەمەس» دېگەن. تۈلكىچاق ماقالىسىدە قاغىنى ناخشا ئېيتالمايدۇ دەپ قاراش پەقەت بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئادەتلىنىپ قالغان قارىشى. ئەمەلىيەتتە قاغا سوپىسوپىياڭ خېنىم بىلەن بىللە كارا OK دا ئېيتقان «قەدىرلەنگۈلار ئائىلىنى ئەر ـ ئاياللار» دېگەن ناخشىسى قىزغىن ئالقىشقا سازاۋەر بولغان، نەتىجىدە ئورمانلىقتا «قاق ـ قاقچىلار» ئېقىمى شەكىللىنىپ، سوپىتورغايلارنىڭ «كۈمۈش قوڭغۇراقلىقلار» ئېقىمىغا ئوخشاش داڭق چىقارغان، بۇ ئېقىم ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن بولۇپ، بەزى ناخشىچىلارنىڭ گەپ ـ سۆزىدە «قاق ـ قاق» دەپ تۇرۇشى ئەينى يىللاردىكى قاغىلار ئېقىمىنىڭ ئادىمى ئىكەنلىكىدىن بولغان، شۇڭلاشقا، تۈلكە بوۋامنىڭ قاغىنى ناخشىنى ياخشى ئېيتىدۇ دەپ ماختىغانلىقى قاغىنىڭ پۇتىغا ھۆل خىش قويغانلىقى ئەمەس، بەلكى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەنلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، دەپ قارىغان.

ئۇنىڭدىن باشقا، «ھايۋاناتلار پادىشاھى ئايلىقى»، «ئېقىن سۇ كەچلىك گېزىتى»، «زۇمرەت بۇلاق كۆڭۈل ئېچىش ھەپتىلىكى» قاتارلىقلاردىمۇ مۇناسىۋەتلىك خەۋەرلەر بېسىلغان. ھەرقايسى گېزىت ـ ژۇرناللار بۇ تارىخىي دېلو توغرىسىدىكى دەتالاشقا داۋاملىق كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشكەن.

(يىن گوئەن ئىمزالىق بۇ ماقالە «ھەپتە ئاخىرى» گېزىتىنىڭ 2002 ـ يىللىق 13 ـ سېنتەبىر سانىدىكى «فېلىيەتون مۇنبىرى» سەھىپىسىگە بېسىلغان. «فېلىيەتونلاردىن تاللانما»نىڭ 2002 ـ يىللىق نويابىر سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان.)

ئازاد نىزامىدىن ئەنجانى تەرجىمىسى (شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى چوڭلار مائارىپى ئىنستىتۇتى 2001 ـ يىللىق خەنزۇ تىلى سىنىپىدىن)

مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى



# ئەبۇ نۇۋەس لەتىپىلىرى

ئەبۇ نۇۋەس هارۇن رەشىد زامانىدا ئاتاقلىق ساراي شائىرى بولغانىكەن. شۇ چاغلاردا ئۇ شائىرلىقى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى دانالىقى بىلەنمۇ تونۇلغانىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى خەلىپە هارۇن رەشىد شەهىرىگە باش قازى قىلىپ تەيىنلەپتۇ.

قازىنىڭ ئالدىغا بىر كۈنى ئەتىگەندە بىر ناۋاي كېلىپ، نامرات بىر ئادەم ئۈستىدىن شىكايەت قىپتۇ:

—بۇ ئادەم دائىم دۇكىنىمنىڭ ئالدىغا كېلىۋېلىپ، نانىنىڭ پۇرىقىنى تويغۇچە سۈمۈرۈۋالىدۇ - دە، ماڭا بىرەر پۇچۇق تەڭگىمۇ بەرمەي كېتىپ قالىدۇ.

قازى ئەبۇ نۇۋەس بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىر ئاز تۇرۇپ قاپتۇ. ئاندىن كېيىن ناۋايغا دەپتۇ:

—سەن هەقلىقكەنسەن. بۇ ئادەم سېنىڭ ياققان نانلىرىڭنىڭ هىدىنى پۇراپ هۇزۇرلانغان بولسا، دېمەك سېنىڭ ئەمگىكىڭنىڭ مېۋىسىدىن پايدىلىنىپتۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ساڭا هەق تۆلىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ساڭا ئىككى دىنار بەرسە بولار؟

خۇشاللىقتىن ناۋاينىڭ كۆزلىرى چاقناپ كېتىپتۇ. كەمبەغەل ئادەم بولسا يىغلاشقا باشلاپتۇ.

—مېنىڭ بەك نامرات ئادەم ئىكەنلىكىم ئاللاغا مەلۇم. مېنى پۈتۈمدىن تۇتۇپ سىلكىسىمۇ جىرىڭ قىلىپ بىر تەڭگە چۈشمەيدۇ، گويا ئۇرۇقچىدىن شەربەت چىقارغىلى بولمىغاندەك؟ —قازى ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ بىر دەم ئويلىنىپ قاپتۇ ۋە مۇنداق دەپتۇ:

—سەن كەمبەغەل بولساڭ ئۇنىڭ هەققىنى مەن تۆلەۋېتەي.

شۇنداق دەپ ئۇ يېنىدىن ئىككى تىللا چىقىرىپتۇ. ناۋاي تاقەتسىزلىك بىلەن پۇلغا قول ئۇزىتىپتۇ.

—ئالدىرىما، —دەپتۇ ئۇنىڭغا ئەبۇ نۇۋەس، — بۇ ئادەم نېمىنى يېدىمۇ؟

—ياق، تەقسىر، — دەپتۇ ناۋاي.

—نېنىڭدىن بىرەر پارچە ئۇشتۇپ ئالدىمۇ؟

—ياق، تەقسىر.

—ئەمىسە نانلىرىڭنى يۆۋلەپ قىڭغىر - قىيسىق قىلىپ قويدىمۇ؟

—ياق، ئۇنداق قىلغىنى يوق، تەقسىر.

—ئۇنداق بولسا نانلىرىڭنى سېتىۋەرسەڭ بولىدىكەن.

—شۇنداق، تەقسىر، شۇنداق.

—بۇ ئادەم نېنىڭنىڭ پۇرىقىغا قانائەت قىلغان بولسا، سەنمۇ تەڭگىنىڭ جىرىڭى كۈپايە قىلار، — دەپ دانا قازى تەڭگىلەرنى جىرىڭلىتىپتۇ.

* * *

ئەبۇ نۇۋەس بالىخانىلىق ئۆي ساپتۇ. ئۆينىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىنى بىر سودىگەرگە سېتىپ، ئۆزى بىرىنچى قەۋەتتە تۇرۇپتۇ. ئۇلار خېلى ۋاقىتلارغىچە ئىناق، تىنچ ئۆتۈپتۇ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەبۇ نۇۋەس باشقا جايغا كۆچمەكچى بولۇپ قاپتۇ ۋە سودىگەردىن «ئاستىنقى قەۋەتنىمۇ ئالامسەن» دەپ سوراپتۇ. سودىگەر ئۇنى سېتىۋېلىشتىن باش تارتىپتۇ. ئەبۇ نۇۋەس ئۇنىڭغا باشقا بىر نېمە دېمەپتۇ - دە، سىرتقا چىقىپ بەش - ئالتە مەدىكارنى باشلاپ كەپتۇ. ئاندىن ئۇ سودىگەرنى يېنىغا چاقىرىپ:

—مەن ئاستىنقى قەۋەتنى بۇزدۇرماقچىمەن. بۇ ئۆينىڭ ماڭا زۆرۈرىيىتى يوق. سەن ئۆيۈڭنىڭ تەشۋىشىنى ئۆزۈڭ قىل. كېيىن مېنى ئېيتمىدى دەپ يۈرمە! — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن سودىگەر ئاستىنقى قەۋەتنى ئەبۇ نۇۋەس ئېيتقان باهادا سېتىۋېلىشقا مەجبۇر بوپتۇ.

* * *

بىر كۈنى ئەبۇ نۇۋەس بىر دەرەخنىڭ شېخىغا چىقىپ ئولتۇرۇۋېلىپ، دەرەخنى تۈۋىدىن هەرىدەشكە باشلاپتۇ.

MIRAS

ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر ئادەم ئۇنىڭغا قاراپ:

— ئېھتىيات قىل! بولمىسا شاخنى ھەرىدەپ بولۇشۇڭ بىلەنلا يەرگە غۇلاپ چۈشىسەن، — دەپ ئاگاھلاندۇرۇپتۇ.

ئۇ ئادەم شۇنداق دەپ ئەمدى مېڭىشىغا ئەبۇ نۆۋەس يەرگە يىقىلىپ چۈشۈپتۇ ۋە ئوپۇل - توپۇل ئورنىدىن تۇرۇپ يولۇچىغا قاراپ:

— ھەي، ھەر نەرسىنى ئالدىن بىلگۈچى بۇرادەر! سەن ھەممە ئىشلارنى بىلىدىكەنسەن، ئېيتقىنا، مەن قاچان ئۆلىمەن؟ — دەپتۇ.

— مەن بۇنى بىلمەيمەن، — دەپتۇ يولۇچى.

— ياق، بىلىسەن، سەن بېشارەتچى ئىكەنسەن، مېنىڭ قىسمىتىمنى ئېيتىپ بېرىسەن، — دەپتۇ تېخىمۇ يېپىشىپ.

شۇ چاغدا ھېلىقى ئادەم بۇنىڭدىن قۇتۇلۇش نىيىتىدە دەپتۇ:

— ئېشىكىڭ ئارقىمۇئارقا ئۈچ قېتىم قاقىلىپ كەتكەن كۈنى ئۆلىسەن، — دەپتۇ.

ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى ئەبۇ نۆۋەس قېرى ئېشىكىنى مىنىپ بىر يەرگە كېتىۋاتقاندا ئېشىكى بىر قېتىم قاقىلىپ كېتىپتۇ. ئىككىنچى قېتىم يەنە قاقىلىپ كېتىپتۇ. ئېشەك ئۈچىنچى قېتىم قاقىلىپ كەتكەندە ئەبۇ نۆۋەس ئېشەكتىن چۈشۈپ ناماز ئوقۇپتۇ - دە، يەردە ئۆلۈكتەك سوزۇلۇپ يېتىۋاپتۇ. ئۇ ئورنىدىن تۇرماي ئىككى كۈنگىچە ئاشۇنداق يېتىپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى بۇ يەردىن قايسىدۇر بىر مەملىكەتنىڭ ئەلچىسى ئۆتۈپ قاپتۇ. ئەسلىدە ئۇ ھارۇن رەشىدنىڭ سارىيىغا كېتىۋاتقانىكەن. ئۇ يەردە ياتقان ئادەمنى كۆرۈپ ئاتتىن چۈشۈپتۇ - دە، ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ھەي، خەلىپىنىڭ سارىيىغا قانداق بارغىلى بولىدۇ؟

ئەبۇ نۆۋەس سەل - پەل بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— مەن تىرىك چېغىمدا ئاۋۇ سىدىنىڭ يېنىدىكى يول بىلەن باراتتى، — دەپتۇ.

— نېمە، ھازىر تىرىك ئەمەسمۇ سەن؟

— شۇنداق، ئاللىقاچان ئۆلگەنمەن.

ئەلچى يولنى داۋاملاشتۇرۇپ، خەلىپىنىڭ سارىيىغا يېتىپ بېرىپ ھارۇن رەشىدنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپتۇ. سۆھبەت ۋاقتىدا ئۇ يولدا بىر ئۆلۈككە يولۇقۇپ قالغانلىقىنى، ئاشۇ ئۆلۈك يولنى كۆرسىتىپ قويغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

ھارۇن رەشىد «مۇردىنىڭ» كىملىكىنى دەرھال سېزىپتۇ - دە: «بۇ ئەبۇ نۆۋەسنىڭ يېڭى ئۇستاتلىقى، ئەمدى شۇنىڭغا ئوخشاش باشقا بىر ئۇسۇل بىلەن شائىرنى ئۆلۈم ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىش كېرەك»، دەپ قاراپ، جارچىسىنى ئۇنىڭ قېشىغا ئەۋەتىپتۇ. جارچى ئەبۇ نۆۋەس ياتقان يەرگە بېرىپ، ئۈچ قېتىم ۋارقىراپتۇ. ئەبۇ نۆۋەس بۇ ئىشتىن غەزەپلىنىپ:

— نېمىشقا ئۆلۈپ ياتقان ئادەمنىڭ ئارامىنى بۇزىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

جارچى مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىپتۇ:

— بۈگۈن ئۆلۈكلەر تىرىلىدىغان كۈن. مۇھەممەد رەسۇلۇللانىڭ يەردىكى ياردەمچىسى بولمىش خەلىپە سېنى سارىيىغا تەكلىپ قىلىۋاتىدۇ.

— خۇداغا شۈكۈر، — دەپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرغان ئەبۇ نۆۋەس جارچىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ مېڭىپتۇ.

ئۇ خەلىپىنىڭ ھۇزۇرىغا بارغاندا، خەلىپە ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن ئۆلۈۋالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. ئەبۇ نۆۋەس بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. خەلىپە:

— ئۇ يولۇچى سېنى تازا بىر ئەخمەق قىپتۇ - دە!

— ياق، ئەكسىچە، ئۇ ماڭا زور ياخشىلىق قىلدى. چۈنكى مەن ئۇ دۇنيانىڭ قانداقلىقىنى بىلىۋالدىم.

— خوش، ئۇ دۇنيادا ئېتىبارغا لايىق نېمىلەر باركەن؟

— ھەي، ئېيتىشقا ئەرزىگۈدەك ھېچ نەرسە يوق ئىكەن. ئۇ يەردە ئادەم ئاچ قالىدىكەن، — دەپتۇ ئەبۇ نۆۋەس.

* * *

بىر كۈنى ئەبۇ نۆۋەس بازاردىن قوي سېتىۋاپتۇ. ئۇ قوينى يېتىلەپ ئۆيگە كېتىۋاتقاندا تۇيۇقسىز تاللىقتىن بىر ئوغرى چىقىپ، يېشى چوڭىيىپ قالغان ئەبۇ نۆۋەسنى كالتەك بىلەن ئۇرۇشقا باشلاپتۇ. شۇ ئارىلىقتا ئىككىنچى بىر ئوغرى پەيدا بولۇپ، قوينى ئېلىپ قېچىپتۇ. ئۇنىڭ


2003.3

ئىزىدىن بىرىنچى ئوغرىمۇ قېچىپ غايىب بوپتۇ.

كالتەك زەربىسىدىن كېيىن ئۆزىگە كەلگەن ئەبۇ نۆۋەس ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇستۇپىشىنى قېقىپتۇ. ئاندىن:

ـــ بۇ ئىمانسىزلارنىڭ جازاسىنى خۇدا بېرەر ـــ دەپ ئۆيىگە قايتىپتۇ.

ئۇ ئۆيىگە كەلگەندىن كېيىن ئوغرىلاردىن ئۆچ ئېلىش يولىنى ئويلاپتۇ، ئوغرىلار ماڭىدىغان جاينىڭ يېنىدا بىر ئورمان بار ئىكەن. ئورماندا ئەجدىھا دەرىخى ئۆسىدىغان جاي بار ئىكەن. ئەبۇ نۆۋەس شۇ دەرەخنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ پەستىكى شاخلىرىدىن بىرىگە چىقىپتۇ. بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسى بەك چوڭ بولىدىكەن. ئۇ بىر مېۋىنى يېرىپ ئىچىگە ئىككى ـ ئۈچ تىللانى تىقىپتۇ ـ دە، يېرىلغان يېرىنى بىلىنمەس قىلىپ تەكشىلەپ مېۋىنى يەنە جايىغا ئىلىندۇرۇپ قويۇپتۇ. ئاندىن يەنە شۇ تەرىزدە ئۈچ ـ تۆت مېۋىنىڭ ئىچىگە تەڭگىلەرنى سېلىپ، پەسكە چۈشۈپتۇ. دەرەخنىڭ ئەتراپىغا بىر نەچچە ساقچى تۇرغۇزۇپ، ئۆزى دەرەخ ئاستىغا ئورۇن تەييارلاپ شۇ يەردە يېتىپتۇ.

ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمەيلا ھېلىقى ئىككى ئوغرى كەپتۇ. ئۇلار ئەبۇ نۆۋەستىن نېمە ئۈچۈن دەرەخنىڭ ئاستىدا ياتقانلىقىنى سورىشىپتۇ. ئەبۇ نۆۋەس تىللا تۆكۈلىدىغان دەرەخنى قوغداپ ياتقانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

ـــ قانداق؟ ... قانداق دەرەخ؟ ـــ ھەيران بولۇشۇپتۇ ئوغرىلار.

ـــ مېنىڭ دەرىخىم. ئۇنىڭ مېۋىلىرى تىللا، دادامدىن مىراس قالغان.

ـــ دەرىخىڭنى بىزگە سېتىپ بەرگىن؟

ـــ ياق، بولمايدۇ. بۇ ئائىلىمىزنىڭ مۈلكى.

ئوغرىلار كېتىپتۇ. ئۇلار يۈز تۇياق قارا مال توپلاپ قايتىپ كەپتۇ.

ـــ دەرىخىڭنى يۈز تۇياق قارا مالغا تېگىشەمسەن؟ ـــ دېيىشىپتۇ ئۇلار، ـــ لېكىن بىز ئالدى بىلەن مېۋىلەر ئىچىدە راستىنلا تىللا بارمۇ كۆرۈپ باقايلى!

ئەبۇ نۆۋەس ئۇلارنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بوپتۇ ۋە قاراۋۇللىرىدىن بىرىگە بىر ـ ئىككى تال مېۋە ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. ئوغرىلار قاراۋۇل ئېلىپ كەلگەن مېۋىنى يېرىپ كۆرۈشۈپتۇ. مېۋىلەرنىڭ ئىچىدىن راستىنلا يالتىراپ تۇرغان تىللالار چىقىپتۇ.

ئۇلار دەرھال دەرەخنى سېتىۋېلىپ، يۈز تۇياق قارا مالنى ئەبۇ نۆۋەسكە بېرىپتۇ. ئەبۇ نۆۋەس مالـلارنى ھەيدەپ ئۆيىگە ئېلىپ كېتىپتۇ.

مېۋىلەر پىشقاندا ئوغرىلار يوغان پىچاقلارنى ئېلىپ دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقىشىپتۇ ۋە بارلىق مېۋىلىرىنى كېسىپ ئاپتۇ. ئەمما بۇ مېۋىلەرنىڭ بىرەرسىدىنمۇ بىرەر تال تەڭگە پۇل چىقماپتۇ. بۇنى كۆرۈپ ئوغرىلارنىڭ پىغانى پەلەككە يېتىپتۇ. ئۇلار ماللارنى قايتۇرۇپ ئېلىشقا ئەھدى قىلىشىپتۇ.

ئەبۇ نۆۋەس ئوغرىلارنىڭ ئۆچ ئالىدىغانلىقىنى سېزىپ، ئورمانغا بېرىپ بىر ـ بىرىدىن قىلچە پەرقلەنمەيدىغان ئىككى كىيىكنى تۇتۇپتۇ. كېيىن بۇقا سويۇپ، ئۇنىڭ دوۋسىقىنى قانغا تولدۇرۇپتۇ.

ـــ لەشكەرلەر كىيىدىغان قالقانغا ئوخشاش تۆمـۈر پەرتۇقىڭنى كىيىۋال، ـــ دەپتۇ ئۇ خوتۇنىغا، ـــ بۇ پەرتۇققا قان تولدۇرۇلغان ماۋۇ دوۋساقنى باغلاپ قوي، ئۈستىدىن ئۆزۈڭنىڭ ئادەتتىكى كىيىمىڭنى كىيىۋال. ئوغرىلار كەلگەندە ئۇلارغا مېنى سىرتقا چىقىپ كەتكەن دېگىن. ئۇلار مېنى ئىزدەپ كېتىشىدۇ. سەن قازان ئېسىپ، ماۋۇ بۇقا گۆشىدىن مېھمانلارغا تاماق تەييارلاپ تۇرغىن.

ئەبۇ نۆۋەس كىيىكلەردىن بىرىنى ئۆيىگە يوشۇرۇپ، يەنە بىرىنى ئۆزى بىلەن بىللە يېتىلەپ كېتىپتۇ.

ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي ئىككىلا ئوغرى ئەبۇ نۆۋەسنى ئىزدەپ سىرتتىن تېپىشىپتۇ ۋە ماللارنى قايتـۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشىپتۇ.

ـــ بولىدۇ، بولىدۇ، ـــ دەپتۇ ئۇ، ـــ لېكىن ئاۋۋال بىزنىڭ ئۆيىگە كىرەيلى، مېھمان بولۇڭلار.

شۇ چاغدا ئەبۇ نۆۋەس يېنىدىكى كىيىككە مۇراجىئەت قىپتۇ:

ـــ يۈگۈر، كىيىكىم، ئۆيگە بېرىپ يەڭگەڭگە ئېيت، مېنىڭ ھازىر بارغۇسى مېھمانلىرىمغا مول زىياپەت تەييارلىغاچ تۇرسۇن.

ئەبۇ نۆۋەس شۇنداق دەپ كىيىكنى قويۇۋېتىپـتـۇ. كىيىك ئالدى ـ كەينىگە قارىماي، بېشى قايغان ياققا يۈگۈرۈپ كېتىپتۇ. ئۇلار ئۈچى بىرلىكتە ئەبۇ نۆۋەسنىڭ ئۆيىگە قاراپ يول ئاپتۇ. ئۆيىگە كېلىپ قارىسا، دەستۇر-

خان راسلانغان، نازۇ ـ نېمەتلەر تىزىلغان، ھەر خىل تاماقلار تەييارلاپ قويۇلغان. لېكىن ئەبۇ نۆۋەس خوتۇنىغا مېنىڭ مېھمانلىرىمغا بۇ تاماقلىرىڭ كۇپايە قىلمايدۇ، دەپ كايىپ كېتىپتۇ، خوتۇنى ئۇنىڭغا گەپ ياندۇرۇپتۇ، ئانچە ئۆتمەيلا ئۇلار بىر ـ بىرىگە ۋارقىرىشىپ كېتىپتۇ.

ئەبۇ نۆۋەس ئۆزىنى تۇتالماي خوتۇنىغا ھۆركىرەپتۇ:

ــمۇشۇنداق مۇئامىلە قىلىشىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ساڭا بىر كۆرستىپ قويمىسام، مەلئۇن خوتۇن! ــ ئۇ شۇنداق دەپلا يېنىدىن خەنجىرىنى چىقىرىپ خوتۇنىنىڭ كۆكسىگە ئۇرۇپتۇ. شۇ زامان شۇرقىراپ قان ئېقىپتۇ. خوتۇنى گۇپ قىلىپ يەرگە يىقىلىپتۇ. شۇ چاغدا ئەبۇ نۆۋەس دالان ئۆيگە چىقىپ، بىر تاياقنى ئېلىپ چىقىپتۇ ـ دە، ئۇنىڭ ئۇچىنى خوتۇنىنىڭ كۆكرىكىگە تەگكۈزۈپ، قانداقتۇر بىر نېمىلەرنى دەپ پىچىرلاپتۇ:

ــقېنى، بەس ئەمدى، تۇر ئورنۇڭدىن خوتۇن!ــ دەپتۇ ئۇ، ــ ئۆلگەن بولساڭ تىرىل، مەن سېنى كەچۈردۈم.

ئەبۇ نۆۋەسنىڭ خوتۇنى ياتقان يېرىدىن تۇرۇپتۇ، بۇنى كۆرۈپ ئوغرىلار داڭ قېتىپ تۇرۇپ قاپتۇ. ئوغرىلار مۇنداق دەپتۇ:

ــچاپار كېيىكنىڭ گەپكە تازىمۇ ئۆگىتىپسەن. بىز بۇ كېيىكنىڭ سېتىۋالايلى. ئۆلگەننى تىرىلدۈرىدىغان تاياقچىمۇ بىزگە يېقىپ قالدى، بۇنىمۇ بىزگە سېتىپ بەرگىن. ئىككىسىگە مىڭ دىنار بېرەيلى، بولامدۇ؟

ئەبۇ نۆۋەس رازى بوپتۇ. ئوغرىلار تاياقنىمۇ، كېيىكنىمۇ ئېلىپ چىقىپ كېتىشىپتۇ. بۇ كېيىك ئورمانىدا كۆرگەن كېيىكتىن پۈتۈنلەي باشقىچە ئىكەنلىكى ئوغرىلارنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمەپتۇ.

ئۇلار يولدا كېتىۋېتىپ ئولجىلارنى قانداق بۆلۈشۈۋېلىش توغرىسىدا تالىشىشقا چۈشۈپتۇ. تالىشىش كۈچىيىپ جاڭجالغا ئايلىنىپتۇ. تۇيۇقسىزلا ئوغرىلاردىن بىرى يېنىدىن يوغان پىچىقىنى چىقىرىپ، يەنە بىر ئوغرىنىڭ كۆكرىكىگە سانجىپتۇ. ئۇ تۇرغان يېرىدە تىن تارتمايلا ئۆلۈپتۇ. پىچاق ئۇرغان ئوغرى ئىشىغا پۇشايمان قىلىپ، تاياقنى قولىغا ئاپتۇ ـ دە، ئۇنىڭ ئۇچىنى مۇردىغا تەگكۈزۈپتۇ. ئەمما مۇردا مىدىر ـ سىدىر قىلماپتۇ. ئوغرى ئىنتايىن ئەجەپلىنىپتۇ. كېيىن ئۇ ئەقلىنى ئىشلىتىپ، شۇنى پەملەپتۇكى، تاياقنى ئۆلۈككە تەگكۈزۈۋاتقاندا ئېيتىلىدىغان سېھىرلىك سۆزلەرنى سورىۋالمىغانىكەن. ئۇ ئەبۇ نۆۋەسنىڭ ئالدىغا يەنە بېرىپتۇ.

ئەبۇ نۆۋەس ئۇنىڭ يەنە كېلىدىغانلىقىنى ئالدىن پەملەپ، قازىخانىدىن مۇلازىملارنى چاقىرتىپ قويغانىكەن. ئۇلار ئۆينىڭ ئىچىدە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇشقانىكەن. ئوغرى كېلىپ ئەبۇ نۆۋەسكە ھەممە گەپنى دەپ بېرىپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئەفسۇن سۆزلەرنى ئېيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ، ئۇ گېپىنى ئەمدى تۈگىتىپ تۇرۇشىغا قازىنىڭ مۇلازىملىرى يوشۇرۇنۇۋالغان جايلىرىدىن چىقىپ ئوغرىنى تۇتۇۋاپتۇ ۋە قاتىللىقى ئۈچۈن دارغا ئېسىشىپتۇ.

*　*　*

ھارۇن رەشىد ئەبۇ نۆۋەسنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى، ئۇنى بىرەر كۈن كۆرمىسە تۇرالمايتتى. بىر كۈنى ئەبۇ نۆۋەس ئېشەك سېتىۋالماقچى بوپتۇ، بىراق ئېشەك ئېلىشقا پۇلى يوق ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئوردىغا مېڭىپتۇ. بىراق دائىم خەلىپىدىن ئىززەت ـ ئىكرام كۆرۈپ كەلگەن ئەبۇ نۆۋەسكە ھەسەت قىلىدىغان ئىشىك ئاغىسى ئۇنىڭ يولىنى توسۇپتۇ.

ــخەلىپىدىن قانداقلىكى ئىنئام ئالساڭ، ئۇنىڭ يېرىمىنى ماڭا بېرىشكە ۋەدە بەرسەڭ ئىشىكتىن كىرگۈزۈۋېتىمەن. بولمىسا ئىشىكتىن كىرىمەن دەپ ئاۋارە بولما. ماڭا قۇرۇق گېپىڭ لازىم ئەمەس، پەقەت ئىككىلىك خەت يېزىپ بەرسەڭلا بولىدى.

توختام تۈزۈلۈپ بولغاندىن كېيىن ئىشىك ئاغىسى ئەبۇ نۆۋەسنىڭ ئوردا ئىچىگە كىرىشىگە قوشۇلۇپتۇ. ئەبۇ نۆۋەس ئىچكىرىگە كىرىپ، خەلىپىگە سالام بەرمەپتۇ. ئۇنىڭ بۇ ئەدەبسىزلىكىدىن ھارۇن رەشىدنىڭ ئاچچىقى كەپتۇ:

ــنېمە تەلىپىڭ بار، ئېيت! ــ دەپتۇ ئۇ شائىرغا.

ــمەن يۈز دەررە يېمەكچىمەن، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەبۇ نۆۋەس.

خەلىپە بۇنى ئاڭلاپ دەرھال ئاچچىقىدىن يېنىپتۇ، چۈنكى شائىرنىڭ جاۋابى ئۇنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ. ئەبۇ نۆۋەس دېگەن گېپىدە تۇرۇۋاپتۇ. ھارۇن رەشىد ئۇنى دەررە بىلەن ئۇرۇشقا باشلاپتۇ. ئەمما دەررە بوش تېگەۋاتاتتى. سەۋەبى خەلىپە ئۆزىنىڭ ساراي شائىرىنى ئىنتايىن

ياخشى كۆرەتتى.

ئەللىك دەررە ئۇرۇلغاندىن كېيىن ئەبۇ نۇۋەس خەلىپىگە ئىلتىماس قىلىپ:

—بىر ئاز ئالدىرىماي تۇرۇڭ، كىچىككىنە دەم ئېلىۋالاي، —دەپتۇ. خەلىپە دەررە ئۇرۇشتىن توختاپتۇ. ئەبۇ نۇۋەس ئىشىك ئاغىسى بىلەن تۈزگەن توختامنى يېنىدىن چىقىرىپتۇ. خەلىپە توختامنى ئوقۇپ قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ. ئۇ دەرھال خىزمەتكارلىرىنى چاقىرىپ ئىشىك ئاغىسىنى دەرھال تۇتۇپ كېلىپ، ئۇنى ئەللىك دەررە ئۇرۇشنى بۇيرۇپتۇ.

ھەسەتخور ئەنە شۇنداق جازالىنىپتۇ.

كېيىن خەلىپە ئەبۇ نۇۋەستىن:

—بۇ يەرگە كېلىشتىن زادى مەقسىتىڭ نېمە ئىدى، —دەپ سوراپتۇ. ئەبۇ نۇۋەس:

—مەن بىر ئېشەككە موھتاجمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

خەلىپە ئۇنىڭغا پۇل بېرىپتۇ، شائىر بازارغا بېرىپ، ناھايىتى چوڭ بىر ئاق ئېشەكنى سېتىۋاپتۇ ـ دە، ئۇنى مىنىپ ئۆيىگە قايتىپتۇ. شائىر ئاستا ـ ئاستا بۇ ئېشەكنى بەك ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ، ھەتتا ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ياتىدىغان ئۆيىدىن جاي ئاجرىتىپ بېرىپتۇ.

بىر كۈنى ئەبۇ نۇۋەسنىڭ قوشنىسى ئۇنىڭ ئېشىكىنى بېرىپ تۇرۇشنى سوراپتۇ. ئەبۇ نۇۋەسنىڭ ئېشەكنى بەرگۈسى كەلمەي:

— ھازىر بۇ يەردە ئېشىكىم يوق، — دەپتۇ. شۇ چاغدا ئېشەك ھاڭراپ كېتىپتۇ. قوشنىسى:

—ئېشىكىڭ بار ئىكەنغۇ؟ — دەپتۇ.

— سەن كىمگە ئىشىنىسەن، ماڭىمۇ ياكى ئېشەككىمۇ؟ —دەپ ئاچچىقلىنىپتۇ ئەبۇ نۇۋەس.

* * *

خوتۇنى خيانەت قىلىدىغان باي ئەبۇ نۇۋەستىن ناھايىتى خاپىكەن. ئۇ شائىرنىڭ ئۈستىدىن خەلىپىگە شىكايەت قىپتۇ. شائىر بىلەن ئۇنىڭ ھىمايىچىسى ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ پەيدا قىلىش ئۈچۈن باي يالغان ـ ياۋىداق گەپلەرنى دەپتۇ:

—ئەبۇ نۇۋەس ئۈچ كۈندىلا ئاسمانغا ئۆي سالىمەن، دەپ ئۆزىنى ماختىدى، — دەپتۇ باي.

خەلىپە دەرھال ئەبۇ نۇۋەسنى چاقىرىپ:

—قېنى ئەمىسە، ئۈچ كۈنگىچە ئاسماندا مەن ئۈچۈن بىر ئۆي ياساپ بەر. «ياق» دەيدىغان بولساڭ يوقال، سارايدا قاراڭنى كۆرسەتمە، — دەپتۇ.

ئەبۇ نۇۋەس ئۈندىمەپتۇ. قەغەزدىن ناھايىتى چوڭ لەگلەك ياساپتۇ. ئۇنىڭ تۆت بۇرجىكىگە ئۈششاق قوڭغۇراقلارنى باغلاپتۇ. لەگلەككە ئىخچام قىلىپ ئىشىك ۋە دېرىزىلەرنىڭ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا مېڭىپ يۈرگەن ئادەملەرنىڭ رەسىمنى سىزىپ قويۇپتۇ. ئاندىن لەگلەككە كەندىردىن ئېشىلگەن ئۇزۇن چىگە باغلاپتۇ. ئەتىسى ھاۋا ئېچىلىپ، يېنىك شامال چىقىپتۇ. ئەبۇ نۇۋەس لەگلەكنى ئەپچىقىپ ئۇچۇرۇپتۇ ـ دە، چىگە يىپنىڭ ئۇچىنى يەردىكى بىر كۆتەككە باغلاپ قويۇپتۇ ۋە خەلىپىنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ:

—دېرىزىدىن قاراپ بېقىڭا، نېمە كۆرىسىزكىن؟

خەلىپە باغقا چىقىپ، ئاسمانغا قاراپتۇ. ناھايىتى ئېگىز بوشلۇقتا ئۇنىڭ كۆزىگە بىر ئۆي كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ چاغلاردا لەگلەك تېخى ئانچە ئومۇملاشمىغانىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلىپە ئاسماندا كۆرگەن ئۆينىڭ لەگلەككە سىزىلغان سۈرەت ئىكەنلىكىنى بايقىيالماپتۇ.

خەلىپىنىڭ ھەيران قالغىنىنى كۆرگەن ئەبۇ نۇۋەس:

— ئىمارەت تېخى پۈتمىدى، تاملىرى چالا قالدى. تامچىلار ھازىر تامنى قوپۇرۇۋاتىدۇ. ئاۋۇ تاراق ـ تۇرۇقنى ئاڭلاۋاتقانسىز؟ — دەپتۇ.

خەلىپە ئۆي ئەتراپىدا يۈرگەن ئادەملەرنىڭ رەسىمنى كۆرۈپ، قوڭغۇراقلارنىڭ جىرىڭلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇلار ئۆينىڭ تېمىنى قوپۇرۇۋاتقان ئۇستىلار ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپتۇ.

شۇ چاغدا يەنە ئەبۇ نۇۋەس:

—بۇ ۋاقىتچە ئۆي پۈتۈپ كېتەتتى، بىراق بىر ئاز مىخ يېتىشمەي قالدى. ئادەملىرىڭىز شۇنى تۆپىگە يەتكۈزۈپ بەرگەن بولسا ياخشى بولاتتى؟—دەپتۇ.

خەلىپە ماقۇل بوپتۇ ۋە بىر نەچچە ئادەمنى شۇ يەردىلا ئەبۇ نۇۋەسكە قوشۇپ بېرىپتۇ.

بۇ ئادەملەر كۆتەكنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. ئەبۇ نۇۋەس چىگە يىپنى كۆرسىتىپ:

—ئاسماندىكى ئۆيگە ئېلىپ بارىدىغان يول ئەنە

شۇ؟ —دەپتۇ.

ئۇلار خەلپىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئەھۋالنى ئېيتىپ:

—بىز ئىنچىكە يىپ بىلەن ئاسمانغا چىقالمايمىز، —دەپتۇ.

—راستىنلا، بۇ ئىش ھېچ كىشىنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ، —دەپتۇ خەلپە.

—ئۇنداق بولسا نېمە ئۈچۈن ماڭا ئاسمانغا ئۆي سېلىشنى بۇيرۇدىڭىز؟ —دەپ خەلپىدىن سوراپتۇ ئەبۇ نۇۋەس.

* * *

بىر كۈنى ئەبۇ نۇۋەس يېزىدىن قوي سېتىۋېلىپ، ئۇنى ئۆيىگە ئېلىپ كېتىۋاتقانىكەن. شۇ چاغدا يەتتە ئوغرى توقايلىقتىن چىقىپ ۋارقىراپتۇ:

—ساڭا نېمە جىن چاپلاشتى، قېرى! نېمە چوشقىنى سۆرەپ كېتىۋاتىسەن؟

—چوشقا ئەمەس، قويغۇ بۇ، —دەپ ئېتىراز بىلدۈرۈپتۇ ئەبۇ نۇۋەس.

شۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچى ئوغرى مۇنداق دەپتۇ:

—قېرىغان چېغىڭدا گۇناھقا پېتىپسەن جۇمۇ، بوۋاي! قۇرئان كەرىمدە چوشقا مەكرۇھ دېيىلگەن. خەۋىرىڭ باردۇ بۇنىڭدىن؟—ھەممە ئوغرى ئەبۇ نۇۋەسكە بىر-بىردىن ئاشۇنداق گەپلەرنى دەپتۇ ۋە ئۇلار ئەبۇ نۇۋەسنىڭ ئالدىغا يوپۇرۇلۇپ كېلىپ:

—بوۋاي، بىز ساڭا ياردەم بەرمەكچىمىز. بىز نەسرانىيمىز (خرىستىئان دىنىغا مەنسۇپ كىشىلەر)، شۇنىڭ ئۈچۈن چوشقىنى بىزلا يەۋېتەيلى. ئۇنىڭ ئورنىغا ساڭا پۇل بېرەيلى. بىز قايتىپ كەلگۈچە سەن ھېچ ياققا كەتمەي مۇشۇ يەردە بىزنى كۈتۈپ تۇر—دەپتۇ.

ئەبۇ نۇۋەس ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ قايتىپ كەلمەيدىغانلىقىغىمۇ ئەقلى يېتەتتى.

—مەيلى، ئۇنى ئېلىپ كېتىمىز دېسەڭلار ئېلىپ كېتىۋېرىڭلار، —دەپتۇ ئۇ، —لېكىن مەن بىلەن بىللە بىزنىڭكىگە بارساڭلار بولماسمىدى؟ خوتۇنۇم ئۇنىڭ گۆشىدە سىلەرگە لەززەتلىك تاماقلارنى قىلىپ بېرەتتى.

ئوغرىلار ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىپتۇ ۋە بىرلىكتە ئەبۇ نۇۋەسنىڭ ئۆيىگە قاراپ يول ئاپتۇ.

شائىرنىڭ خوتۇنى ئۇلارغا ئوخشىتىپ تاماق ئېتىپ بېرىپتۇ، ئوغرىلار گۆش ۋە باشقا تائاملارنى ژىنى يېرىلغۇچە يېيىشىپتۇ. شائىرنىڭ بۇيرۇقى بويىچە خوتۇنى گۆشلەرگە تۇزنى خېلى كۆپ سېلىۋەتكەنىكەن. تاماقتىن كېيىن ئوغرىلار ئۇسساپ چاڭقاپ كېتىپتۇ. ئۇلار ئىچىشكە سۇ سوراپتۇ. ئەبۇ نۇۋەس:

—مەندە پەقەت شاراب بار، سىلەر نەسرانىي بولغاندىن كېيىن شارابنى بىمالال ئىچىۋېرەرسىلەر، —دەپتۇ. ئوغرىلار شارابنىڭ ھەممىسىنى ئىچىپ، غەرق مەست بولۇپتۇ.

بۇ چاغدا ئەبۇ نۇۋەس تۆمۈر تامغىنى ئېلىپ، ئوتتا تازا قىزدۇرۇپتۇ-دە، ھەر بىر ئوغرىنىڭ يەلكىسىگە بىردىن بېسىپ چىقىپتۇ. كېيىن ئۇ خەلپىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئەرز قىپتۇ:

—مېنىڭ قۇللىرىم زادى ئىتائەت قىلماس بولۇۋالدى، ئۇلارنى باشقۇرۇشقا كۈچۈم يەتمەي قالدى. مانا، بۇگۈنمۇ ئۇلار قويۇمنى پاك-پاكىز يەۋەتتى.

خەلپە ئۇنىڭغا لەشكەر ئەۋەتىپ، قۇللارنى تۇتۇپ ئەكېلىشكە بۇيرۇپتۇ.

ئوغرىلار ئەس-ھوشلىرىغا كېلىشىپ چۇقان كۆتۈرۈشۈپتۇ:

—ياق، بىز قۇل ئەمەسمىز، ئەركىن ئادەملەرمىز...

—ياق، يالغان دەيدۇ، —دەپ ئېتىراز بىلدۈرۈپتۇ ئەبۇ نۇۋەس، —قاراڭلار، ھەممىسىنىڭ يەلكىسىدە مېنىڭ تامغام بار.

لەشكەرلەر ئوغرىلارنى خەلپىنىڭ قېشىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. خەلپە ئۇلارنى كۆرۈپ:

—ئېتىز-ئېرىقلىرىمدا ئىشلەشكە ئادەم كېرەك ئىدى. سەن بۇلارنى ماڭا سېتىپ بەر، —دەپتۇ.

ئەبۇ نۇۋەس ئۇلارنى خەلپىگە سېتىپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قويىنىڭ پۇلى بىر نەچچە ھەسسە كۆپىيىپ، ئۆيىگە قايتىپتۇ.

تەييارلىغۇچى: تۇرسۇنمۇھەممەد پەخرىدىن

(ئۆزبېكچە «جاھان ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدىن ئېلىندى)

مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن



# خىزمەتچى تاللاش

دۆلەت ھالقىغان بىر داڭلىق شىركەت جۇڭگو با-
زارلىرىغا كىرىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن بىر نەپەر جۇڭ-
گولۇق مال ساتقۇچى خادىم تەكلىپ قىلماقچى بوپتۇ. بۇ
شىركەتنىڭ خىزمەتچىلەرگە بېرىدىغان مائاشى خېلى
يۇقىرى بولغاچقا، تىزىمغا ئالدۇرىدىغانلار ناھايىتى كۆپ
كەپتۇ. شىركەتنىڭ تەكلىپ قىلىنغۇچىلارغا قويغان شەرتى
تولىمۇ غەلىتە بولۇپ، ئۇلار چوقۇم بىر ئامال قىلىپ
راھىبلارغا تارغاق ساتالىشى كېرەك ئىكەن. تىزىمغا
ئالدۇرغىلى كەلگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى «تاقىرباش راھىب
تارغاقنى نېمىمۇ قىلار» دېيىشكىنىچە بۇ ئىشتىن رايى
قايتىپ ئىلاجىسىز كېتىپ قاپتۇ. قېپقالغان بىرنەچچىسى
قانداقلا بولمىسۇن بىر سىناپ كۆرمەكچى بولۇپ، تار-
غاق ساتقىلى مېڭىپتۇ. ئۇلارغا ئون كۈنلۈك مۆھلەت
بېرىلگەن بولۇپ، تەكلىپ قىلىنغۇچىلار مۇددەت توش-
قاندا كېلىپ ئۆزلىرىنىڭ تارغاق سېتىش ئەھۋالىنى شىر-
كەتتىكى بۇ ئىشقا مەسئۇل خادىمغا دوكلات قىلسا،
شىركەت ئۇلارنىڭ نەتىجىسىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە قاراپ
ئارىسىدىن بىرىنى تاللىۋالىدىكەن.

خىزمەتچى تەكلىپ قىلىشنىڭ كېيىنكى جەريانلىرىنى
ئاغىنەم ۋاڭ يىلىڭ بىلەن چېن يۈەن «راھىبقا تارغاق
سېتىش» سەرلەۋھىلىك بىر پارچە ماقالە يېزىپ، «ئە-
سىر ھالقىغان ئىختىساسلىقلار» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىپ
بولغان بولۇپ، ماقالە «ئون كۈنلۈك مۆھلەت توشقاندا
شياۋيى، شياۋشى، شياۋچيەنلەرنىڭ باشقىلاردىن بۇرۇن
كېلىپ ئۆزلىرىنىڭ تارغاق سېتىش ئەھۋالىنى بىر ـ بىر-
لەپ دوكلات قىلغانلىقى، شياۋيىنىڭ مىڭبىر جاپادا بې-
شىنى قاشلاپ ئولتۇرغان بىر بالا راھىبنى ئۇچرىتىپ
قېلىپ، ئۇنىڭغا قىچىشقان باشنى قول بىلەن قاشلىماي،
تارغاق بىلەن قاشلىسا قىچىشىشنىڭ ئوڭايلا بېسىقىدى-
غانلىقىنى ئېيتقاندا، ئۇ راھىبنىڭ شياۋيىدىن بىر تال
تارغاق سېتىۋالغانلىقى؛ شياۋشىنىڭ مەشھۇر بىر تاغدىكى
قەدىمكى ئىبادەتخانىغا تارغاق ساتقىلى بېرىپ، ئۇ يەردە
چاچلىرى سالۋاراپ كەتكەن ئىبادەتچىلەرنىڭ ئىسرىق-
دانىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ كۆجە كۆيدۈرۈۋاتقانلىقىنى
كۆرۈپ باش راھىبقا، ھەرەك ـ سەرەك ھالەتتە بۇددىغا
تىۋىنىشنىڭ بۇرخانغا قىلىنغان ھۆرمەتسىزلىك ئىكەنلى-
كىنى، شۇڭا، بۇتخانىدىكى ئىسرىقدانلارنىڭ ئالدىغا بىر
تالدىن تارغاق قويۇپ قويسا، بۇرخانغا سېغىنىپ كۆجە
كۆيدۈرگىلى كەلگەن ئەزگۈ نىيەتلىك ئىبادەتچىلەر ئۇ-
نىڭ بىلەن باش ـ كۆزىنى تارىۋالسا ناھايىتى ساۋاب
بولىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، باش راھىب ئۇنىڭ پىكرىنى
قۇۋۋەتلەپ، ئون تال تارغاق سېتىۋالغانلىقى؛ شياۋچ-
يەنىنىڭ مەلۇم بىر تاغنىڭ ئېچكىرىسىدىكى قويۇق ئىس-
رىق ھىدى قاپلاپ كەتكەن ھەيۋەتلىك بىر بۇتخانىغا
كۆجە ياققىلى كەلگەن پاك نىيەتلىك ئىبادەتچىلەرگە
بۇتخانىنىڭ نامىدا بىرەر خاتىرە بۇيۇمى سوۋغات قىل-
سا، ئۇلارنىڭ كۆڭلى ئۆسۈپ قالىدىغانلىقى، ئۆزىدە نا-
ھايىتى كۆپ تارغاق بولۇپ، بۇ ئىشقا ئىنتايىن باپ
كېلىدىغانلىقى، تويىنغا دىننىڭ يۈزىنى قىلىپ بۇ تارغاق-
لارنى ئېتىبار باھادا سېتىپ بېرىدىغانلىقى، تارغاققا
بۇتخانىنىڭ ئىسمى ۋە «ئەزگۈلۈك سىزگە ھەر جايدا
يار بولغاي» دېگەن بىرقانچە خەتنى ئويۇپ، كەلگەن-
لەرگە باھاسىنى ئۆستۈرۈپ سېتىپ بەرسە ئۇنۇمىنىڭ
تېخىمۇ ياخشى بولۇپ، نۇرغۇن پايدا ئېلىپلا قالماستىن،

يەنە بۇتخانىنىڭ شۆھرىتىنى ئاشۇرۇپ، تاۋاپچىلارنىڭمۇ كۆڭلىنى ئۇتقىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، تويىن بۇنىڭدىن ناھايىتى مەمنۇن بولۇپ، دەرھاللا 1000 تال تارغاققا زاكاز بەرگەنلىكى، دېمەك، شياۋچيەننىڭ تارغاق سېتىشتىكى نەتىجىسى ھەممىدىن يۇقىرى بولغاچقا، ھېلىقى دۆلەت ھالقىغان شىركەتكە مال ساتقۇچى خادىملىققا تەكلىپ قىلىنغانلىقى، ئاخىرىدا ۋاڭ يىلى بىلەن چېن يۈەننىڭ شياۋچيەن بىلەن بىللە خۇشال - خۇرام قايتىپ كەلگەنلىكى، شۇنىڭ بىلەن دۆلەت ھالقىغان شىركەتنىڭ خىزمەتچى تەكلىپ قىلىش خىزمىتىنىڭمۇ ئاياغلاشقانلىقى» قاتارلىق مەزمۇنلار بىلەن تاماملانغانىدى.

ئەپسۇسلىنارلىقى شياۋ يى، شياۋ شى، شياۋ چيەنلەر كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەستىن، خىزمەتچى تەكلىپ قىلىشقا مەسئۇل خادىم نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇۋاتقاندا، تەكلىپ قىلىنغۇچى تۆتىنچى كىشى شياۋ لۇ «كەچۈرۈڭلار، مەن ئولتۇرغان ماشىنىدىن يېرىم يولدا كاشىلا چىقىپ كېچىكىپ قالدىم» دېگىنىچە ھاسىراپ - ھۆمىدەپ ئىشخانىغا كىرىپ كەپتۇ. خىزمەتچى تەكلىپ قىلىشقا مەسئۇل ھېلىقى ئەجنەبىي ئۇنىڭغا مەنسىتمەسلىك نەزەرى بىلەن قاراپ:

—سەن قانچىلىك ساتالىدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

شياۋ لۇ:

—قولۇمدا شۇ تاپتا 50 مىڭ تال تارغاقنىڭ زاكاز تالونى بار، — دەپتۇ.

—نېمە! — ئەجنەبىي بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەيرانلىقتىن داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قاپتۇ ۋە ئارقىدىنلا زاكاز تالونىغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن ھەم ھەيران، ھەم خۇشال بولغان ھالدا:

—سەن بۇنچىۋالا كۆپ تارغاقنى قانداق ساتتىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

—ھېچقانچە كۈچىمىدىم، پەقەت بىر تېلېفون بىلەنلا ھەممە ئىش پۈتتى، — شياۋلۇ شۇنداق دېگەچ يېنىدىن بىر تال تاماكا ئېلىپ تۇتاشتۇرۇپ ئەزمىلىك بىلەن چەككىلى تۇرۇپتۇ. ئەجنەبىي شياۋلۇغا دەرھال ئورۇندۇق قويۇپ بېرىپلا قالماي، يەنە بىر ئىستاكان چايمۇ دەملەپ بېرىپتۇ ۋە:

—قانداق قىلغانلىقىڭنى تەپسىلىيرەك سۆزلەپ بەرگىن، — دەپتۇ.

شياۋلۇ تاماكىسىدىن يۇمىلاق ئىس چىقارغاچ ئۆزىنىڭ ئالدىنقى ئۈچىگە ئوخشاش مۇشەققەت تارتىپمۇ يۈرمىگەنلىكىنى، ئاغزىنى ئۇپۇرتىپ باشقىلارغا يېلىنىپمۇ يۈرمىگەنلىكىنى، پەقەت شەھەرلىك دىنىي ئىشلار ئىشخانىسىدىكى جان - جىگەر ئەمەلدار ئاغىنىسىگە تېلېفون ئۇرۇپ، ئۇنىڭ بۇ ئىشقا بىر ئامال قىلىپ ياردەم قىلسا، ئىش پۈتكەندىن كېيىن ئىككىسىنىڭ پايدىنى تەڭ ئۆلەشىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، ئاغىنىسىنىڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ شۇ ھامانلا كاتىپقا: «شەھەر تەۋەسىدىكى بارلىق بۇتخانىلارنىڭ قۇربىنىڭ يېتىشىچە، قانچىلىك سېتىۋالالىسا شۇنچىلىك تارغاق سېتىۋېلىشى كېرەكلىكى، ئەگەر سېتىۋالمىسا، ئۇلارنىڭ مائاش تەمىناتى توختىتىلىپ، تويىنلارنىڭ دەرىجىسى تۆۋەنلىتىلىدىغانلىقى...» خۇسۇستا بىر پارچە ھۆججەت يازغۇزۇپ تارقاتقانلىقى، ھەر قايسى بۇتخانىلارنىڭ قىزىل باشلىق ھۆججەتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، بۇ ئىشقا بويۇنتاۋلۇق قىلىشقا پېتىنالماي، شەھەرلىك دىنىي ئىشلار ئىشخانىسىغا بەس - بەستە تارغاق زاكاز قىلىش تالونى ئەۋەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئەجنەبىي بۇنى ئاڭلاپ ھەم خۇشاللانغان، ھەم قايغۇرغان ھالدا:

—بۇمۇ مال سېتىش بولامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

شياۋلۇ:

—سىلەر ئەجنەبىيلەر بۇنى چۈشەنمەيسىلەر، بىزنىڭ جۇڭگودا سودا بازارلىرىنى ئېچىشتىن ئاۋۋال، ئەمەلدارلار بازىرىنى ئېچىش كېرەك. ئەمەلدارلارنى قولغا كىرگۈزۈۋالغاندىن كېيىن بازار دېگەن ئۆزلۈكىدىن ئېچىلىدۇ، — دەپتۇ. ئەجنەبىي تېلېفوندا شياۋ لۇنىڭ ئەھۋالىنى شىركەتنىڭ باش دىرېكتورىغا دوكلات قىپتۇ. باش دىرېكتور بۇنى ئاڭلاپ دەرھاللا:

—جۇڭگو بازارلىرىنى ئېچىش ئۈچۈن بىزگە دەل ئاشۇنداق ئىختىساسلىق خادىملار لازىم، ئۇنى دەرھال شىركىتىمىزگە تەكلىپ قىلىشىمىز كېرەك، — دەپتۇ.

«تاللانغان فېليەتونلار» ژۇرنىلىنىڭ 2002 - يىللىق 9 - سانىدىن ئېلىندى.

مۇختار تۇردى تەرجىمىسى

مۇھەررىرى: ئەسقەر مەخسۇت




بەھرەم گورنىڭ راست رەۋىش ئىسىملىك بىر ۋەزىرى بار ئىكەن. پادىشاھ ئۆزىنىڭ ھەممىلا ئىشىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى ئويۇن - تاماشىغا بېرىلىپ كېتىپتۇ. راست رەۋىش بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆز كۆمچىگە چوغ تارتىشنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ. ۋەزىرنىڭ قارىمىقىدىكى ئېلىق - سېلىق ئىشلىرىغا قارايدىغان خىزمەتكارنى چاقىرتىپ دەپتۇ:

— پادىشاھ ھەزرەتلىرى كۈندۈزى ئوۋ ئوۋلاش بىلەن، كېچىلىرى بولسا تاڭ ئاتقۇچە شارابخورلۇق بىلەن بولۇپ كەتتى. پارىخورلار بىلەن بەزمە - ناۋا تۈزۈپ كۈن ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ. مۇبادا سەن مېنىڭ دېگەنلىرىمنى قىلساڭ سېنىمۇ قۇرۇق قويمايمەن.

— باش ئۈستىگە، ھەزرىتى ۋەزىر ئەزەم، ھەر قانداق ئىش بولسا ماڭا تاپشۇرۇۋېرىڭ! — دېگىنىچە ھېلىقى خىزمەتكار پۈكۈلۈپ تەزىم قىلدى. ۋەزىر بۇنىڭدىن خېلى خاتىرجەم بولدى ۋە خىزمەتكارىغا بۇيرۇدى:

— مەن دېگەن ئادەملەرنى دەرھال زىندانغا سال، مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىل!

— دېگىنىڭىزدەك بولىدۇ جانابىي ۋەزىر ئەزەم! — دېدى خىزمەتكار قول قوۋۇشتۇرۇپ.

شۇنىڭدىن كېيىن خىزمەتكار ئادەملەرنى بىر چەتتىن تۈرمىگە قاماۋەردى. ۋەزىر بولسا ئۇلاردىن پارا ئېلىپ، ئۇلارنى قويۇۋېتىۋەردى. ۋەزىر ئەزەم بارا - بارا ئوردا خەزىنە باشلىقى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئاستا - ئاستا خەزىنىنىمۇ قۇرۇقداپ قويدى.

بىر چاغدا پادىشاھ قوشۇن توپلىماقچى بولۇپ خەزىنىنى ئېچىپ قارىسا، ئۇنىڭدا بىرەر دىنارمۇ پۇل قالماپتۇ. ئۇ شەھەرنى ئايلىنىپ، بازارلار، رەستىلەرنىڭ... ھەممىسى ھاڭغىرقاي بوش تۇرغانلىقنى كۆرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بەھرەم گورنىڭ بېشى قېتىپ، مۇشرىفنى (ساراي - ئوردا خىراجىتىنى نازارەت قىلىپ تۇرغۇچى مەنسەپدار - ت) چاقىرىپ، قاتتىق سوراققا ئاپتۇ:

— ئوردا سەلتەنىتىدە نېمە بولدى؟ سەن نېمىگە نازارەت قىلدىڭ؟

— پۇقرالارنىڭ كۆپ قىسمى يۇرتنى تاشلاپ ھەر تەرەپكە قېچىپ كېتىشتى، ھەزرىتى ئالىيلىرى!

— نېمە سەۋەبتىن شۇنداق بولدى؟

— بۇنى بىلەلمىدىم، ھەزرىتى ئالىيلىرى، — دەپتۇ مۇشرىف.

شۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھ باشقا مەنسەپدارلارنىمۇ چاقىرىپ بىر - بىردىن تەكشۈرۈپ، تەپتىش قىپتۇ. لېكىن ئۇلارمۇ ۋەزىردىن قورقۇپ، پادىشاھقا ھەقىقەتنى ئېيتىشماپتۇ. بەھرەم گور نېمە قىلىشنى بىلمەي، ئاللاھىدە خانىنى ئىچىدىن مەھكەم تاقاپ، ئىككى كېچە - كۈندۈز بۇ ئەھۋال ھەققىدە باش قاتۇرۇپتۇ. لېكىن ھەقىقەتنىڭ تەكتىگە يېتەلمەپتۇ. ئاخىر ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەندە ئۆزى يالغۇز شەھەردىن چىقىپ، سەھراغا قاراپ مېڭىپتۇ. كەچكىچە ماڭغان بولسىمۇ، ھېچكىم يولۇقماپتۇ. كۈن پېتىش بىلەن يىراق بىر جايدا ئىس - تۈتەك كۆرۈنۈپتۇ. پادىشاھ «ئوت بار يەردە ئادەم بولۇر» دەپ ئويلاپ، ئاتنىڭ بېشىنى شۇ تەرەپكە بۇراپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن بىر مالچىنىڭ ئۆتمۈشۈك بولۇپ كەتكەن چېدىرىنىڭ ئالدىغا چىقىپ قاپتۇ. چېدىردىن سەل نېرىراقتا بىر توپ قوي پادىلىرى بار ئىكەن. ئۇنىڭدىن ئىككى - ئۈچ قەدەم نېرىراقتا بىر موما ياغاچقا يوغان بىر ئىتنى ئېسىپ قويۇپتۇ. بەھرەم بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ھەيران بوپتۇ. شۇ ئارىدا چېدىردىن مالچى چىقىپ، ناتونۇش ئادەمنى كۆرۈپ، سالام بېرىپ، ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

(ئاخىرى 57 - بەتتە)



# كېنىيىلىكلەرنىڭ «ۋۇجۇدنى پاكلاش» مۇراسىمى

2003.3

كېنىيىدە ئاياللارنى ئېرى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىدىغان ئادەت بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ مىراسخورلۇق ھوقۇقى بولمايدىكەن. مۇبادا بىرەر ئايالنىڭ ئېرى ئۆلۈپ كەتسە، ئۇلارنىڭ ئوغۇل پەرزەنتى بولمىسا، ئەر تەرەپنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى كېلىپ ئۇنىڭ ئۆيىدىكى بارلىق جابدۇقلىرىنى ئېلىپ كېتىدىكەن. ئەگەر ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايال ئېرىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن داۋاملىق تۇرۇۋېرىشنى خالىسا، ئۇ ئادەت بويىچە «ۋۇجۇدنى پاكلاش» مۇراسىمىغا قاتناشقاندىن كېيىن، شۇ ئۆيدە قېلىپ قۇل بولۇشى كېرەك ئىكەن. بۇ مۇراسىمنىڭ جەريانى مۇنداق ئىكەن:

ئۆلگۈچىنىڭ ئاكا ـ ئىنىسى ياكى دادىسى بىرقانچە ئون ياۋرو ھەق تۆلەپ، مەخسۇس «ۋۇجۇدنى پاكلاش» پىرىخونلۇقى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان پىرىخوندىن بىرنى تەكلىپ قىلىدىكەن. ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ھېلىقى بىچارە ئايال پىرىخون بىلەن مەجبۇرىي بىرگە بولغاندىن سىرت، بۇنىڭ بەدىلىگە بىرەر قوي ياكى كالا دېگەندەك نەرسىلەرنى بېرىدىكەن.

جۇۋا. فىرىستى ئىسىملىك بىر ئايال ئېرى ئۆلۈپ كېتىپ ئالتە ئايدىن كېيىن «ۋۇجۇدنى پاكلاش» مۇراسىمىغا قاتناشقان بولۇپ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

«بىر كۈنى كەچتە كىچىك تاغام (داداغى) بىلەن تۆت جىيەنىم كەپەمگە كەپتۇ. ئۇلار پىرىخون بىلەن ئىككىمىزنى ئۆيگە كىرگۈزۈپ ئىشىكنى قۇلۇپلىۋەتتى. پىرىخون ماڭا باسقۇنچىلىق قىلىپ، قولى بىلەن ئاغزىمنى ئېتىۋېلىپ ھەتتا ۋارقىرىغىلىمۇ قويمىدى. ئىش تۈگىگەندىن كېيىن، ئۇلار ئۆيۈمدىكى بىر تۇياق كالىنى پىرىخونغا ئۇستەك بەردى. بىر قانچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن قىزىتمام ئۆرلەپ، يۆتىلىم بارغانسېرى ئەدەپ كەتتى. دوختۇرخانىغا بېرىپ كۆرۈنۈۋېدىم، دوختۇر ماڭا ئەيدىز كېسىلى بىلەن يۇقۇملىنىپسەن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن كەپەمنى تاشلاپ، ئۆز يۇرتۇمدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولدۇم.

بۇ بىچارە ئايال ئۆلمەكنىڭ ئۇستىگە تەپمەك دېگەندەك مۇسىبەتتىن كېيىنمۇ داۋاملىق روھىي ۋە جىسمانىي ئازاب چېكىپ، قاتتىق ھاقارەتلەنگەن. بۇ ئۇزاق يىللاردىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئىپلاس ئادەتتۇر.

گەرچە ستاتىستىكچىلار ئافرىقىدىكى ئەيدىز كېسىلى بىلەن يۇقۇملانغانلارنىڭ 90% ى ئەرلەر ئىكەنلىكىنى

ئېيتقان بولسىمۇ، ئەمما بۇ كېسەلنىڭ دەردىنى يەنىلا ئاشۇ بىچارە ئاياللار تارتىپ كەلمەكتە.

دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىنىڭ ئىگىلىگەن ماتېرىياللىرىدىن قارىغاندا، كېنىيىدىكى 17 مىلىڭ ئايال «ۋۇجۇدىنى پاكلاش» مۇراسىمىدا ئاياغ ئاستى قىلىنغان بولۇپ، ئېنىقراق ئېيتقاندا، مەزكۇر دۆلەتنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئەڭ نامرات بولغان نىزا رايونىدا ياشاۋاتقان ئۈچتىن بىر قىسىم تۇل خوتۇنمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش قىسمەتنى باشتىن كەچۈرگەن.

كېنىيە ھۆكۈمىتى نەچچە ئون يىللاردىن بېرى ئاياللارنىڭ ئەنە شۇنداق خورلىنىشىغا، دەپسەندە قىلىنىشىغا يول قويۇپ كەلمەكتە. ئۇلارنىڭ ئەنئەنىسىدە، ئايال ئېرى ئۆلۈپ كېتىپ، تۇل قالغاندىن كېيىن خۇددى نەرسە ـ كېرەك ياكى ئائىلە جابدۇقلىرىغا ئوخشاش ئۇنىڭدىن بۇنىڭغا مىراس قالدىغان بولۇپ، ئۇلاردا ھەتتا بالا تەربىيىلەش ھوقۇقىمۇ بولمايدىكەن. ئايالنىڭ ئېرى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، قېپقالغان مال ـ مۈلۈككە ئۆلگۈچىنىڭ ئوغلى ۋارىسلىق قىلىدىكەن، شۇ ئائىلىدە ئوغۇل يوق، قىز بولۇپ قالسا ئۆلگۈچىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئۇنىڭغا ھېچنېمە قالدۇرماي ھەممە نەرسىنى ئېلىپ كېتىدىكەن. قىز توي قىلغاندا، ئوغۇل تەرەپنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قىز تەرەپنىڭ ئائىلىسىگە ياخشىراق سوۋغا ـ سالام ئېلىپ بارسىلا بولىدىكەن. ئاياللار ئېرى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن بىر بولسا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كېتىدىكەن، ياكى ئۆي ـ ماكانىدىن ئايرىلىپ سەرگەردان بولۇپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولىدىكەن.

بۇ ماقالە خەنزۇچە «شىنجاڭ شەھەر گېزىتى»نىڭ 2003 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈندىكى سانىدىن ئېلىندى.

مۇختار تۇردى تەرجىمىسى

مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى

---



(بېشى 55 ـ بەتتە)

—يول بولسۇن مۇساپىر؟

بەھرەم گور مالچىنىڭ ئۆزىنى تونۇمىغانلىقىدىن خۇش بوپتۇ ۋە مۇلايىملىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپتۇ:

—ئىسپاھانغا كېتىۋاتاتتىم، يولدىن ئادىشىپ قالدىم، ياق دېمەي بىر كېچە باشپاناھ بولسالىڭ؟

مالچى رازى بوپتۇ ۋە مېھماننى چېدىرىغا تەكلىپ قىپتۇ. بارنى تەڭ يەپتۇ، چاي ئۈستىدە پادىشاھ مالچىدىن نېمە سەۋەبتىن ئىتنىڭ بۇنچىۋالا ئېغىر جازاغا تارتىلغانلىقىنى سوراپتۇ. مالچى مۇنۇلارنى ھېكايە قىلىپ بېرىپتۇ:

—ئۇ ئىت ماڭا بەكمۇ سادىق ئىدى. يوق دېگەندە ئۈچ ـ تۆت بۆرىگە تەڭ كېلەتتى. شۇڭلاشقىمۇ چارۋىنى ئۇنىڭغا ئىشىنىپ، ئىككى ـ ئۈچ كۈن تاشلاپ قىشلاققا چۈشۈپ چىقاتتىم. قويلاردىن بىرەرسىمۇ كېمەيمەيتتى. لېكىن، يېقىندىن بېرى ئىت ئاينىپ قالدى. بىر كۈنى قىشلاققا بېرىپ كېلىۋاتسام قويلاردىن بىر ـ ئىككىسى ئۆلۈپ دۇم يېتىپتۇ. «ھە، مەيلى، بىرەر كېلىشمەسلىك بولغاندۇ» دەپ ئۆزۈمنى باستىم. يەنە بىر قېتىم قىشلاققا بېرىپ كەلسەم تۆت ـ بەش قويۇم يوقىلىپتۇ، كېيىن ئون قوي يوق. مېنى ۋەھىمە باستى. ئاخىرى ئەھۋالنى يوشۇرۇن كۆزىتىشكە نىيەت قىلدىم. بىر كۈنى كەچقۇرۇن بىر پاناھ جايغا يوشۇرۇنۇپ ياتسام، كەچ كىرەي دېگەندە قورۇ ئەتراپىدا بىر بۆرە پەيدا بولدى. ئىتىم شۇ ئەتراپتا ئىكەن، قارىسام قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىپ بۆرىنىڭ ئالدىغا باردى. بۆرە بىلەن ئىت بىر ـ بىرىنى يالىشىپ كېتىشتى... ئاندىن بۆرە مۆگدەپ ياتقان قويلارغا ئېتىلدى. بىر قوينىڭ قارنىنى يېرىپ تاشلىدى، ئىككىنچىسىنىڭ بوغۇزىدىن چىشلەپ قوي توپى ئىچىدىن سىرتقا سۆرەپ چىقتى... «ئىت نېمە قىلدى؟» دېمەمسىز، ئۇ بۆرىگە ئەركىلىگىنىچە قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىپ، كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ يېتىۋەردى. ھەقىقىي ئەھۋالنى شۇ چاغدىلا چۈشەندىم ۋە بىر ئىلاج قىلىپ ئىتنى تۇتۇۋېلىپ، «جازايىڭ شۇ!» دەپ ئېسىپ قويدۇم. بولغان گەپ ئەنە شۇ، بۇرادەر.

پادىشاھ ئەتىسى ئەتىگەندە ناشتىنى يەپ، شەھەرگە قايتتى. شۇ كۈنىلا ۋەزىرنى قامىتىپ، ئاندىن دارغا ئاستۇردى...

تەييارلىغۇچى: هاكىم مۇسا

مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى

# ئارمان شىركىتىنىڭ بىلدۈرگۈسى

ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار خۇسۇسىي كارخانا، ئۈرۈمچى شەھىرى بويىچە «ئون چوڭ چولپان كارخانا» قاتارلىق ناملارغا ئېرىشكەن شىنجاڭ «ئارمان»كەسپىي چەكلىك شىركىتى قۇرۇلغان سەككىز يىلدىن بۇيان پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىگە ئائىت تۈرلۈك فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، دۆلەت ئىلكىدىكى ئورۇنلاردىن ئىش ئورنىدىن قالغان زور بىر تۈركۈم ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى ئىش تېپىش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەپ، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتىكى بېسىمىنى يېنىكلىتىشكە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشتى.

يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان «ئارمان» شىركىتىنىڭ ئەمەلىي كۈچى زورىيىپ، كۆلىمى ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى.

بۇنىڭ بىلەن شىركەتنىڭ ئىختىساس ئىگىلىرىگە بولغان ئېھتىياجى ئاشتى. شىركەت رەھبەرلىكى ھەر قېتىم شىركەتكە يېڭىدىن خىزمەتچى قوبۇل قىلىشتا، ئىش ئورنىدىن قالغانلارغا ئالاھىدە ئېتىبار قىلىشنى تۈزۈملەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ «ئارمان» شىركىتىگە كېلىپ ئۆز رولى ۋە قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇشىغا «يېشىل چىراغ» يېقىپ بەردى. ھازىرغا قەدەر ئارمان شىركىتى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغان ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر، ئىشسىزلار ۋە ئالىي ، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرۈپ ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلار 500دىن ئېشىپ كەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى ئورۇنلاردىن ئىش ئورنىدىن قالغانلار ئومۇمىي ئىشقا ئورۇنلاشقان ئادەمنىڭ %80 تىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى.

«ئارمان» شىركىتى ئالتاي شەھىرى ۋە كۆنەس ناھىيىسىدىكى دۆلەت ئىلكىدىكى ئىككى سۈت پاراشوكى زاۋۇتىنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىشتىمۇ، بۇ زاۋۇتلاردىكى ئىش ئورنىدىن قالغان 200 دىن ئارتۇق ھەر مىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچىنىڭ بىرنىمۇ قويماي شىركەتكە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. «ئارمان» شىركىتى يەنە ئاقتۇ ۋە كۆنەس ناھىيىلىرىدىكى نامرات دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىدە ئوقۇپ تېخىچە خىزمەتكە ئورۇنلىشالمىغان پەرزەنتلىرىدىن 30دىن ئارتۇق ياشنى ئۈرۈمچىگە ئەكىلىپ شىركەتتە ئۆز ئىقتىدارىغا يارىشا ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى. ئۇنىڭدىن باشقا، شىركەت رەھبەرلىكى يەنە ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىزمەتكە ئورۇنلىشىشى قىيىن بولۇش مەسىلىسىگىمۇ ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قاراپ، «ئارمان»تاللا بازىرى، «ئارمان» سۈت مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتلىرىنى ئاساس قىلىپ 300 دىن ئارتۇق قىز ـ ئايالنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى.

نۆۋەتتە ئىقتىدارلىق، جۇشقۇن، ئىرادىلىك ياشلار «ئارمان» شىركىتىدە قايتىدىن ئۆزىگە مۇناسىپ ئورۇن تېپىپ، «ئارمان» شىركىتىنىڭ تايانچ قوشۇنىغا ئايلاندى.

# ISO - 9001 سۈپەت باشقۇرۇش سىستېمىسىنىڭ تەكشۈرۈپ باھالىشىدىن ئۆتكەنلىك تۇغرىسىدىكى ئېلان سۆزى

ئىزچىل تۈردە ئەلا سۈپەت ئارقىلىق ئىناۋەت ۋە نوپۇز تىكلەپ كېلىۋاتقان شىنجاڭ «ئارمان» كەسپىي چەكلىك شىركىتى مەھسۇلات سۈپىتىنى كارخانىنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان بىرىنچى مۇھىم ئامىل دەپ بىلىپ، ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلاتلىرى ئارقىلىق نۆۋەتتىكى كۈچلۈك بازار رىقابىتىدە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەشكە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. شۇڭلاشقىمۇ «ئارمان» شىركىتى تەتقىق قىلىپ ئىشلەپ چىقارغان 100 خىلدىن ئارتۇق ساغلاملىق يېمەكلىكلىرى ۋە كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى خام ئەشياسىنىڭ ساپ ۋە ئېسىللىقى، سۈپىتىنىڭ ئەلالىقى بىلەن مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىشى ھەم ھەر مىللەت ئىستېمالچىلىرىنىڭ ياقتۇرۇشىغا مۇيەسسەر بولۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىستېمالچىلارغا ئۇقتۇرۇش تەۋسىيە قىلىنغان مەھسۇلات، ئاپتونوم رايون بويىچە سۈپىتى ئېتىراپ قىلىنغان مەھسۇلات ۋە جۇڭگونىڭ يېشىل يېمەكلىكى دېگەن شەرەپلەرگە ئېرىشتى. كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغىنى شۇكى، «ئارمان» شىركىتى ۋە «ئارمان» ماركىلىق مەھسۇلاتلار 2003 ـ يىلى 2 ـ ئايدا يەنە بىر قېتىم شان ـ شەرەپ قۇچۇپ، ISO - 9001 خەلقئارالىق سۈپەت باشقۇرۇش سىستېمىسىنى باھالاش كومىتېتى مەخسۇس ئەۋەتكەن مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ قايتا ـ قايتا تەكشۈرۈپ باھالىشىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى خۇسۇسىي كارخانىچىلارغا سۈپەت باشقۇرۇش جەھەتتە ئۈلگە تىكلەپ بەردى.

ISO «خەلقئار ئۆلچەملەشتۈرۈش تەشكىلاتى»نىڭ ئېنگلىزچە نامىنىڭ قىسقارتىلمىسى بولۇپ، بۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئالىي خەلقئارالىق ئۆلچەملەشتۈرۈش تەشكىلاتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. باش شتابى شۋېتسارىيىدە تەسىس قىلىنغان. بۇ تەشكىلاتقا دۇنيا بويىچە ھازىرغىچە 117 دۆلەت ۋە رايون ئەزا بولغان. شىنجاڭ «ئارمان» شىركىتى بۇ تەشكىلاتنىڭ كارخانا ۋە سۈپەت باشقۇرۇش جەھەتتىكى سەككىز چوڭ پرىنسىپىنىڭ تەلىپى بويىچە 2003 ـ يىلى جۇڭگودىكى داڭلىق كارخانىلاردىن بولغان «خەيئېر» گۇرۇھى، «TCL» گۇرۇھى، «كاڭجا گۇرۇھى» قاتارلىق داڭلىق شىركەتلەر بىلەن بىر قاتاردا ISO - 9001 خەلقئارالىق سۈپەت باشقۇرۇش سىستېمىسىنىڭ تەكشۈرۈپ باھالىشىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتتى. بۇ، «ئارمان» شىركىتىنىڭ كارخانا تەرەققىياتىدا يېڭى بىر باسقۇچقا قەدەم قويغانلىقىدىن، بولۇپمۇ ئىلمىي تەدبىر بەلگىلەش، باشقۇرۇشنى ئىلمىيلاشتۇرۇش، سۈپەتنى چىڭ تۇتۇش، ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىلىرىنى خەلقئارا ئۆلچەمگە لايىقلاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىدىن دېرەك بەردى. «ئارمان» شىركىتىنىڭ جۇڭگونىڭ داڭلىق كارخانىلىرى بىلەن بىللە، ISO - 9001 خەلقئارالىق سۈپەت باشقۇرۇش سىستېمىسىنىڭ تەكشۈرۈپ باھالىشىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكەنلىكى «ئارمان» ماركىلىق يۈرۈشلۈك مەھسۇلاتلارنىڭ بارلىق «توساق»لارنى بۆسۈپ، خەلقئارا بازارغا دادىل قەدەم تاشلايدىغان نوپۇزلۇق «يول خېتى»غا ئېرىشكەنلىكىدىن دېرەك بەردى.

MIRAS

# ئاجايىبۇل مەخلۇقات ۋە غارايىبۇل مەۋجۇدات



ھېكايەت قىلىنىشچە، كەيكاۋۇسنىڭ ئوغلى سىياۋۇش ناھايىتى خۇش چىراي، ساھىبقامەت يىگىت ئىدى. ئۇ بىر كۈنى ئاتىسىنىڭ ئۆيىگە بىر ئىش بىلەن كەلدى. ئۆگەي ئانىسى سىياۋۇشقا بىر قاراپلا ئاشىق بىقارار بولدى ۋە سىياۋۇشقا مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئېلىپ قوي، دېدى. سىياۋۇش ئۇنىڭغا:

—سەن ماڭا ئانادۇرسەن، مۇنداق سۆزلەرنى قىلما،—دېدى ۋە ئۆگەي ئانىسىنىڭ چاڭگىلىدىن ئاجراپ قاچتى. ئۇ خوتۇن يامان نىيىتىدىن يانماي سىياۋۇشنى قوغلىدى ـ دە، بوسۇغىغا يۇتلىشىپ يىقىلدى. ئىككى چىشى چۈشۈپ كەتتى. ئېغىز ـ بۇرنى قانىدى. ئۇ خوتۇن ئىككى چىشنى ئېلىپ كەيكاۋۇسنىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە:

—سىياۋۇش ماڭا بىئەدەپلىك قىلىپ يامان نىيەتتە بولدى. ئۇنىمىسام مېنى ئۇرۇپ چىشلىرىمنى تۆكتى،—دېدى. شۇنىڭ بىلەن كەيكاۋۇس غەزەپ كىيىمنى كىيىپ سىياۋۇشنى ئوتقا سېلىشنى ئەمىر قىلدى. سىياۋۇش ھەق سۆز قىلغان بولسىمۇ ئۇ ئايالنىڭ نالە ـ پەريادى ھەق سۆزنى بېسىپ كەتتى. ئوتۇنلارنى تەييارلاپ سىياۋۇشنى ئوتقا كىرىشكە ئەمىر قىلدى. بۇ ۋاقىتتا سىياۋۇش «پەرۋەردىگارىم، مېنىڭ ھالىم ئۆزۈڭگە ئايان، مېنى ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن» دەپ ئوتقا كىردى. ئوتنىڭ ئىچىدە بىر سائەتتەك تۇرۇپ سالامەت چىقتى. ئوتتىن چىقىپ ئېتىغا مىنىپ يارەنلىرىنى ھەمراھ قىلىپ تۇران زېمىنىغا كەتتى. ئۇنىڭ گۇناھسىزلىقى مەلۇم بولدى. قاراپ تۇرغانلار ئوتقا باش ئۇردى.

تەييارلىغۇچى: **مەتتىمىن تۇردى** (خوتەن ۋىلايەتلىك مىللەت دىن، قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدىن)

مۇھەررىرى: **نۇرنىسا باقى**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# ئۇ ھەممىمىزنىڭ گۈزەل ئانىسى

سەلىمە. ئا. كامال



موخورجىرغىلاڭ—ئىلىنىڭ توققۇزتارا ناھىيىسىدىكى گۈزەل تاغلىق رايون. ئۇ يەردە 300 _ 500 يىللىق، ھەتتا 1000 يىللىق قارىغايلار يىل بويى ياشىرىپ تۇرىدۇ.

مەن 1995 _ يىلى شۇ تاغلارغا قىلغان سەپىرىمدە زور بىر تۈپ قارىغاينى توك ھەرە بىلەن كېسىۋاتقانلارنىڭ يېنىدا بولغانىدىم. قارىغاي قىرانىغا يەتكەن ئەركەكتەك بېجىرىم ئىدى. ئۇ شۇنچىلىك ئېگىز ئىدىكى، ئۇچى كۆكنى تېشىپ كىرىپ كەتكەندەكلا كۆرۈنەتتى.

تىيىنلار بالاقازانىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئەڭ بالدۇر سېزىۋالدى، ئالاقزادە بولۇشۇپ گاھ چوڭ، گاھ كىچىك شاخلارغا قېچىپ پاناھلىق ئىزدىشەتتى. مانا ئەمدى ئانا قۇشلارمۇ ئەنسىز سايراپ قارىغاينىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىشقا باشلىدى. بەلكىم ئۇلارنىڭ ئۇزاق يىللىق ماكانلىرى قارىغاينىڭ ئۇچىدىدۇر، بەلكىم تېخى ئۇچۇرۇم قىلىپ ئۈلگۈرمىگەن بەختسىز باللىرى باردۇر...

قارىغاي قاراسلاپ ئۆرۈلگەندە كۆزلىرىمنى يۇمۇۋالدىم، ئۇ ئەمدى ئوتلۇق قۇياشقا قاقلىنالمايدۇ، كېچىلىرى ئاي نۇرىغا چۆمگەن ھەيۋەتلىك قامىتىنى نامايان قىلالمايدۇ. باغرىدا ئۆستۈرۈپ ئۇچۇرما قىلغان قۇش باللىرىنى يوپۇرماقلىرى بىلەن چاۋاك چېلىپ قارشى ئالالمايدۇ.

ئورمانچىلىق مۇتەخەسسىسلىرى يىقىلغان قارىغاينىڭ ئاز دېگەندىمۇ 400 ياشقا كىرگەنلىكىنى جەزىملەشتۈردى. 400 يىلدا تەخمىنەن سەككىز ئاتا ئۆتىدۇ. بۇ زېمىندا پەقەت ئاشۇ قارىغايلارلا سەككىز ئاتا ئۆتكۈچە يۈز بەرگەن نۇرغۇن _ نۇرغۇن ئىشلارنىڭ شاھىدلىرىدىن بولۇپ قالغانىدى.

دادام ئوتتۇرا بويلۇق، قارا قاشلىق، مەخمەلدەك بۇرۇتى بار، 35 ياشلاردىكى ۋاقتلىرىدا مەشرەپلەردە 30 ئوغۇلنىڭ بېشى ئىدى. ئۇ قوزۇقتىكى ئەتىۋارلىق ملتىقنى ئېلىپ ئاۋۋال ئىت كاتىكىنىڭ ئىشكىنى ئېچىپ «تايغان»نى چىقىراتتى. ئاندىن ئېغىلدىن چىلانتورۇقنى يېتىلەپ چىقاتتى _ دە، كەڭ لەمپە ئاستىدىكى قونداقتا بېشىنى ئۇيان _ بۇيانغا تېز _ تېز بۇراپ، ھوشيار كۆزلىرىنى ئەتراپقا تىكىپ ئولتۇرغان قارىچۇغىنىڭ يېنىغا كېلەتتى. ئۇ جەينىكىگىچە يېپىپ تۇرغان ئالاھىدە تىككۈزگەن خۇرۇم پەلىيىنى كىيگەن قولىنى ئالدىغا سوزۇپ، «گەھ!» دېيىشى بىلەن قارىچۇغا قاناتلىرىنى كېرىپ



ئۆچقان پېتى ئۇنىڭ قولىغا قوناتتى. دادام ئۇنىڭ بېشىغا مەخسۇس تىكىلگەن، كۆزىگىچە بېسىپ تۇرىدىغان خۇرۇم بۆكنى كىيگۈزۈپ بولۇپلا سەكرەپ ئاتقا مىنەتتى. دادام ئات ئۈستىدە مىختەك ئولتۇرۇپ، خۇرۇم تاسمىلاردىن نەپىس قىلىپ ئۆرۈلگەن، دەستىسى چىلاندەك قىزارغان قامچىسىنى كۆتۈرەتتى:

—چۇھ!

مەن شۇنىڭغىچە چىداپ تۇرغىنىم بىلەن ئاتقا قامچا چۈشكەندە چىدىيالمايتتىم:

—مەنمۇ بارىمەن، مېنى ئېلىۋال، دا... دا! مەن ھويلىنى بېشىمغا كىيىپ يىغلايتتىم.

دادام ئۇۋچى دوستلىرى بىلەن تاغدا ئۇۋ ئۇۋلاپ، بىزگە ياۋا توشقان، ئۇلا گۆشى ئېلىپ كەلگەن بىر كۈنى مەن چىلانتورۇقنىڭ تۇياقلىرىنىڭ قىپقىزىل قانغا بويالغانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم ـ دە، ھودۇقۇپ دادامنىڭ يېنىغا يۈگۈردۈم:

—دادا، دادا، چىلانتورۇقنىڭ پۇتلىرى قاناپ كېتىپتۇ.

دادام مەن بىلەن ئېغىلغا يۈگۈردى، ئۇ ئاتنىڭ پۇتلىرىغا بىر قاراپلا كۈلۈپ كەتتى:

—بالام، ئۇ قان ئەمەس، ئەتراپىمىزدىكى تاغلارنىڭ ھەممىسى تۇرلۇك ـ تۈمەن گۈللەرگە، قۇش ـ ھايۋانلارغا، ھاشارات، قۇرت ـ قوڭغۇزلارغا ھەمدە ئۇلار ئۈچۈن ئاللاھ ئىنئام قىلغان تۈمەن خىل يېمەكلىكلەرگە تولغان بەرىكەتلىك ماكان. بىز ئۇۋ ئۇۋلاپ بىر تاغدىن يەنە بىر تاغقا ئاشقىچە يەر بېغىرلاپ ئۆسۈپ پىشىپ ياتقان بۆلجۈرگەن، قاراقاتلاردىن ئۆتىمىز. دەسسەلگەن مېۋە شىرنىلىرى ئاتنىڭ تۇياقلىرىغا قاندەك ئويۇپ قاپتۇ.

—بۆلجۈرگەنلەرنى ئاتقا دەسسەتمىسەڭ بولمامدۇ؟

—ئۇۋچى دېگەن تاغدا يول ئىزدەپ يۈرمەيدۇ بالام، يول بويىدا ئۇۋ بولمايدۇ، تاغلارنىڭ ھەممىسى مېۋىزارلىق، ئامالسىز قالىسەن.

—ماڭا تاغ مېۋىلىرىدىن ئالغاچ كەلسەڭ بولمامدۇ؟

—ماقۇل بالام. ساڭا بۆلجۈرگەن تېرىپ كېلەي.

دادام ۋەدىسىدە تۇردى. كېيىنكى قېتىم ئۇۋدىن قايتقاندا ياش تال نوتىلىرىدىن ئەپچىل قىلىپ ئۆزى توقۇغان كىچىك سېۋەتتە لىققىدە بۆلجۈرگەن، قاراقات تېرىپ كەلگەنىدى.

شۇ چاغدا دادام ماڭا:

— بالام، ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ رىزقى ـ نېسىۋىسىنى ناھايىتى ئەلۋەك ياراتتى. ئىنسانلارغا يەنە بېقىپ ـ كۆپەيتىپ يېسۇن، دەپ كالا ـ قويلارنى، ئېتىزلىقتا بۇغداي ـ قوناقنى، ھەر خىل مېۋە ـ چېۋە، كۆكتاتلارنى ياراتتى. ئادەملەرگە ھەم ئەقىل، ھەم كۈچ بەردى. ئادەملەر ئەقىل ئىشلىتىپ، ئەمگەك قىلسىلا، ئوزۇقلۇق مەنبەلىرىنى ئۈزۈلدۈرمەي تولۇقلىيالايدۇ، تاغلاردىكى يەنە نۇرغۇن نېمەتلەرنى، ئوت ـ چۆپلەر، دەل ـ دەرەخلەرنى ھايۋاناتلار، ئۇچار قۇشلار، بارلىق جان ـ جانىۋارلار ئۈچۈن ياراتتى. شۇڭا ئۇلار تەبىئەتكە تايىنىپ ياشايدۇ. تەبىئەتتىكى تەييار يېمەكلىكلەر بولمىسا، «ھايۋاناتلار دۇلتى» ھالاك بولىدۇ، قۇشلار، ھاشاراتلار بولمىسا، جاھان گۈلىستانلىقتا ئايلىنىدۇ، مانا شۇنداق بالام!

كېيىن دادام ئىلى دەرياسى بويىدىكى بېغىمىزغا تاغدىن بۆلجۈرگەن، قاراقات كۆچەتلىرىنى ئېلىپ كەلگەنىدى. قىپقىزىل بۆلجۈرگەن، مۆلدۈرلەپ پىشىپ كەتكەن قاراقاتلارنى باغدا كۆرۈپ تاماشا قىلىشىمۇ بەك ھۇزۇرلۇق

ئىدى.

موخۇرجىرغىلاڭدىكى كېسىلگەن قارىغايغا تۇتقان هازام سوۋۇماي تۇرۇپلا دادام ۋە دادام ئارقىلىق تونۇغان بۆلجۈرگەن، قاراقاتلار ئەنە شۇنداق ئېسىمگە كېلىپ قالدى. مەن تاغنىڭ چوققىسىدىنمۇ، چاقاق ئوت قاپلاپ كەتكەن يانباغىرلاردىنمۇ ئۇلارنى ئىزدىدىم. ئەمما ناهايىتى ئاز ئۇچراتتىم. بەزى تاغلار، يانباغىرلاردا پەقەتلا تاپالمىدىم. مەيدان باشلىقى سۇلتان ئاكىغا «قانغا بويالغان تۇياق» هېكايىسىنى سۆزلەپ بەردىم.

ـــ ھەقىقەتەن شۇنداق ئىدى،ـــ دېدى ئۇ،ـــ ئەمما هازىر ياز كىرىشى بىلەنلا بۇ تاغلارغا سامساقگۇل (بەي مو)، ياۋا ئۆرۈك، ئالما يىغىدىغانلار يېغىپ كېتىدۇ. ئاندىن چالا پىشقان بۆلجۈرگەن، قاراقاتلارغا هۇجۇم باشلىنىدۇ.

ئۇ شۇنداق دېگەچ تاغ ئۈستىدىمۇ، يول بويىدىمۇ كۆپ ئۇچرايدىغان ئادەم بويى ئۆسكەن تىكەنلىك، مېۋىسى قاپقارا، سەل سوزۇنچاق ئۆسۈملۈكنى كۆرسەتتى. مەن ئۇنىڭ مېۋىسىدىن ئېلىپ بىر تالنى ئاغزىمغا سالدىم ـ دە، دەرهال تۈكۈردۈم. ئۇ بەك قېرىق ئىدى.

سۇلتان ئاكا كۈلۈپ كەتتى:

ـــ ئۇنى «تۆگە يېمى» دەيمىز. سىزگە تېتىمىغىنى بىلەن ئۇنىڭ ئىگىسى بار. قاراڭ!

مەن ئۇ كۆرسەتكەن جايغاـــ«تۆگە يېمى»نىڭ تۆۋىگە قارىدىم: ئۇ يەردە ئۇششاق جاندارلار خۇددى زىياپەتكە كەلگەندەك ئاشۇ قاپقارا مېۋىلەرنىڭ يەرگە تۆكۈلگەنلىرىنى يەپ قورساق تويغۇزۇشۇۋاتقانىكەن.

شىمالىي شىنجاڭ تاغلىرىنىڭ هەر گېكتارىدىكى قارىغاينىڭ زىچلىقى 320 كۇب مېتىرغا يېتىدىغانلىقىنى، دۇنياغا مەشھۇر فىنلاندىيە، شۋېتسىيە تاغلىرىدىكى قارىغايلارنىڭ گېكتاردىكى زىچلىقى 300 كۇب مېتىر ئىكەنلىكىنى، چوڭ هىنگان تاغلىرىنىڭ بولسا 200 كۇب مېتىر ئەتراپىدا ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم.

ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپ، يەنى 1997 ـ يىلى ئاۋستىرالىيىگە ئۇچتۇم. ئايروپىلان كۇتۇش ئۆيىدە يۇرتداشلار تويىغا سىگىپ كەتتىم، قۇچاقلىرىم گۈللەرگە تولدى. مەن ئۇلارغا ۋەتەن هىدىنى ئېلىپ كەلگەنىدىم!

ئاۋستىرالىيىدە دەسلەپكى بىر نەچچە كۈننى ئۆتكۈز-



گەندىن كېيىن، ئەتراپىمدىكى نۇرغۇن ئىشلارنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدىكىدىن ئۆزگىچە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشقا باشلىدىم: ئەتىرگۈل ھەممە ئائىلىلەر ئۈچۈن مۇقەددەس ھېسابلانسا كېرەك، ئاق، ھال، قىزىل ئەتىرگۈللەر ھەرقانداق ئۆينىڭ ئالدىدا ھۆپپىدە ئېچىلىپلا تۇراتتى. ئېگىزلىكى ئون سانتىمېتىرچە كېلىدىغان (مەن نامىنى بىلمەيدىغان) گۈلدىن تارتىپ غولىنىڭ دىئامېتىرىغا بىر نەچچە ئادەمنىڭ غولىچى يەتمىگۈدەك دەرىجىدە چوڭىيىپ كەتكەن پىكوس دەرىخىغىچە (پىكوسنى بىز مېھمانسارايلاردا، ئۆيلەردە، قاچىدا ئۆستۈرىمىز) سانجاق ـ سانجاق گۈل ئېچىلىپ تۇرغانىدى. تېخىمۇ ھەيران قالارلىقى، كوچىدا، ھويلىدا، يول بويىدا ئۆرۈك، شاپتۇل، لىمونلار... پىشىپ تۆكۈلۈپ ياتاتتى. مەن: كىشىلەرنىڭ ۋاقتى قىس بولسا كېرەك، يىغىۋېلىشقا ئۈلگۈرەلمەيدىكەن، دەپ ئويلىدىم.

ھەپتە، ئون كۈنمۇ ئۆتتى. يەنە قارىسام، مېۋىلەر يەردە «قىغ» بولۇپ يېتىۋەردى. ئاخىرى تاقەت قىلالمىدىم:

—ئۇكام، ماۋۇ قوشنىلار ئالدىراش ئوخشىمامدۇ، مېۋىلىرىنى يىغمايدىكەن، بەك زايە بولۇپ كەتتى.

ئۇ كۈلۈپ كەتتى.

— ئاۋستىرالىيىدە ھويلا ـ ئارامدىكى، كوچىلاردىكى مېۋىلەرنى پەرۋىش قىلىدىغانلار كۆپ، يەيدىغان ئادەم يوق!

بۇ يەردە قۇشلار، قۇرت ـ قوڭغۇزلارنىڭ ھەممىسى ئەتىۋارلىنىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئەمگەك قىلىپ پۇل تېپىشى، پۇلىغا خالىغان يېمەكلىك ئىستېمال قىلىش ئىقتىدارى بار. بىزنىڭ بۇ گۈزەل قۇشلىرىمىز، قۇرت ـ قوڭغۇزلىرىمىز تەبىئەتنىڭ بېزىكى، ھويلا ـ ئاراملاردىكى مېۋىلەر ئۇلارنىڭ رىزقى بولۇشى كېرەك، دەپ قارايدۇ. گەرچە دۆلەت بىرەر قانۇندا بۇ چاقىرىقنى قاتتىق ئوتتۇرىغا قويمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئادەملەردە ئاڭلىق ئىشقا، بۇزغىلى بولمايدىغان ئەنئەنىگە ئايلىنىپ كەتكەن...

مۇنداق ئېسىل ئاڭنىڭ ناھايىتى بۇرۇنلا بىزدىمۇ بولغانلىقىدىن پەخىرلەندىم، ئەمما ھازىر قۇشلارنىڭ رىزقىنى ئاسراش ئەمەس، بۇلاش ـ تالاش ئەۋج ئالدى، بىزدىكى مۇھىت ئېڭى زادى نەگە كەتكەندۇ؟...

سىڭلىم يەنە: — ئاۋستىرالىيىلىكلەر يەنە بۇ مېۋىلىك دەرەخلەرنى خۇددى گۈللەرگە ئوخشاشلا زىننەت ئۈسۈملۈكى، ئۇ چېچەكلىگەندە ھەر بىر تۈپى يوغان بىر قاچا گۈلگە ئوخشاپ قالىدۇ، مېۋىلىگەندە بولسا، تېخىمۇ كۆركەملىشىدۇ، دەپ ھەۋەس قىلىشىدۇ—دېدى.

ئىلى باغلىرى، ئىلى ھويلا ـ ئاراملىرى، يېزىلاردىكى پاكار تاملاردىن ئارتىلىپ پىشىپ مەي باغلىغان ئاشۇ «جەننەتنىڭ مېۋىلىرى» يەنە يادىمغا كەلدى: ئەلۋەتتە كۆلەملەشكەن باغلار، خىلمۇخىل مېۋىلەر مولچىلىق ياغدۇرۇپ تۇرۇپتۇ. باغلارنىڭ ئىگىلىرى مېۋىلەرنى قۇشلارنىڭ چوقۇلاپ كېتىشىدىن قوغداش ئۈچۈن قارانچۇقلارنى ياسايدۇ، ھاشاراتلارنى يوقىتىش ئۈچۈن دورا چاچىدۇ... كۆلەملەشكەن باغلاردا بۇ زۆرۈر تەدبىر، ئەلۋەتتە.

ئىلى يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ ئالدىدىن ئىلى دەرياسىغا چۈشىدىغان كەڭرى ئاسفالت يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا زىننەت ئۈچۈن تىكىلگەن ئالما، ئۆرۈك، ئالگىرات كۆچەتلىرى ئەتىيازدا ئاپئاق چېچەكلىرى، خۇشبۇي ھىدى بىلەن كىشىلەرگە ھۇزۇر بېرىدىغان، چوڭ يولنىڭ ھۆسنىگە جەننەت ھۆسنىنى قوشىدىغان بولسىمۇ، ئەمما چېچەك تۆكۈلۈپ مېۋىسى تۈگمىدەك بولغاندىن باشلاپلا، تالان ـ تاراج قىلىنىشقا باشلايدۇ. ئۇلار كۈزنى—مېۋىلىرىنىڭ قىيامىغا يېتىپ پىشىدىغان كۈننى شاخلىرى سۇندۇرۇلغان، يوپۇرماقلىرى تۆكۈلگەن قىياپەتتە كۈتۈۋاتىدۇ. مېۋىلەرنى غورا ھالىتىدە بۇلاپ يېگۈچىلەر بەربىر قانمىغان، مېۋە چوقۇلاپ قورساق تويغۇزىدىغان، بالىسىنى باقىدىغان بىچارە قۇشلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاچلىقتىن ئۆلگەن، ئامان قالغانلىرى نىمجان...

مەن خىيال بىلەن مەھەللىنى ئارىلىدىم: قوشنىنىڭ بىر تۈپ شاپتۇلىسى ئۆينىڭ ئالدىدىلا ئىدى. ئۆي يانباغىرغا سېلىنغاچقا، پىشقان شاپتۇللار دۇملاپ چوڭ يول بويىغىچە چۈشۈپتۇ. مەن ئولتۇرۇپ يەردىكى شاپتۇللارغا زەن سالدىم. ھەقىقەتەن قۇشلارنىڭ ئۇزۇن تۇمشۇقى بىلەن چوقۇلاپ كولىغان «قۇدۇق»لىرى، قۇرت ـ قوڭغۇزلارنىڭ غاجاپ يېگەن ئىزلىرى ھەر بىر شاپتۇلدا بار ئىدى. يەنە نۇرغۇنلىرى ھەدەپ شاپتۇل يېيىشىۋېتىپتۇ.

ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، مەن ئىلگىرى ئۇرۇمچىدە مەن بىللە خىزمەت قىلغان، ئاۋستىرالىيىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغىنىغىمۇ 20 يىلچە بولغان خىزمەتدىشىمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ قونۇپ قالدىم. ئەتىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



سەھەردە ئادىتىم بويىچە ئورنۇمدىن تۇرۇپ يۈگۈ-رۈشكە تەرەددۇتلەندىم. خىزمەتدىشىممۇ مەن بىلەن بىللە يۈگۈرمەكچى بولدى. بىز بىرلىكتە ئون مىنۇتچە يۈگۈرۈپ ئوتتۇرىسىدا ياۋا غاز - ئۆردەكلەر ئۈزۈپ يۈرگەن كىچىكرەك كۆل بار ياپيېشىل چىملىققا چىقىپ قالدۇق. كۆلنى ئايلىنىپ يۈ-گۈرۈپ بولغاندىن كېيىن دەم ئالدۇق.

— بۆلجۈرگەن يەپ كېتەيلى، — دېدى خىزمەتدى-شىم تۇيۇقسىزلا، مەن ھەيران بولۇپ:

— بۇ تاغ بولمىسا، قانداقچە بىر يېگۈدەك ئىگىسىز بۆلجۈرگەنلەر بولسۇن.

— يۈرۈڭ، — دېدى ئۇ، — ھازىرلا يېتىپ بارىمىز.

بىز يەنە ئۈچ مىنۇتچە يۈگۈرۈپ قويۇق بۆلجۈر-گەنلەر چىرمىشىپ ئۆسۈپ، بۆلجۈرگەن «تېمى» پەيدا قىلغان بىر چاتقاللىققا چىقىپ قالدۇق. كۆز ئالدىمدا ئە-شەنگۈسىز بىر مەنزىرە ئېچىلدى: قىزىل، قارا بۆلدۈر-گەنلەر، ياۋا قارا ئۆرۈكلەر مۆلجۈرلەپ پىشىپ كەتكەن، توپ - توپ قۇشلار يايراپ كەتكەن...

دادام مېنگەن چىلانتورۇقنىڭ «قانغا بويالغان» تۇ-ياقلىرى مۇشۇنداق بۆلجۈرگەنلىكتىن ئۆتكەنىكەن - دە! ئەجەب بىزدە ئەسلىمىلەرلا قالدى، بۇ يەردە بولسا تاغدا ئەمەس، شەھەردىمۇ ئىگىسىز مېۋىزارلىق، قۇشلار، جان-دارلار ئۇچۇن ساقلىنىۋېتىپتۇ. بۇنى «ئاۋىستراليىنىڭ جۇغراپىيىلىك مۇھىتى، شارائىتى ياخشى بولغاچقا» دې-گەندىن كۆرە، «خەلقى قۇشلار، جاندارلاردىن يېمەكلىك تالاشمىغاچقا» دېگەن توغرىدەك قىلدۇ.

ئاۋىستراليىنى كىشلەرنىڭ باي - باياشاتلىقى، زېمە-نىنىڭ كەڭلىكى، بولۇپمۇ مېنىڭ ئازابلىق كۆز ياشلىرىمنى دولقۇنلىرىغا سىڭدۈرۈپ كەتكەن تىلسىملىق ئاشۇ دېڭە-زى بىلەن جەننەتنىڭ يەنە بىر قىسمى دېيىشكە بولاتتى. پەرق شۇ ئىدىكى، ئۇلار ئىككى قولى، يۇرت سۆيگۈسى



بىلەن جەننەتنىڭ كەم جايلى-رىنى تولۇقلىغان، بارىنى ئاس-رىغان.

ئاۋىستراليىگە شىنجاڭدىن ئەڭ دەسلەپ كۆچۈپ بارغان-لار رۇسلار ئىدى. كېيىنچە تاتار، ئۇيغۇر، ئۆزبېكلەرمۇ كۆچكەن. ھازىر پەقەت ئاد-لايدې شەھرىدىلا 150 چە شىنجاڭلىقلار ئائىلىسى (پە-قەت ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار-نىلا دېمەكچىمەن) بار ئىكەن. يەنە مېلبورن، سىدنىيلاردىمۇ 200 چە ئائىلە ياشايدىكەن.

مەن يۇقىرىدا سانالغان شەھەرلەردە ۋە ئاۋىستراليىنىڭ پايتەختى كەنبېررادا، داڭلىق مەنزىرە ساياھەت رايونى مانگانىيىدا بولدۇم، دەل - دەرەخ، كۆل - گىياھ شۇنچە كۆپ بولغان ئاۋىس-ترالىيىدە قارىغاينى كۆپ ئىزدىدىم. مانگانىيىغا قىلغان سە-پىرىمدە تۇزلەڭلىكتىكى قارىغايغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل دەرەخنى كۆرۈپ قالدىم.

— ئۇ ئاۋىستراليىنىڭ «قارىغىيى»، — دېدى ھەم-راھلىرىم، — بىناكارلىق ئېھتىياجى ئۇچۇن كۆپەيتىپ ئۆس-تۈرۈلىدۇ. بەش - ئالتە يىلدىلا كېسىمگە يارايدۇ.

ئاۋىستراليىدە ھەيۋەتلىك قارىغايلىق تاغلار يوق، پايانسىز چۆللۈكلىرىدە (ئاۋىستراليىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى پۈتۈنلەي چۆللۈك) «كۆكلەپ 1000 يىل، يىقىلىپ 1000 يىل، قاغجىراپ 1000 يىل» ياشىيالايدىغان قەيسەر توغ-راقلار تېخىمۇ يوق، يۇرتۇمىزدىكىدەك يەر باغرىنى چىڭ قۇچاقلاپ، ھال رەڭ چېچەكلىرى بىلەن قەھرىمان ئەج-دادلىرىمىزنىڭ بېشىغا سايىۋەن بولۇپ، ئەسىرلەرنى ئۆت-كۈزگەن يۇلغۇنلار تېخىمۇ يوق!

ئاۋىستراليىلىكلەر ھەر بىر تۈپ گىياھنى، ھەر بىر غېرىچ زېمىننى، تەبىئەتنى ئاسرايدىغان ئاڭنى ساقلىدى، يۇرتۇمدا بىز مۇھىت ئاسراش ئېڭىمىز، تەبىئەت مىراس-لىرىمىزنى ئاسراش ئېڭىمىزدىن بارغانسېرى يىراقلىشىۋا-تاتتۇق، ۋاز كېچىۋاتاتتۇق.

قارىغايلىرىمىز، تاغلىرىمىز، قۇشلىرىمىز تۈگەپ كې-تەرمۇ؟...

بىز باراۋەت قىلماقچى بولۇپ شەھەردىن 160 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جايغا ماڭدۇق. سەھەر يولغا چىققىنىمىز بىلەن كوچىلاردا كىشىلەر كۆپ ئىدى. ئادەتتە پىيادە ئادەم بەك ئاز كۆرۈنىدىغان بۇ شەھەردە، ئادەملەر ئوخشاش ئۆلچەمدىكى يېشىل، ئاق خالتىلارنى كۆتۈرۈشكەن، قېرىلار، ئوتتۇرا ياشلىقلار، ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ھەممىسى بىر قولىدا خالتا تۇتۇپ، بىر قولىدا ئۆچرىغان بىر تال تاماكا قالدۇقىدىن تارتىپ، كوكاكولا قۇتىسىغىچە تېرىپ خالتىغا سالاتتى. بەزىلەر خېلى مېڭىپمۇ بىرەر نەرسىگە ئېرىشەلمەيتتى (چۈنكى ئەخلەت ئەسلىدىنمۇ ئاز ئەدى). ئەمما، ئۇلار يەنىلا دەرەخ تۈۋى، چىملىقلار، يول بويلىرىنى ئەستايىدىل ئىزدەشتۈرەتتى.

— بۈگۈن ئاۋستىرالىيىنىڭ «زېمىننى تازىلاش كۈنى»— دېدى سىڭلىم مېنىڭ بۇ ئىشقا قىزىقىۋاتقانلىقىمنى بايقاپ، — ھەر يىلى 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ يەكشەنبىسى ھەممە كىشى تازىلىققا چىقىدۇ. بۇمۇ ئەنئەنىگە ئايلىنىپ كەتكەن، كىشىلەر بۇ كۈننى بايرامنى كۈتكەندەك كۈتۈۋالىدۇ.

ئاۋستىرالىيە دۆلەت بانكىلىرى ھەر يىلى مۇشۇ كۈنگە ئۆلگۈرتۈپ خالىس تەييارلىغان ئۆلچەملىك ئەخلەت خالتىلىرىنى بارلىق رايونلار، تار كوچىلارغىچە ئۆزلىرى تەخلەپ قويۇشىدۇ.

ئۇلارنىڭ ئۆيىنى، ھويلىسىنى، ئىشخانىسىنىلا ئەمەس، دالىلار، كوچىلار، يوللارنى تازىلاشقا مۇنداق قوزغالغانلىقىنى كۆرۈپ، كىچىكىمدە مەھەللىمىزنى، كوچىمىزنى، شەھىرىمىزنى مىننەتسىز تازىلايدىغان بوۋىلىرىم ـ مومىلىرىم، ئاپىلىرىم، ھەدىلىرىم... ئېسىمگە چۈشتى...

بىزنىڭ مەھەللىلەر ئاجايىپ ئىدى. ئەتىياز كېلىشى بىلەن كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يېيىلىپ ئاقىدىغان چوڭ بىر ئۆستەڭ سۈدا غاز ـ ئۆردەكلەر گىدىيىپ قاناتلىرىنى قاقاتتى. خانىم ـ قىزلار ھەر سەھەردە خۇددى بىرەر قوماندان بۇيرۇق بەرگەندەك ئاۋۋال ئىشىك ئالدىنى، كوچىلارنى، ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ ھويلىسىنى سۈپۈرۈپ، سۇ چاچاتتى. گەرچە «كۆچمە قىزىلبايراق» بولمىسىمۇ، ھەر كىم ئەڭ ئاخىرقى بىر تال يوپۇرماق، تاش ـ داڭگالغىچە تېرىپ چىنىدەك قىلىۋېتەتتى. ھەر ئەتىيازدا چوقۇم ئۆي، ھويلا ـ ئارام، كوچىنى ئاقارتىش قانۇنغا ئايلىنىپ كەتكەن بۇ مەھەللىدە خانىم ـ قىزلار داس ـ چېلەكلەردە ھاكلارنى كۆتۈرۈشۈپ چىقىپ، ئۈجمە، قارىياغاچ، ئاق تېرەك،



سۆگەت كۆچەتلىرىنى، دەرەخلەرنى تالىشىپ يۈرۈپ يېرىم بېلىگىچە ئاقارتىپ قوياتتى. قىزلار ئۆز قوللىرى بىلەن گۈل چەككەن ئاپئاق، قىسقا پەردىلەر تارتىلغان دېرىزىلەرنى سۈرتۈپ ۋاللىدىتىپ كوچا تەرەپكە ئېچىۋەتكەندىن كېيىنلا ئاندىن خاتىرجەم بولۇشاتتى. سەپسېلىپ تۇرسىڭىز يوللارغا بىرەر تال خىش ـ كېسەك، ئوتۇن دېگەندەك نەرسىلەر چۈشۈپ قالسا، مۈكچىيىپ كەتكەن بوۋاي ـ مومايلاردىن تارتىپ كىچىك باللارغىچە ئۇنى ئېرىنمەي يولدىن ئېلىۋېتىپ، ئاندىن ماڭاتتى... شەھەرلىكلەر يەنە نۇرغۇن ـ نۇرغۇن ئىشلارنى — تازىلىقنى، ئەدەپ ـ قائىدىنى، كوچا تەرتىپلىرىنى ئەنە شۇنداق ساقلايتتى. غۇلجا شەھىرىنىڭ باشقا كوچىلىرىدىمۇ ھېچقاچان سېسىپ تۇرغان ئەخلەت دۆۋىلىرى بولمايتتى.

ئارام كۈنلىرىدە جىرغىلاڭدا، ئىلى دەرياسى بويىدا، زەيمىكدا باراۋەت قىزىپ كېتەتتى.

دەم ئېلىش كۈنى ھارپىسىدا ئاپام بىزنى بىر ـ بىرلەپ يۇيۇندۇرۇپ، چاچلىرىمىزنى دادام ئەكېلىپ بەرگەن يېلىم بىلەن چىڭگىدە ئۆرۈپ چىقاتتى. ئەتىسى ناشتىدىن كېيىن دادامنىڭ ئېغىلدىن چىلانتورۇقنى يېتىلەپ چىقىپ، چىرايلىق خادىك ھارۋىمىزغا قېتىشنى كۈتۈپ تۇرۇشاتتۇق، دادام 36 دانە كىچىك مىس قوڭغۇراق ئايلاندۇرۇپ ئورنىتىلغان خورۇم چەمبەرنى ئاتنىڭ بوينىغا ئاسقاندىن كېيىن خادىكقا يۈگۈرەيتتۇق.

دەرەخلەر «چوكان» بولغان باھار كۈنلىرى ئىدى.

يۇمران جىگدە چېچەكلىرىنىڭ پۇرىقى گۇپۇلدەپ تۇراتتى.

بىز نۇرغۇن ئېقىنلار تارام ــ تارام يېيىلىپ ئەگىپ ئاققىدىغان بىر پارچە قۇرغاق يەرنى تېپىپ داستىخان يايدۇق. ئاپام ساماۋارغا سۇپسۇزۇك سۇدىن ئېلىپ قۇيدى. بىز ئوتۇن تېرىپ كەتتۇق. دادام بىلەن كىچىك دادام پاقالاننى سويۇپ قازانغا سېلىپ بولغۇچە بىز ساماۋارنى پورۇقلىتىۋەتتۇق. ئاندىن كېيىن، داستىخانغا جەم بولۇپ، پېتىر توقاچ، بوغۇرساق، قەنت ــ گېزەكلەر بىلەن چاي ئىچىش ھەممىدىن ھۇزۇرلۇق بولدى. كۈن يېيىلغۇچە باراۋەتچىلەر كۆپىيىپلا كەتتى. ھەممە جاي دۇتار ــ تەمبۇرنىڭ، ئىسكىرىپكا ــ نەينىڭ، مەشرەپ ناخشىچىلىرى، قىزىقچىلىرىنىڭ ساداسىغا تولدى. كىچىكلەر بىردەم ئۇ بىر توپقا، بىر دەم يەنە بىر سورۇنغا بېرىپ ناخشا، لەتىپە ئاڭلاپ چېپىپ يۈردۇق. چۈشتە پاقالان شورپىسىنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، دادام يىغلىپ ئاقىدىغان چوڭقۇرراق ئېقىنغا قارماق تاشلىدى. بىز ئۈنىمىزنى چىقارماي دادامنىڭ يېنىدا ئولتۇردۇق. ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي، قارماقنىڭ يىپى تارتىلىشقا باشلىدى. دادام قارماقنى سىلكىپ تارتىۋالدى، يوغان بىر بېلىق پىلتىڭلاپ چىقتى.

ــ بۇنى سىلەرگە بېلىق كاۋىپى قىلىپ بېرەي، ــ دېدى دادام.

كۈن غەربكە ئۆتۈپ، زېمىننى قىزىل نۇر باسقاندا كاۋىپىمىز پىشتى.

قايتىشتىن ئاۋۋال دادام قوينىڭ سۆڭەكلىرىنى، كۆكتات، مېۋىلەرنىڭ شۆپەكلىرىنى يىغىشقا باشلىدى.

ــ دادا، ئۇلارنى نېمە قىلىسەن؟

ــ ئاۋۇ قىرى جىگدىنىڭ تۈۋىنى كولاپ قويدۇم، شۇ يەرگە كۆمىمەن.

ــ نېمىشقا؟

ــ ئەتىگەن بىز كەلگەندە بۇ يەر پاكىز ئىدى، شۇنداقمۇ؟

ــ ھەئە.

ــ دەرەخنىڭ تۈۋىگە كۆمۈۋەتسەك، ھەم دەرەخنى ئوغۇتلىغان بولىمىز، ھەم جىرغىلاڭدا مەڭگۈ باراۋەت قىلالايمىز، مانا شۇنداق بالام!

ئەتراپتىن پاقىلارنىڭ كوركىراشلىرى ئۈزۈلمەس سىمفونىيىدەك ياڭراپ تۇراتتى. ئۇنىڭغا يالغۇز كاككۇكنىڭ ئاۋازى جور بولاتتى. سەلكىن تاغ شامىلى ياۋا گۈللەر، كۆكتاتلارنىڭ پۇرىقىنى دىماققا ئۇراتتى.

ئاۋسترالىيىدىمۇ خۇددى 40 يىل ئاۋۋال دادام بىلەن ئاپام جىرغىلاڭدا بىز ئۈچۈن داستىخان يايغاندەك داستىخان يايدۇق. تاماقتىن كېيىن مەن پاكىز، يۇمشاق چىملىقتىن مېڭىپ، پاكىز، يۇمشاق قۇملۇققا ــ دېڭىز ساھىلىغا چۈشتۈم. شامال خېلى كۈچلۈك بولغاچقا، دېڭىزمۇ شاۋقۇنلۇق ئىدى. ساياھەتچىلەر دان بېرىپ ئۆگىتىپ قويغان بېلىق ئالغۇچىلار توپ ــ توپ بولۇپ، باش ئۈستۈمدىن ئەگىشكە باشلىدى. بەزىلىرى يورغىلاپ ماڭا قاراپ كېلىشكە باشلىدى. مەن داستىخاندىن ئۇلار ئۈچۈن ئېلىۋالغان پىششىق قوناقنى ئۇۋۇتۇپ تاشلىدىم.

بىز قەدىمكى ئۇسلۇبتا ياسالغان ئىككى قەۋەتلىك ھارۋىغا چۈشۈپ دېڭىزغا سىلىنغان كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ كىچىك ئارالغا باردۇق. دېڭىز يۈزىدىن خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان بۇ ئارالدا ئوت ــ چۆپلەر قويۇق ئۆسكەن، نەچچە ئون يىللىق دەل ــ دەرەخ، قۇشلار... كۆپ ئىدى. ئارالدىكى ئەڭ ئېگىز قورام تاش دېڭىزنىڭ ھەيۋىتىنى نامايان قىلىدىغان «سېپىل»دەك مەزمۇت ئىدى. شامالدا قورام تاشقا زەرب بىلەن ئۇرۇلغان سۇ دېڭىزدىن 30 ــ 40 مېتىرچە كۆتۈرۈلۈپ ئەتراپقا مارجاندەك چېچىلاتتى.

مەن ئەڭ چوڭ، ئەڭ ئېگىز، دېڭىزغا ئەڭ يېقىن قورام تاشنىڭ ئارىلىرىدا خۇددى تىزىپ قويغاندەك ئولتۇرۇشقان پىنگۋىنلارغا يېقىن باردىم. ئۇلار مىدىر قىلمىدى، قولۇمنى سوزۇۋىدىم، ھەممىسى تاشنىڭ ئارىلىرىغا يوشۇرۇندى. شۇ ئەسنادا قورام تاشقا ئۇرۇلغان غايەت زور دولقۇن سۇ مارجانلىرىنى ئايىماي تۆكۈۋەتتى، ئۈستىۋېشىم چىلىققىدە سۇ بولۇپ كەتتى.

چۈشتىن كېيىن ھاۋا ئېچىلدى. ئاتا ــ ئانىسى، سۆيگىنى، دوستلىرى بىلەن قىرغاقلاردا ئايلىنىپ يۈرگەن ساياھەتچىلەر دېڭىزغا تاشلاندى. ئۇلار يېمەكلىك، ئىچىملىكلىرىنى يەشكەلەپ قىرغاققا توختىتىۋېلىپ، چۆمۈلۈپ چىقىپ قورساق تويغۇزۇشۇپ، يەنە سۇغا چۈشەتتى، يەنە بىرەر ــ يېرىم سائەتلەردىن كېيىن داستىخانلىرىنى يايااتتى.

قايتىشىمىزدىكى مەنزىرە مېنى ھەيران قالدۇردى. خۇددى بۇ ساھىلغا بۈگۈن بىزدىن باشقا ئادەم كەلمىگەندەك قۇمغا پاتقان چوڭ ــ كىچىك ئاياغ ئىزلىرىدىن باشقا ھېچنەرسە كۆرۈنمەيتتى. توختىماي قورساق باقىدىغان ئىنگلىزلار خۇددى ئەخلەتلەرنىمۇ يەۋەتكەندەك...

بىز ماشىنىمىزنى قويغان تەرەپكە ماڭدۇق. شۇ چاغدا

قوللىرىدا خۇددى ئەگلەكتەك دۆگلەك قاسقانغا سىم تارتىپ، ئۇزۇن ساپ ئورنىتىلغان، قانداقتۇر خىرىلدىغان ئاۋاز چىقىرىپ تۇرىدىغان ئەسۋاب كۆتۈرگەن ئىككى ئادەم ئۇچرىدى.

ـــئۇلار ئالتۇن، ئالماس ئىزدەيدۇ ـــدېدى سىڭلىم.

كىشلەرنىڭ زېمىنغا بولغان سۆيگۈسى، مۇھىت ئاسراش ئېڭىنىڭ تۇغرىلىقىدىن ھېچكىم ئەخلىتىنى تاشلىمايدۇ. ئۆزلىرى يىغىپ ئېلىپ كېتىدۇ. شۇڭا تازىلىق ئىشچىسى قويۇش ھاجەتسىز. ئەمما بىر كۈن، يېرىم كۈنلەپ دېڭىزغا چۆمۈلۈپ يۈرۈپ، كىشلەرنىڭ بەدىنى خۇددى بېلىقنىڭ بەدىنىدەك سىلىقلىشىپ كەتكەچكە، كۆپىنچە ئۇزۇك، ھالقا دېگەندەك نەرسىلەر چۈشۈپ قالىدۇ. زىننەت بۇيۇملار قۇمغا چۈشكەندىن كېيىن ئادەم مىدىراپلا كەتسە قۇملار شىرقىراپ كېلىپ زىننەت بۇيۇملارنى كۆمۈۋالىدۇ. شۇڭا نۇرغۇن ئادەملەر ئۇقماي قالىدۇ ياكى چوڭقۇرراق پېتىپ قالسا تاپالمايدۇ. بۇ ئىككيلەننىڭ قولىدىكى ئەسۋاب مېتال بۇيۇملارنىڭ ئورنىنى تاپالايدۇ. چىرقىراپ ئاۋاز چىقىرىپ بەلگە بېرىدۇ، توختاپ شۇ جاينى ئاقتۇرغاندا ئۇ نەرسىلەرنى تېپىۋالغىلى بولىدۇ. بۇلار ھەر كۈنى تېپىلغان زىبۇزىننەتلەرنى ئېلان چىقىرىپ ئىگىسىگە قايتۇرۇپ، پىرسەنت بويىچە ئەمگەك ھەققى ئالىدۇ. ئىگىسى تېپىلمىغانلىرىنى دۆلەت خەزىنىسىگە ئۆتكۈزۈپ ئوخشاشلا ھەق ئالىدۇ.

بىز چەكلىك سۇيى، قىرغىقى بار سايرام، بوغدا كۆللىرىدىن ئەخلەت تېرىپ تۈگىتەلمەيۋاتساق، بۇلارنىڭ چەكسىز دېڭىز ساھىلىدا ئالتۇن، ئالماس تېرىيدىغان بولغىنى قىزىق ئىش ئىكەنغۇ!...

يەنە نېمىلەرنى دەپ غودۇڭشىغىنىمنى بىلمەيمەن، كۆتۈلمىگەن رېئاللىق، بۇ سېلىشتۇرمىدىن مەڭدەپ قالغاندىم. جۇغراپىيىلىك ئورنى دۇنيا بويىچە دېڭىزدىن ئەڭ يىراق بولغان يۇرتۇمدا قارشى قىرغاقلىرىغا تەڭرىتاغنىڭ ئېتەكلىرىنى چىلاپ ياتقان سايرام كۆلى ماڭا نىسبەتەن «دېڭىز»ئىدى.

ئاجايىپ كەچمىشلىرى، ئاجايىپ گۈزەل ھېكايىلىرى بار سايرام كۆۋەجەپ تۇرغان كۆپكۆك سۇيى بىلەن ھېسسىياتنى قوزغايتتى.

تېخى يېقىندىلا ئۇ قەدىمكىدەك سۈزۈك، بۇلغانمىغان سۇيى بىلەن بېلىق ئالغۇچىلارنىڭ سەجدىگاھى، ياۋا غاز ـ ئۆردەكلەرنىڭ ئوردىسى، ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرنىڭ ئارامگاھى ئىدى. ئۇ چاغلاردا بۇژغۇنلۇق دولقۇنلار تۈرۈلۈپ كېلىپ قىرغاق سۆيگەندە مەرمەردەك يالتىراق تاشلارنى تاشلاپ قاچاتتى. يازدا ئۇنىڭ ساھىلى تاكى ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان تاغ چوققىلىرىغىچە گۈل ـ چېچەكلىك غايەت زور پاياندازغا ئايلىنىپ قالاتتى...

ئەمما ھازىر ئۇنداق ئەمەس. ئالدى بىلەن ئۇنىڭ گۈل ـ چېچەكلىك ساھىلى پارچە ـ پارچە بۆلەكلەرگە بۆلۈندى. ئەمدى ئۇ يەرلەرگە پۇلسىز ئايىغىڭىزنى قويالمايسىز. خالىغان جايدىكى گۈل ـ چېچەكلەر، ئوت ـ چۆپلەر قىرىپ ئېلىۋېتىلىپ كولانغان ئوچاقلار، تۆكۈلگەن كۆللەر، دۆۋىلەنگەن، تاشلانغان، چېقىۋېتىلگەن بوتۇلكىلار (چېقىلغان بوتۇلكىلارنىڭ پارچىلىرى، قۇياش نۇرىدا ئالتۇن، ئالماستەك پارقىرايدۇ، ئەسۋاب كۆتۈرمەيمۇ كۆپ تاپالايسىز)...

سايرام كۆك ياقۇتتەك يۈزىنى توسۇۋالغان نۇرغۇن تاماكا قېپى، سۇلياۋ خالتا، ئىچىملىك قۇتىلىرى، ھەتتا «مۆھتەرەم ساياھەتچىلەر» ئۇچۇن سويۇلغان كالا ـ قويلارنىڭ قېرىنىدىكى غەلدە ـ غەشلەرنىڭ ھەممىسىنى قىرغاققا ئۇرۇپ چىقىرىشقا ئامالسىز. شۇڭا ئۇ ئېغىر پۇشۇلدايدۇ!

مەنزىرە نۇقتىلىرىمىز ـــسايرام، بوغدا، قاناس كۆلىگە ئوخشاشلا ئەمەلىيەتتە ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز بىزگە تەبىئىي ھالىتىچە تەقدىم قىلغان تەبىئەت مىراسلىرىمىز ئىدى. ئۇ باشقا مىراس مەدەنىيەتلەرگە ئوخشاشلا ئاسرىلىشى، ئۇنىڭ مۇھىتى بۇزۇلماسلىقى، تەبىئىيلىكى مەڭگۈ ساقلىنىشى كېرەك ئىدى. شۇ چاغدىلا، ئۇ ئۆزىنىڭ تەبىئەت مىراسلىق قىممىتىنى ساقلىيالايتتى. تەبىئەت مىراسلىرىمىزنى تەبىئىي ساقلاش ئۇچۇن ئالدى بىلەن ئۇ يەرلەر شەخسىيلەشتۈرۈلمەسلىكى، ھېلىقىدەك كۆچمە ئاشخانا، زەي پۇراپ تۇرغان «ياتاق»لار قۇرۇلماسلىقى (يەرلىك ئاشخانا، ياتاقلار ئەمەس، ھەتتا دۇنياۋى سەۋىيىدىكى ياتاق، رېستوران قۇرۇشمۇ خاتا، تاكى خەلقىمىز ئاتا ـ بوۋىلارنىڭ مۇھىت ئېڭىنى قايتا تېپىۋالغۇچە) كېرەك ئىدى. شۇ چاغدىلا تۇرمۇش ئەخلەتلىرى ئازىياتتى، تەبىئەت مىراسىمىزمۇ بۇلغانمايتتى.

تەبىئەت، ئۇ ھەممىمىزنىڭ گۈزەل ئانىسى!

(ئاپتور: «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىدىن)

مۇھەررىرى: مۇختار مۇھەممەد

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ساغلاملىق بىباھا

دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى 65 ياشقا يېقىنلاشقانلارنى ئوتتۇرا ياش، 65 ياشتىن 74 ياشقىچە بولغانلارنى ياش قېرىلار، 75 ياشتىن 90 ياشقىچە بولغانلارنى رەسمىي قېرىلار، دەپ بېكىتكەن. بىئولوگىيە قائىدىسى بويىچە، سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارنىڭ ئۆمرى ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىنىڭ بەش ھەسسىسىدىن يەتتە ھەسسىگىچە بولىدىكەن. ئادەمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىنى ئاخىرقى چىشى چىققان ۋاقىت (20 ياشتىن 25 ياشقىچە) بويىچە ھېسابلىغاندا نورمال ئەھۋالدا 120 ياشقا كىرىدىكەن. 120 ياشقا كىرىش، 70، 80، 90، 100 ياشقىچە سالامەت ياشاش ھەرگىز خام خىيال ئەمەس، ئەمما ھازىر ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 120 يىل ياشاشقا تېگىشلىك بولغانلار ئاران 70 يىل ئۆمۈر كۆرۈپ، توپتوغرا 50 يىلنى كەم ياشاۋاتىدۇ. ئەسلىدە 70، 80، 90 ياشقا كىرگەنلەرمۇ سالامەت بولۇشى كېرەك ئىدى. نۇرغۇن كىشىلەر 40 ياشتىلا كېسەلچان بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. 50 نەچچە ياشتا تاجىسمان يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، 60 نەچچە ياشتىلا ئۆلۈپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ، 50 يىل بۇرۇن كېسەلچان بولدى دېگەنلىك. بالدۇر كېسەلچان بولۇش، بالدۇر مېيىپ بولۇش، بالدۇر ئۆلۈپ كېتىش ئومۇمىي ئىجتىمائىي ھادىسە بولۇپ قالدى.

بېيجىڭدا ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشۈمدە، باشلانغۇچ

مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدا يۇقىرى قان بېسىم كېسىلىگە، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدا ئارتېرىيە قان تومۇرى قېتىش كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلارنى بايىقىدىم. ئىقتىسادىمىز تەرەققىي قىلغان، كىرىم ئاشقان، ماددىي تۇرمۇشىمىز ياخشىلانغان تۇرۇقلۇق نېمە ئۈچۈن يەنە بەزىلەر تېز ئۆلۈپ كېتىۋاتىدۇ؟ بەزىلەر يۈرەك ـ مېڭە قان تومۇرى كېسىلى، ئۆسمە، دىئابىت كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىنى ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقى، تۇرمۇشنىڭ باياشاتلىقىدىن كۆرۈۋاتىدۇ. بۇ پۈتۈنلەي خاتا. بۇ كېسەللىكلەر ماددىي مەدەنىيەتنىڭ يۇكسەلگەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقى، ساغلاملىق بىلىمىنىڭ كەملىكىدىن كېلىپ چىققان. ئامېرىكىدا ئاق تەنلىكلەرنىڭ قارا تەنلىكلەرگە قارىغاندا پۇلى كۆپ، ماددىي تۇرمۇشى ياخشى، لېكىن ئاق تەنلىكلەردىن يۇقىرى قان بېسىم، تاجىسىمان يۈرەك كېسىلى، ئۆسمە كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار بولغانلار قارا تەنلىكلەردىن خېلىلا ئاز. يەنە كېلىپ ئۆمرىمۇ ئۇزۇن. ئۇلاردىن ھەر خىل كېسەلگە گىرىپتار بولغانلار كۆك ياقىلىقلارنىڭكىدىن خېلىلا ئاز. ئۆمرىمۇ ئۇزۇن، گەپ ئاق ياقىلىقلار ئوبدان ساغلاملىق تەربىيىسى كۆرگەن. مەنىۋى مەدەنىيەت، ساقلىقنى ساقلاش تەربىيىسى ئالغان. ئۆزىنى ئاسراش ئېڭىمۇ يۇقىرى. دېمەك، بىزدە كېسەللىكنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىشىنىڭ سەۋەبى ھەرگىز ماددىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئۆسكەنلىكى سەۋەبىدىن ئەمەس، بەلكى مەنىۋى مەدەنىيىتىمىزنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقىدا.

نۆۋەتتە سالامەتلىكىمىزگە تەسىر كۆرسىتىۋاتقان ئاساسىي كېسەللىك قايسىلار؟ يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكى، بۇلار بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇلتۇر دۇنيا بويىچە 15 مىليون 300 مىڭ ئادەم كونا، يېڭى يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن. بۇ شۇ يىلى ئۆلۈپ كەتكەنلەر ئومۇمىي سانىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ باش ئەمەلدارى ئالدىنى ئېلىش تەدبىرى قوللىنىلسا، يۈرەك قان تومۇرى كېسەللىكلىرى بىلەن ئۆلۈپ كېتىدىغانلارنىڭ يېرىمىنى ئازايتقىلى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. دوكتور جۇڭ داۋخۇڭ «نۇرغۇن كىشىلەر كېسەللىك بىلەن ئەمەس، بەلكى بىلىمسىزلىكتىن ئۆلۈپ كېتىدۇ»، دېگەنىدى. شۇڭا نادانلىقتىن، بىلىمسىزلىكتىن ئۆلۈپ كەتمەيلى، دەپ قايتا ـ قايتا تەكىتلەپ كېلىۋاتىمىز. كۆپلىگەن كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئالغىلى، ئۆلۈپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. بىر كىشىنىڭ تاجىسىمان يۈرەك كېسىلى بار ئىدى. جىددىيلەشسە ياكى بىرەر ئىشتا كۈچەپ كەتسە بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتۇق. بىر قېتىم ئۇ كىتاب يۆتكەيمەن دەپ تازا جىق كىتابنى كۆتۈرۈپتۇ. ئەمەلىيەتتە بىر قېتىمدا ئىككى ـ ئۈچ پارچىدىن كۆتۈرسە ھېچ ئىش يوق، ئەمما ئۇ بىر قېتىمدىلا بىر قۇچاق كىتابنى بىراقلا كۆتۈرگەنلىكتىن يۈرىكى شۇ ھامان توختاپ قاپتۇ. جىددىي قۇتقۇزۇپ يۈرىكىنىڭ سوقۇشى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما مېڭىسى كاردىن چىققاچقا ئۆسۈملۈك ئادەمگە ئايلىنىپ قالغان. داۋالىنىشقا بىر يىلدا 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن پۇل كەتكەن. ناۋادا ئۇ سالامەتلىك تەربىيىسى كۆرگەن، ياشانغانلارنىڭ زورۇقۇپ كۈچەپ كەتسە بولمايدىغانلىقىنى بىلگەن، كىتابنى ئىككى ـ ئۈچتىن توشۇغان بولسا، ئۆسۈملۈك ئادەمگە ئايلىنىپ قالمىغان بولاتتى. شۇنداقلا 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن پۇلمۇ خەجلەنمىگەن بولاتتى. پىلانلىق ئىگىلىك مەزگىلىدە بېيجىڭدا بىرەيلەن ئاخىرقى كۈز كۈنلىرى بىر مۇنچە يېسىۋىلەك سېتىۋېلىپ بىنانىڭ تۆۋىنگە قويۇپتۇ. شۇ كۈنى قاتتىق قار يېغىپ كېتىپتۇ. ئۇ يېسىۋىلەكلەر ئۇششۇپ قالمىسۇن دەپ، ئۆيىگە توشۇماقچى بولۇپتۇ. يېسىۋىلەكنىڭ ھەر بىر تۈپى بىر نەچچە كىلوگرام كېلىدىكەن. بىرىنچى قېتىمدا ئۈچ تۈپتىن، ئىككىنچى قېتىمدىمۇ ئۈچ تۈپتىن كۆتۈرۈپ 3 ـ قەۋەتتىكى ئۆيىگە ئېلىپ چىقىپتۇ. ئۈچىنچى قېتىمدا يەتتە تۈپ يېسىۋىلەكنى بىراقلا كۆتۈرۈپ چىقىپتۇ. بۇ كىشى ئادەتتە ئېغىر ئىش قىلمىغاچقا، 3 ـ قەۋەتكە بىراقلا بىر نەچچە قېتىم چىقىپ چۈشكەنلىكتىن بەك چارچاپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قان ئارىلاش بەلغەم تۈكۈرۈپتۇ. بولالماي دوختۇرخانىغا كەپتۇ. تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۇنىڭ جىددىي خاراكتېرلىك يۈرەك مۇسكۇلى ئۆلۈش، جىددىي خاراكتېرلىك يۈرەك سول قېرىنچىسى زەئىپلىشىش كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقى ئېنىقلىنىپتۇ. جىددىي قۇتقۇزۇشتا 0.1 گرام كېلىدىغان 15 مىڭ يۈەنلىك ئوكۇلدىن بىرنى ئۇردۇق، ئالتۇننىڭ بىر گرامى 100 يۈەن 0.1 گرامى ئاران ئون يۈەن بولىدۇ. بۇ ئوكۇلنى ئۇرغاندىن كېيىن يۈرەك قان تومۇر يوللىرى ئېچىلدى. بۇ كېسەل ئاخىر 60 مىڭ يۈەن بىلەن ساقايدى. ئەينى چاغدا 50 كىلوگرام يېسىۋىلەكنى 12 يۈەن دېسەك، 25 كىلوگرام يېسىۋىلەكنى ئالتە يۈەنگە سېتىۋالغىلى بولاتتى. ئۇ ئالتە يۈەنلىك يېسىۋىلەكنى دەپ 60 مىڭ يۈەن خەجلىدى. ئادەتتە كۆپ ھەرىكەت قىلمايدىغانلار ئېغىر ئىشلارنى قىلمىسىلا، يەنىلا تاساددىپىي ئەھۋاللارنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

(مەملىكەتلىك يۈرەك، قان تومۇر كېسەللىكلىرى تەتقىقات رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى پروفېسسور خۇڭ جاۋگۇاڭنىڭ جۇڭنەنخەيدە سۆزلىگەن لېكسىيىدىن تەرجىمە قىلىندى)

مۇھەررىرى: مۇختار مۇھەممەد

# يەنە شۇ قانۇن ئۈچۈن ھەق گەپ قىلايلى

ئالدىنقى يىلى 12 ـ ئاپرېلدا «مەجبۇرىي مائارىپ قانۇنى»نىڭ ئېلان قىلىنغانلىقىغا توپتوغرا 15 يىل بولغانىدى. شۇ كۈنى كەچتە مەلۇم بىر تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تەنتەنىلىك ناخشا ـ ئۇسسۇل كونسېرتلىرىنى خەۋەر قىلىپ كۆرسىتىۋېتىپتۇ. شۇنداقلا قارىسام، «مەجبۇرىي مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ ئۇلۇغ نەتىجىلىرى»گە بېغىشلانغان مەدھىيىلەر ئىكەن. شۇ چاغدا «غۇژژىدە غەزىپىم ئۆرلىدى». بەزى ئادەملەر «مەجبۇرىي مائارىپ» توغرىسىدا تۈپ ـ نېگىزلىك ساۋاتنىڭ ماھىيىتىنى يوشۇرۇپ، قاراپ تۇرۇپ ئەيمەنمەستىن يالغان گەپ قىلغانلىقىنى ئاز دەپ، يەنە تېخى ئىزا تارتماستىن ماختىنىپ مەدھىيە ئوقۇتۇۋېتىپتۇ. لەنەت! شۇ خىيال بىلەن قەلەمنى قولۇمغا ئالدىم ـ دە، شۇ «ئاچچىقىم»دا «دۆلەت قانۇنى ئۈچۈن ھەق گەپ قىلايلى» دېگەن ماقالىنى يازدىم. شۇ ماقالىدە: مەجبۇرىي مائارىپ دېگەن سۆزدىكى «مەجبۇرى»دېگەن سۆز ئاساسەن ھۆكۈمەتنىڭ مەجبۇرىيىتى؛ بۇنىڭ سالمىقى «مەجبۇرىي مائارىپ قانۇنى»نىڭ «10 ـ ماددىسى»دىكى «ئوقۇش خىراجىتى ئېلىنمايدۇ» دېگەن بەلگىلىمە ئەمەلىيلەشتۈرۈلمىسە قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلىق بولىدىغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. دېمەك، ھازىرقى مەجبۇرىي مائارىپ يالغان، ھەرقايسى يەرلەردىكى مەكتەپلەر، ھۆكۈمەتلەر قانۇنغا خىلاپلىق قىلىۋاتىدۇ.

دېرىزىگە يەملەپ قويغان قەغەز پەردىنى يىرتماق تەس، بۇنى ئوبدان بىلىمەن. جۇڭگودا ئەھۋال شۇنداق غەلىتە. ئەمەلىي ئەھۋال ۋە ئەمەلىيەت دۆلەتنىڭ ئۆزى ئېلان قىلغان تەرىپىدىن، قانۇندىن تولا بەك چەتنەپ كېتىپ سەت بىر ئىشقا ئايلىنىپ قالسا، شۇ ئىش توغرىسىدا ئېغىز ئېچىشقا چورتلا يول قويۇلمايدۇ. ئېغىز ئېچىشقا يول قويۇلمايدۇ دەيدىغان ئېنىق بەلگىلىمە بولمىسىمۇ، لېكىن تۈزۈمنىڭ «ئۆز كېسىلىنى يوشۇرۇپ داۋالىتىشتىن قېچىش خۇسۇسىيىتى»قالتىس ئاپتوماتلىشىپ كەتتى، نېمىلەر توغرىسىدا «ئېغىز ئېچىش مۇمكىن»، نېمىلەر توغرىسىدا «ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس»لىكىنى يالغۇز ھەر بىر مۇھەررىرلا ئوبدان بىلىپ قالماستىن، ئادەتتىكى ئادەملەرمۇ خېلى بەكلا ھۆكۈم قىلالايدىغان بولۇپ قالدى. دېرىزىگە پەردە قىلىپ يەملەپ قويغان بىرمۇنچە بىر نېمىلەر قەغەزدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە قاتتىق تۆمۈر پەردە. شۇڭا جۇڭگونىڭ قانۇن ـ نىزاملىرىنى تەشۋىق قىلىدىغان بۇ ماقالەمنى ئېلان قىلىشقا كىممۇ جۈرئەت قىلار، دەپ ناھايىتى بېشىم قاتتى. تەۋەككۇل قىلىپ كۆرەي دېگەن نىيەتكە كەلدىم. بۇ ماقالەم كېسەلنىڭ ئۇۋۇسىنى تاپتى، ئەگەر بىرەر ژۇرنال ياكى سەھىپىنى مۇشۇ ماقالىنى ئېلان قىلغانلىقى سەۋەبى بىلەن يېپچەتلىتىۋېتىدىغان بولسا، ھەقىقەتەن ئادالەتسىزلىك قىلغان بولىدۇ، دەپ ئويلاپ، نەچچە ئون نۇسخا كۆچۈرۈپ، چوڭ ـ چوڭ گېزىتلەرگە، مائارىپ، قانۇن ـ تۈزۈم ساھەسىدىكى، فېلىيەتون تۈرىدىكى گېزىت ـ ژۇرناللارغا تەلەي سىناپ ئەۋەتتىم، ماقالە ئەۋەتىش قائىدىلىرىگىمۇ قاراپ تۇرمىدىم.

چوڭ گېزىتلەردىن، مائارىپ ساھەسىدىكى گېزىت ـ ژۇرناللاردىن ھېچقانداق سادا چىقمىدى. بەختىمگە يارىشا، «فېلىيەتون گېزىتى»نىڭ 4 ـ ماي سانىدا 1 ـ بەتنىڭ تۆرىدە بېسىلىپ چىقىپتۇ. گېزىتنى كۆرۈپلا «ئۇھ!» دېدىم. ئۇنى ـ بۇنى يېزىپ تۇرىدىغان ئادەمنىڭ مۇشۇنداق بىر ماقالىسىنىڭ ئېلان قىلىنغانلىقىدىن مەمنۇن بولدۇم.



2003.3

«جاھاندا شاھمەردان بولمىسا شاكىچىك خوجا بوپتۇ».
دېگەن گەپ مانا مۇشۇ ـ دە!

ماقالە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، جامائەتچىلىكنىڭ
دىققىتىنى قوزغىدى. كۆرگەنلىرىمگە ئاساسەن ئېيتسام،
تەنقىد قىلغانلار يوق، ھەمدەم بولغانلار كۆپ ئىكەن.
«شەھەر ئەتىگەنلىك گېزىتى»، «تەپتىش گېزىتى»،
«ئاممىۋى پايدىلىنىش گېزىتى»، «خېنەن ياشلىرى گې-
زىتى»، «يېرىم ئايلىق سۆھبەت»، «جەنۇب شەنبىلى-
كى» دېگەندەك گېزىت ـ ژۇرناللاردا «ھەقسىز مەجبۇ-
ريي مائارىپ» توغرىسىدا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلگەن ماقا-
لىلەر بېسىلىپ چىقتى؛ ئىنتېرنېت تورلىرىدىمۇ بىرمۇنچە
مۇھاكىمە بولدى. بۇ مەسىلە بۇلتۇرقى «ئىككى يىغىن»-
دىمۇ ئېغىزدىن چۈشمىگەن نۇقتىلارنىڭ بىرى بولۇپ
قالدى. «مەجبۇريي مائارىپ قانۇنى» ئېلان قىلىنغاندىن
كېيىن، تەشۋىق قىلىنىپ 15 يىل بولغاندا، جۇڭگودا پۇق-
رالار مەجبۇريي مائارىپنىڭ ھەق ئېلىنمايدىغان مائارىپ
ئىكەنلىكىنى ئاخىر بىلىپ بوپتۇ. مەن شۇنداق ئويلاپ
قارىسام، پۇقرالىق ھەققىمنى ئادا قىپتىمەن. بىر قىسىم
ئاخبارات ۋاستىسىمۇ تېگىشلىك ۋەزىپىسىنى ئۆز زىممى-
سىگە ئاپتۇ ۋە لېكىن مۇناسىۋەتلىك تارماقلار تولىمۇ
مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىۋاتىدۇ.

ھەممىگە مەلۇم، ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتقىنى مىللەتنىڭ
ئىستىقبالى ۋە خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتى بىلەن مۇناسىۋەت-
لىك چوڭ ئىش، مۇشۇنداق چوڭ ئىش شۇنچە ۋاقىتتىن
بۇيان ئېغىزغا ئالىدىغان ئادەم چىقمايدىغان ھالغا چۈشۈپ
قالماسلىقى كېرەك ئىدى. «ھەقسىز مەجبۇريي مائارىپ»
بۇ «ئاۋام خەلقنىڭ ساداسى»ئەمەس، بەلكى بۇنىڭدىن 15
يىل ئىلگىرى كۈچكە ئىگە بولغان، زورلاپ ئىجرا قىلىنى-
دىغان قانۇن ـ پەرمان ۋە ھەم ھەممە ئادەمگە تەكشى
چۈشەندۈرۈلىدىغان ئاساسي ساۋات. بۇ گەپتىن ماڭا
ئوخشاش «چىكارىگەر» (شۇ ساھەنىڭ ئەھلى بولمىغان
ئادەم)لەر ئاۋۋال ئېغىز ئېچىشى لازىم ئەمەس ئىدى. ئى-
چىمگە پاتتۇرالمىغانلىقتىن پۇقرالىق مەجبۇرىيىتىمنى ئادا
قىلدىم، لېكىن مۇشۇ «نەتىجەم» ئۈچۈن ھەسرەت چې-
كىۋاتىمەن، بۇ ھەسرىتىمنىڭ سەۋەبلىرى تولۇق ھەم ئې-
نىق.

بىرىنچىدىن، سىرلىق بولمىغان بىر مۇھىم قانۇن 15
يىل «خىيانەت» قىلىنغان، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ
ئېيتقاندا 15 يىل كۆمۈلۈپ قالغان، ھەتتا (گېزىت ـ ژۇر-
نالنىڭ) قانۇنلارنى تەشۋىق قىلىدىغان مەخسۇس ئىستو-
نىغا ماقالە يېزىپ تۇرىدىغان بىر يازغۇچى خىجالەتچىلىك
بىلەن «مۇشۇنداق بىر قانۇني بەلگىلىمە بار ئىكەنلىكىنى
بىلمەپتىمەن»دەپ يازغان. ئۇنىڭ يېزىشىچە، مەجبۇريي
مائارىپ ناھايىتى كۈچەپ تەشۋىق قىلىندى، لېكىن «ئو-
قۇش خىراجىتى ئېلىنمايدۇ»غانلىقى ئۈستىدە بىر ئېغىزمۇ
گەپ بولمىدى. دېمەك، پۈتۈن مىللەتنىڭ قىممەتلىك
ۋاقتى ھارام ئۆتتى. «دۆلەت قانۇنىغا خىيانەت قىلغان»
مۇشۇنداق ئېغىر ھادىسىگە ھەسرەتلەنمەي تۇرغىلى بو-
لامدۇ؟

ئىككىنچىدىن، قانۇنغا خىلاپ ھادىسىلەر چىقىپ تۇر-
سىمۇ قانۇن بويىچە سۈرۈشتە قىلىنمىدى؛ قانۇن بار تۇ-
رۇقلۇق ئۇنىڭغا رىئايە قىلمىسا، لەۋزىدە تۇرمىسا، مۇ-
شۇنداق تېپىك ھادىسىلەر مانا مەن دەپ تۇرسا، ئۇلار
سۈرۈشتۈرۈلمىدى، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىنى-
مىدى، ھەتتا بىرەر دېلومۇ تۇرغۇزۇلمىدى، ئەلنى بېيىتى-
دىغان، خەلقنى قۇدرەت تاپقۇزىدىغان مائارىپ قانۇنى
مەلۇم جۇڭگولۇقنىڭ نەزىرىدە ئۇششاق باللارنىڭ ئو-
يۇنچۇقچىلىكمۇ بولالمىدى، تېخى بۇنى ئاز دەپ، مەج-
بۇريي مائارىپنى دەستەك قىلىپ تۇرۇپ، ئاممىنىڭ سېلى-
قىنى ئېغىرلاشتۇردى، بۇ يولدا چېپىپ يۈرگەن باتۇرلار
ئىچىدە يۈزى قىزىرىدىغان ئادەملەرمۇ ئاز ئەمەس. مانا
بۇ ئەھۋاللار كىشىنىڭ ئىچىنى تېخىمۇ ئۆرتىمەمدۇ؟

ئۈچىنچىدىن، «ئالاقىدار تەرەپلەر» بۇ ئىش بىز بى-
لەن مۇناسىۋەتسىز دېيىشكە يولى يوق ئىكەنلىكىنى بىلسە
كېرەك، ئۇزاقتىن بۇيان جەھلىنى قاتۇرۇپ «تۆگىقۇش»
سىياسىتىنى قوللىنىپ، بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ پەرۋاسىز
يۈرۈۋاتىدۇ، «نوپۇزلۇق تارماق»لار، «نوپۇزلۇق ئەر-
باب»لار ئىشلىتىشكە يارىمايدىغان ئاغزىنى چىڭ يۇمۇپ
«جىم بولۇۋېلىش ھوقۇقى»نى ئەنە شۇنداق ئىشلەتتى.
مانا ئەمدى ئوتتۇرىغا چىقارغان «سىناپ كۆرۈش نۇقتى-
سى» دېگەندەك تەدبىرلىرىمۇ قانۇن بىلەن يەڭ سودىسى
قىلىشماقتا. ئۇلارغا ئەسقىتارمىكىن دەپ ئۈمىد باغلاپ
تۇرغان پۇقرانىڭ يۈرىكى ئۆرتەنمەمدۇ؟

سەھۋەنلىك، بىر قاتار سەھۋەنلىك. گەپ جاۋابكار-

لىقتا تارتقىلى بولمايدىغان ئادەملەرنىڭ ئاغزىدىن چىققان بولسا سەھۋەنلىك بولىدۇ، نۇرغۇن ئادەمنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغانلىقى بولىدۇ؛ پەرۋاسىزلىق قىلىش، ئەسقاتماسلىق، يەنە تېخى «ئاغزىنى چىڭ يۇمۇپ جىم بولۇۋېلىش ھوقۇقى» سەھۋەنلىكى تېخىمۇ چوڭ مەسئۇلىيەتسىزلىكتۇر؛ ئاخىر ئەكس سادا چىققان بولسىمۇ، يەنىلا بار قانۇن رىئايىسىز قېلىۋاتىدۇ. پۇقرا بىر قاتار سەھۋەنلىك ۋە مەسئۇلىيەتسىزلىكلەرگە قاراپ تۇرۇپ، تۇزۇمنىڭ لالاق ۋە گالۋاڭ بولۇپ قالغانلىقىنى، «جامائەت چاكارلىرى»نىڭ خىتابنامىلىرى بىلەن ھەرىكىتىنىڭ پەرقلىق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ بولدى.

قىلىشقا تېگىشلىك بولسىمۇ قىلمىغان، قىلىشتىن قورققان گەپنى قىلاي. بىز ئالغا باستۇق، «مەجبۇري مائارىپقا ئوقۇش خىراجىتى ئالماسلىق كېرەك»لىكى ھازىر ھەممىگە ئايان ساۋات بولۇپ قالدى. «مەجبۇري مائارىپ قانۇنى» تېخىمۇ ئومۇملىشىۋاتىدۇ، بۇ بىر نەتىجە. ساۋات ئومۇملاشقاندىن كېيىن، ساۋاتقا ئۆيغۇن كەلمەيدىغان ھەرىكەتلەر ساۋاتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ، ئىلگىرىكىدەك كۆرەڭلەپ كەتمەسلىكى ۋە ئىلگىرىكىدەك ئەزۋەيلەپ كەتمەسلىكى مۇمكىن. ساۋاتنىڭ كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئېلىشى بىلەن تەڭ ھەرىكەتنىڭمۇ يامان، رەتسىز ھالەتتىن قانۇنغا ئۇيغۇن، قېلىپلاشقان ھالەتكە ئۆتۈش ئىمكانىيىتى بارغانسېرى كۆپىيىشى مۇمكىن. بۇ ھەقتە گەپ قىلىدىغان ئادەمنىڭ بولغانلىقى ھەيدەكچىلىك قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ بار ئىكەنلىكىدۇر، گەپ قىلىش كۈتۈپ ئولتۇرغاندىن ياخشىراق، گەپ قىلغاندىن نەتىجە چىقمىسا، گەپ قىلىۋېرىش كېرەك. «فېلىيەتون»گېزىتىنىڭ ۋە باشقا بىر قانچە ئاخبارات ۋاستىسىنىڭ قانۇنغا ئاساسەن ھەق گەپ قىلغانلىقىغا رەھمەت! پۇقرالىق ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ئوقۇرمەنلەرگىمۇ رەھمەت! جياڭسۇلۇق ساۋ ئەپەندى «فېلىيەتون» گېزىتىنى ئوقۇغاندىن مەلۇم بىر تارماقنى ئىزدەپ تېپىپ سۆزلەشكەنىكەن، ئۇ تارماقتىكىلەر ئۇ ئادەمگە «گەپ يېدۈرگىلى بولمايدۇ»غانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئازراق خىراجەتنى كۆتۈرۈۋېتىش (ئالماسلىق) بەدىلىگە ئۇنىڭ ئاغزىنى توسۇپ جىم قىلىش مەقسىتى بىلەن «ئايرىم ھەل قىلىپ بېرەيلى» دەپتۇ. ساۋ ئەپەندى بولسا، مېنىڭ مەقسىتىم قانۇننى قوغداپ، ھوقۇقۇمنى ئاسراش ئىدى دەپ، ئۇلارنىڭ گېپىنى رەت قىپتۇ. جەمئىيەتكە مۇشۇنداق كۆڭۈل بۆلىدىغان، مائارىپقا مۇشۇنداق جان كۆيدۈرىدىغان كۆزگە ئىلىنمايدىغان ئادەملەرگە سېلىشتۇرغاندا، «مەخسۇس ئەرباب»لارنىڭ ۋە «جامائەت چاكارلىرى»نىڭ يۈزى چىمىلداپ قىزارسۇن.

ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى، ئۆرلەپ تۇرغان پىخانلىرىمنى قەلەمگە يىغدىم. قېرىنداشلار، زامان بىزگە قاراپ تۇرمايدۇ، «مەجبۇري مائارىپ قانۇنى»نى قانۇنىي مۇددىتى ئالدىدا، كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىز ئالدىدا يەرگە قاراپ قالمايدىغان يېڭى ھەرىكەتلەر بىلەن ئەمەلىيلەشتۈرەيلى، مۇشۇ ھەقىقەت ھەق جايىغا يەتمىسە، بىزنىڭ بۇ مىللىتىمىز روناق تاپالمايدۇ!

لى مىڭنىڭ بۇ فېلىيەتونى «فېلىيەتون» گېزىتىنىڭ 2003 ـ يىل 25 ـ مارت سانىدا ئېلان قىلىنغان نۇسخىسىدىن تەرجىمە قىلىندى.

**توختى باقى ئارتىشى تەرجىمىسى**

**مۇھەررىرى: ئەسقەر مەخسۇت**





# نىلا دەرىخى

بەختيار باھاۋۇدۇن-



هەر قانداق بىر مىللەتنىڭ ئۇزاق تارىخي تەرەققيات جەريانىدا ياراتقان ئۆزىگە خاس پارلاق مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسى بولىدۇ. بۇ مىللىي مەدەنىيەت شۇ مىللەتنىڭ بىباھا بايلىقى ۋە مىللىي روھىنىڭ يالقۇنلۇق مەشئىلى بولۇپ، ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق بايلىقى بولۇش بىلەن بىرگە دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ خىلمۇ خىل رەڭلەردە پارلاپ ـ جۇلالىنىشىدا كەم بولسا بولمايدۇ. بۇ مەدەنىيەت تەمتىكى (هوقۇق تامغىسى) ئارقىلىق هەر بىر مىللەت ئۆزىنى باشقىلارغا تونۇشتۇرىدۇ هەم تونۇلىدۇ.

نۆۋەتتە بۇ خىل مەدەنىيەت شىنجاڭدىكى هەرقايسى مىللەتلەرنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى روناق تاپقۇزۇش، راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇهىم مەنبەلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغۇسى. شىنجاڭدا ئۇيغۇر قاتارلىق هەرقايسى مىللەتلەرنىڭ فولكلور مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قېلىش، ئېچىپ پايدىلىنىشتا يەرلىكلەرنىڭ ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي تەرەققياتىغا ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا، جەمئىيەت مۇقىملىقىغا ماس كېلىدىغان ياكى كەلمەيدىغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئۇزاق مۇددەت مۇقىم بولۇشىنى كۆچەيتىش ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى كۈچەيتىش ئاساسىدا ياخشى ئويلىشىپ پىلانلاش كېرەك. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەهۋالىغا توغرا مۇئامىلە قىلىش دۆلەت بىخەتەرلىكىنى قوغداشتا، ئىجتىمائىي ۋەزىيەتنىڭ مۇقىم بولۇشىدا ناهايىتى مۇهىم رولغا ئىگە. فولكلور مەدەنىيىتى بىر مىللەتنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ئورتاق پىسخىك ساپاسىنىڭ ئاساسى بولۇپلا قالماستىن، يەنە جەمئىيەت ئەزالىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ئۇيۇشتۇرىدىغان، شۇ مەدەنىيەت سىستېمىسىدا ماددىي ۋە مەنىۋى ئىجادىيەتنى راۋاجلاندۇرىدىغان مۇهىم شەرتلەرنىڭ بىرىدۇر. ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا ئاكتىپ ۋارىسلىق قىلىش بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە ئۆزىنى تەرەققىي تاپقۇزۇشىدىكى ئىچكى تەلەپتۇر، شۇڭا مىللەتلەرنىڭ فولكلور مەدەنىيىتىنى ئېچىشتا ۋە پايدىلىنىشتا هەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىگە يۈكسەك دەرىجىدە هۆرمەت قىلىش ۋە قوغداش كېرەككى، ئىقتىسادىي مەنپەئەتنى كۆزلەپ نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى شەكىللەنگەن فولكلور مەدەنىيىتىنى بۇزۇشقا، ئۆزگەرتىشكە هەرگىز بولمايدۇ.

فولكلور مەدەنىيىتىنىڭ رولى ۋە قىممىتىنى تەشۋىق قىلىپ، كىشىلەرنىڭ فولكلور ساياھەت بايلىقىنى قوغداش مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتىش كېرەك.

ساياھەت رايونلىرىدىكى فولكلور مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشى، يوقىلىش سەۋەبلىرى كۆپ تەرەپلىمىلىك بولىدۇ. بەزىلىرى مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ ناتوغرا ھەرىكەتلىرى تۈپەيلىدىن بولسا، بەزىلىرى سىرتقى مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىدىن بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىمى يەنىلا فولكلور مەدەنىيىتىگە بولغان تونۇشنىڭ يېتەرسىزلىكى ۋە فولكلور ساياھەتچىلىكىنىڭ قىممىتىگە بولغان چۈشەنچىنىڭ كەمچىللىكىدىن بولغان.

فولكلور ساياھەتچىلىكى — مىللەتلەرنىڭ فولكلور مەدەنىيىتىنى تاماشا قىلىش، شۇ مەدەنىيەتكە قاتنىشىپ كۆڭۈل ئېچىش، مۇلازىمەت قىلىش دېگەنلىكتۇر. فولكلور ساياھەتچىلىكىنى ئېچىش مول مەزمۇنلۇق فولكلور مەدەنىيەت بايلىقى ئاساسىدا شەكىللەنگەن يېڭىچە مەدەنىيەت ئىقتىساد شەكلى. شۇڭا نۇرغۇن ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا رەڭگارەڭ مىللەتلەر مەدەنىيىتى، ئۆرپ - ئادەتلىرى مەزمۇن قىلىنغان فولكلور ساياھەت تۈرلىرىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرماقتا. بىراق، فولكلور ساياھەتچىلىكىنىڭ ئېچىلىشى ۋە پايدىلىنىشى يەرلىكلەرگە ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئېلىپ كېلىشى بىلەن بىر ۋاقىتتا، دىن، پەلسەپە، ئەدەب - ئەخلاق، مىللىي پسىخىكا، ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادەت قاتارلىق مۇھىم ئامىللاردىن شەكىللەنگەن مەدەنىي مۇھىت ۋە تەبىئىي مۇھىتلارغا ئەكس تەسىرلىرىنىمۇ كۆرسەتمەكتە. گەرچە فولكلور ساياھەتچىلىكىنىڭ يەرلىك مەدەنىيەت مۇھىتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى تەبىئىي مۇھىتقا كۆرسەتكەن تەسىرىدەك كۆرۈنەرلىك روشەن بولمىسىمۇ، ئەمما فولكلور مەدەنىيىتى كۈچلۈك تارىخىي ۋارىسچانلىققا ئىگە بولغاچقا، ئىنسانىيەتكە چوڭقۇر ۋە مۇرەككەپ تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. فولكلور ساياھەتچىلىكىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ مەدەنىيەت مۇھىتىغا بولغان تەسىرى بىۋاسىتە ھالدا شۇ رايوننىڭ ساياھەت ئىشلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا بىز مۇئەييەن ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ ساياھەت رايونلىرىنىڭ مەدەنىيەت مۇھىتىنى، جايلارنىڭ ساياھەت فولكلور بايلىقىنى قوغدىشىمىز لازىم. بارلىق ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ، بۇنداق تەسىرلەرنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرۈشىمىز لازىم. بۇ بىزدىن ساياھەت رايونىدىكى ئاھالىلەرگە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىغا بولغان تەشۋىقات - تەربىيىنى كۈچەيتىشىمىزنى، فولكلور ساياھەت بايلىقىنىڭ قىممىتىنى ۋە ئۇنى قوغداشنىڭ ئەھمىيىتىنى تەشۋىق قىلىشىمىزنى، ھەرقايسى مىللەتلەر فولكلور مەدەنىيىتىنىڭ پەقەت ئۇسلۇب، شەكىل جەھەتتىلا پەرقلىنىدىغانلىقىنى، مۇنەۋۋەر، قالاق، دەپ ئايرىلمايدىغانلىقىنى، بۇ مەدەنىيەتلەرنىڭ دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ بىر بۆلىكى ئىكەنلىكىنى بىلىشىمىزنى، دۇنيانىڭ نۇرغۇن مىللەتلەردىن تەشكىل تاپىدىغانلىقىنى، پەقەت مىللىيلىك بولغاندىلا دۇنياۋى بولىدىغانلىقىنى، ئۆز خاسلىقىنى يوقاتقان فولكلور مەدەنىيىتىنىڭ ساياھەت فولكلورى بولۇش سالاھىيىتىدىن مەھرۇم بولۇپ، ھاياتىي كۈچىنى يوقىتىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىشىمىز كېرەك. ئەنئەنىۋى فولكلور مەدەنىيىتى سىرتقى مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىگە مۇقەررەر ئۇچرايدۇ، بۇنىڭدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. فولكلور مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۆزئارا ئۇچرىشىشى، ئۆزئارا ئۆتۈشۈشى بىر خىل قانۇنىيەت. ئوبيېكتىپ پوزىتسىيە بىلەن يەرلىكتىكى مىللەتلەر فولكلور مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ساقلاش شەرتى ئاستىدا، سىرتقى مەدەنىيەتلەرنىڭ جەۋھەرلىرىنى مۇۋاپىق قوبۇل قىلىپ، ئۆز مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تولىمۇ زۆرۈردۇر.

بىز تەرەققىيات جەريانىدا ماددىي نەرسىلەرنى قايتا ئىجاد قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى، ئەمما بۈگۈنگە قەدەر ساقلىنىپ كېلىۋاتقان تارىخىي ئىزنالارنى ۋە فولكلور مەدەنىيىتىنى كلونلىغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشىمىز كېرەك. ئەگەر بۇلار بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىسا ياكى بۇلغانسا ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدۇ. دېمەك، بىز ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالىمىز. شۇڭا فولكلور مەدەنىيىتىنى قەدىرلىشىمىز، فولكلور مەدەنىيىتىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا قوغدىشىمىز، كۆپچىلىكنىڭ ساياھەت فولكلور بايلىقىنى قوغداش ئاڭلىقلىقىنى يېتىلدۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلىشىمىز لازىم.

(ئاپتور: «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتىدىن)

مۇھەررىرى: مۇختار مۇھەممەد

# نۇتۇقنىڭ كۈچ-قۇدرىتى



ئاينۇر سابىت

نۇتۇقنىڭ راۋان، جانلىق، تەسىرلىك بولۇشى كاتتا بىر
ئەسەرنىڭ پۈتكىنىگە ئوخشاش قۇتلۇق ئىش. نۇتۇق
سۆزلىگۈچىنىڭ ئۆز پىكرىنى جانلىق، ئوبرازلىق، تەسىر-
لىك سۆزلەپ، ئۆزىنىڭ ئوي - خىيالى، مەقسەت - مۇد-
دىئالىرىنى باشقىلارنىڭ قەلبىگە تۇيدۇرماي تەبىئىي
سىڭدۈرۈۋېتىشى ۋە ئاڭلىغۇچىنىڭ ئۇنى خۇشاللىق بىلەن
قوبۇل قىلىشى ئاجايىپ بىر سەنئەت ماھارىتىنىڭ جۇلالى-
نىشىدۇر. ناتىقلار ئادەتتىكى مەزمۇنلارنىمۇ كىشىلەرنىڭ
قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان، ھاياجانلاندۇرىدىغان قىلىپ
ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. نۇتۇقنى ۋايىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن
مول بىلىمگە ئىگە بولۇشى بىلەن بىرگە، ناتىقلار ياخشى
پەزىلەت يېتىلدۈرۈشى، پىكرى ئوچۇق، تەلەپپۇزى ئېنىق
بولۇشى زۆرۈر. خەلقىمىز ئەزەلدىن نۇتۇقنىڭ مېغىزلىق،
تېتىملىق بولۇشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن، بۇ
ھەقتە نۇرغۇن مىساللار بار. مەسىلەن، «ياخشى گەپ
تاشنى ئېرىتەر»، «يامان سۆز بىلەن يىلان ئىنىدىن چى-
قار، ياخشى سۆز بىلەن قىلىچ قىنىغا كىرەر» «تىل-كى-
چىك بولسىمۇ، دۇنيانى بۇزۇپ، تۈزەر» دېگەنگە ئوخ-
شاش ئاتىلار سۆزلىرىنىڭ ھەممىسى سۆز ئىشلىتىشتە يې-
نىكلىك قىلماسلىق، نۇتۇققا ئەھمىيەت بېرىشنىڭ مۇھىم-
لىقىنى تەكىتلىگەن. خەلقىمىز ئارىسىدا مۇراسىم - يىغى-
لىشلاردا نۇتۇققا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىپ، ناتىقلار
ئالاھىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان. تارىختا ئۆتكەن
بىلگە - دانىشمەنلىرىمىزدىن م. قەشقەرى، يۈسۈپ خاس
ھاجىپ، نەۋايى ئۆز زامانىسىنىڭ يېتۈك ناتىقلىرىدۇر.
نۇتۇقنىڭ سىلىق، ئىخچام، قايىل قىلارلىق بولۇشى كى-
شىلەر ئارىسىدىكى چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مۇنا-
سىۋەتنى ياخشىلاشتا، شۇنداقلا كىشىلەر ئارىسىدا ئۆز
ئوبرازىنى تىكلەشتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. سۆز-
مەن كىشىلەر ئادەتتىكى ئىشنى كىشىلەرگە ئەڭ يېقىملىق
تۈستە ئىپادىلەپ تىرىپ، ئۆز پىكرىنى كىشىلەر قەلبىگە
سىڭدۈرۈشكە مۇيەسسەر بولالايدۇ. شۇڭا نۇتۇقنىڭ مۇ-
ھىملىقى توغرىسىدا خەلقىمىز ئارىسىدا مۇنداق بىر چۆ-
چەك بار: «بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ بىر كۈنى
چىشلىرى تۆكۈلۈپ كېتىپ چۈشەپتۇ. ئەتىسى ۋەزىرلىرى-
دىن چۈشىنىڭ تەبىرىنى سورىغانىكەن، سول قول ۋەزىرى
‹سىلىنىڭ ھەممە ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئۆزلىرىدىن ئىل-
گىرى ئۆلۈپ كېتىدىكەن› دەپ تەبىر بېرىپتۇ. ئوڭ قول

www.uyghurkitap.com



ۋەزىرى «سىلى بارلىق ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن ئۇزاق ئۆمۈر كۆرىدىكەنلا» دەپ تەبىر بېرىپتۇ. پادىشاھ سول قول ۋەزىرنى يۈز دەررە ئۇرۇشقا، ئوڭ قول ۋەزىرنى كىمخاپ تون بىلەن تارتۇقلاشقا بۇيرۇپتۇ.»

يۇقىرىقى چۆچەكتىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئىككى ۋەزىرنىڭ بەرگەن تەبىرىدىكى مەزمۇن ئەمەلىيەتتە بىر مەزمۇن، يەنى پادىشاھنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتىدىغانلىقى تۈپ مەزمۇن قىلىنغان. ئەمما، مۇشۇ مەزمۇننى ئىپادىلەشتە ئىككى خىل ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئىككى خىل ئاقىۋەتكە، يەنى ئالدىنقىسىنى جازالاشقا، كېيىنكىسىنى بولسا تارتۇقلاشقا سەۋەب بولغان. بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز بىزگە ئاددىي قىلىپ ئەسكەرتىپ كېلىۋاتقان «ھەر نەرسىنىڭ نەرقى بار، گەپنىڭ گەپتىن پەرقى بار» دېگەن ھېكمەت دەل مۇشۇ.



نۇتۇقنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشى بۈگۈنكى كۈندىمۇ ناھايىتى مۇھىم. مەسىلەن: ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگەن ئىككى ستۇدېنتتىن نۇتۇق قابىلىيىتى ياخشىراقىنىڭ ئۆزىدىكى قابىلىيەتنى قارشى تەرەپكە بىلدۈرۈپ، قارشى تەرەپنى ئۆزىگە قارىتىپ ۋە قايىل قىلالىغىنىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى نۇتۇق قابىلىيىتى ناچار بولغىنىغا قارىغاندا نىسبەتەن ئاسانراق توختىشى، ئوڭۇشلۇقراق بولۇشى مۇمكىن. نۇتۇق قابىلىيىتى ياخشى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئارىسىدىكى يۈز ـ ئابرۇيى نۇتۇق قابىلىيىتى ناچارلىرىغا قارىغاندا يۇقىرى بولۇشى مۇمكىن. نۇتۇق سىياسىئونلار ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا تېخىمۇ مۇھىم. سىياسىئونلار ئۈچۈن (بولۇپمۇ چەت ئەللەردە) نۇتۇق قابىلىيىتى جان دېمەكتۇر. بەزىدە دەل جايىدا قىلىنغان نۇتۇقلار پۇل بىلەن سېتىۋالغۇسىز ئاۋاز ـ قوللاشلارغا ئېرىشتۈرەلەيدۇ.

1988 ـ يىلى ئامېرىكىدىكى زۇڭتۇڭ سايلىمىدىكى بىر قېتىملىق تېلېۋىزىيە مۇنازىرىسىدە دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ زۇڭتۇڭ نامزاتى دوكاكىس بۇشنىڭ (ئامېرىكىنىڭ سابىق زۇڭتۇڭى، ھازىرقى ئامېرىكا زۇڭتۇڭى جورجى. W. بۇشنىڭ دادىسى) سىياسىي جەھەتتە ئۆز ئالدىغا قارىشى يوق، دەپ مۇنازىرىدە ھۇجۇم قىلماقچى بولۇپ يېنىدا تۇرغان بۇشنى كۆرسەتكە سېلىپ: «بۇش ئەپەندى، نەدەسىز ؟» دەپ يۇقىرى ئاۋازدا توۋلىغان. سوتسىيالىز پارتىيىسىنىڭ زۇڭتۇڭ نامزاتى بۇش قىلچە تەمتىرىمەستىن، قارشى تەرەپنىڭ مەقسىتىنى بىلىپ، قارشى تەرەپنىڭ خوتۇنپەرەست، شاللاقلىقتەك ئەجەللىك ئاجىزلىقىنى سايلىغۇچىلارغا بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن «بۇش بۇ يەردە، رەپىقىسى باربارا بىلەن نەچچە ئون يىلدىن بېرى ئەجىل ـ ئىناق بۇ يەردە تۇرۇۋپتۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن. سايلىغۇچىلار بۇشنىڭ بۇ كەسكىن، ئەمما مەزمۇنلۇق سۆزىگە قايىل بولۇپ، نۇرغۇن سايلىغۇچىلار دۇكاكىستىن ۋاز كېچىپ بۇشقا بېلەت تاشلىغان.

مانا بۇ نەق ۋە دەل جايىغا چۈشكەن نۇتۇقنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى.

(ئاپتور: ش ئۇ ئا ر ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسىدىن)

مۇھەررىرى: مۇختار مۇھەممەد



# ھېكايەت

بۇرۇن ئابىد ئىسىملىك بىر كىشى ھەج قىلىشنى نىيەت قىلىپ سەپەر تەييارلىقىنى قىپتۇ. ئۇ زاماندا ئۇلاغلىق ۋە پىيادە ماڭىدىكەن. يول خەتەرلىك تاغ ـ دەريالاردىن، دەشت ـ چۆللەردىن ئۆتىدىغان بولغاچقا ھەج قىلغۇچىلار يالغۇز يولغا چىقمايدىكەن. قوشنا يۇرتلار بىلەن ئۇيۇشۇپ، بىر قانچە كىشى بىللە ماڭىدىكەن. ھەج تاۋاپ قىلغۇچىلار تەييارلىقلىرىنى پۈتتۈرۈپ شەنبە كۈنى ئابىدنىڭ مەھەللىسىگە يېقىن بىر جايدا كۆرۈشمەكچى بولۇپتۇ. ئۇلار ئۆيلىرىگە قايتىشىپ ئۇرۇق ـ تۇغقان، جامائەت بىلەن خوشلىشىپ سەپەر تەييارلىقىنى قىپتۇ. ئەمما ئابىدنىڭ تام قوشنىسى خوشلاشقىلى كىرمەپتۇ. بۇنىڭدىن ئەجەبلەنگەن ئابىد خوتۇنىغا:

—خوتۇن، سىلى كىرىپ قاراپ بېقىڭلار، ئۇلار نېمە ئۈچۈن مەن بىلەن خوشلاشمايدىغاندۇ؟—دەپتۇ. ئابىدنىڭ ئايالى قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ قارىسا، ئۇلار بىر قوينىڭ گۆشىنى پۈتۈن پېتى داستىخانغا قويۇپ يەپ ئولتۇرغۇدەك. ئۇلار ئابىدنىڭ خوتۇنىغا قاراپمۇ قويماي گۆشنى يەۋېرىپتۇ. ئابىدنىڭ خوتۇنى رەنجىگەن ھالدا قايتىپ چىقىپ ئەھۋالنى ئابىدقا ئېيتىپتۇ. ئابىد ئايالىغا:

—بۇ بىزنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىك كۈنلەردە بىللە بولغان ئۇزۇن يىللىق قوشنىمىز. ئۇنىڭ خوشلاشقىلى كىرمەسلىكىدە چوقۇم بىزدىن رەنجىگەن يېرى بار. ئالدى بىلەن ئۇلارنى رازى قىلىپ ئاندىن سەپەرگە چىقىشىم كېرەك،—دەپتۇ ـ دە، قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە ئۆزى كىرىپتۇ:

—سىلەر مېنىڭ ئۇزۇن يىللىق تام قوشنام تۇرۇپ، مەن ھەج قىلغىلى ماڭغىلىۋاتسام مەن بىلەن خوشلاشقىلى كىرمىدىڭلارغۇ؟ ئايالىمنى كىرگۈزسەم ئۇنى تاماققىمۇ تەكلىپ قىلماپسىلەر، بىزدىن رەنجىگەن يېرىڭلار بولسا ئېيتىڭلار،—دەپتۇ. قوشنىسى:

—رەنجىگۇدەك ھېچ ئىش ئۆتكىنى يوق، سىزنى ئۇزىتىپ چىقماسلىقىمىزدىكى سەۋەب، بىز ئۇزۇندىن بېرى سىلەرنىڭ كۆپ ياخشىلىقىڭلارنى كۆردۇق. ئەمدىلىكتە سىزنى قۇرۇق قول خوش دېيىشتىن خىجىل بولدۇق. گۆشكە تەكلىپ قىلماسلىقىمىزدىكى سەۋەب، باللىرىم ئاچ قالغىلى ئۈچ كۈن بولغانىدى. بۈگۈن ئەتىگەن ئۆستەڭدىن بىر ئۆلۈك قوينى سۆرىۋالغانىدىم. باللىرىمنىڭ يەۋاتقىنى شۇ گۆش ئىدى. بۇ گۆشنى يېيىش بىزگە دۇرۇس، چۈنكى بىز ئامالسىز. لېكىن سىلەرگە دۇرۇس ئەمەس، شۇڭا گۆشكە تەكلىپ قىلالمىدۇق،—دەپتۇ.

ئابىد بۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھەج تاۋاپ قىلىش نىيىتىدىن يېنىپ ھەجگە ئاتىغان پۇلنى مۇشۇنداق كەمبەغەللەرگە سەرپ قىلماقچى بوپتۇ. ھەمراھلىرى بىلەن ئۇچرىشىدىغان جايغا بېرىپ، قارارىنى ئۇلارغا يەتكۈزۈپتۇ. ھەجچىلەر مەككىگە بارغاندىن كېيىن قۇرۇلبېگى ئۇلارنىڭ يول خېتىنى تەكشۈرۈپ، خەتتە سەككىز كىشى ئىكەنسىلەر بىرسى قېنى، دەپ سوراپتۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان مەككىنىڭ باش ئۆلىماسى «ئىلاھىم، ئابىدنىڭ ھەججى بىرىنچى بولۇپ قوبۇل بولدى بولغاي» دەپ دۇئا قىپتۇ.

تەييارلىغۇچى : نىياز كېرىمى

مۇھەررىرى : نۇرنىسا باقى



ئارزۇ


دەرس ئۆتۈش


تېمىسىز


قىلتاق


تەننەربىيەچىنىڭ كارىۋىتى


ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش

2003 . 3

Arman
阿尔曼

# ARMAN®

## باللار مىللەتنىڭ كەلگۈسى !

ئارمان باللار قۇۋۋەت تالقىنى- شىنجاڭنىڭ داڭلىق مەھسۇلاتلىرى بولغان ياڭاق، بادام، نوقۇت، مېغىز، سۈت، قايماق ۋە شېكەر قاتارلىقلار خام ئەشيا قىلىنىپ، يۇقىرى يېڭى - تېخنىكا ئارقىلىق زامانىۋى ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرىدە ئىشلەنگەن يېڭى بىر ئەۋلاد ئوزۇقلۇق ۋە دورىلىق قىممىتى ئىنتايىن يۇقىرى يېمەكلىك. ئۇنىڭ تەركىبىدە ئادەم بەدىنىگە زۆرۈر بولغان ئۈنۈملۈك ئاقسىل، يېرىك ماي، يېرىك تالا، لىنول كىسلاتاسى، كالتسىي، زىنك ، فوسفور ، تۆمۈر ، ماگنىي ۋە ۋىتامىن B1، B2، PP، C، E قاتارلىق ماددىلار بار بولۇپ، ئورگانىزملارنى قۇۋۋەتلەيدىغان ئالىي يېمەكلىك.

ئارمان باللار قۇۋۋەت تالقىنى باللارنىڭ ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن تېز ئۆسۈپ يېتىلىشىنى نەزەردە تۇتۇپ، باللارنىڭ ئوزۇقلىنىش پرىنسىپىنى ئاساس قىلىپ ، باللارغا كېرەكلىك بولغان ئاساسىي ئوزۇقلۇق ماددىلارنى ئۇنىڭغا مۇجەسسەملىگەن بولۇپ ، ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ بەدىنىنى كۈچلەندۈرۈپ، زېھنىنى ئاشۇرىدىغان، كۆرۈش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشتە ئالاھىدە ئۈنۈملۈك رول ئوينايدىغان تەبىئىي دورىلىق ۋە ساغلاملىق يېمەكلىكىدۇر.





شىنجاڭنىڭ داڭلىق تاۋار ماركىسى
新疆著名商标
Arman®
阿尔曼
绿色食品
LB-08-0301300125A 经中国绿色食品发展中心许可使用绿色食品标志
ARMAN®
ئارمان بالىلار قۇۋۋەت تالقىنى®
ARMAN NUTRITIOUS POWDER(FOR JUNIOR)
ARMAN
تۆۋەن ياغ
يۇقىرى ئاقسىل
يۇقىرى تالا
مول مىنېرال ماددا
كۆپ خىل ۋىتامىن
حلال
ساپ ئېغىرلىقى:800گرام
新疆维吾尔自治区
产品质量监督所检验
认定产品
شىنجاڭ ئارمان كەسپىي چەكلىك شىركىتى
XINJIANG ARMAN INDUSTRIAL CO.,LTD